
2019 ئۆكتەبىر- نويابىر
ئومۇمىي 3-سان

# ئۇيغۇرلار

# The Uyghurs




ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئەلىخان تۆرە ۋە ستالىن 71


مىرزاھىت كېرىمى 54


يۈز يىللىق مارافون 1

2019 ئۆكتەبىر -نويابىر

ئومۇمىي 3-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇب.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## تارىخ ۋە بىز

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ ستالىنغا ئەۋەتكەن مەكتۇپى

تۇنجى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئاساسى ۋە يىلتىزى- خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى 96

خىتاينىڭ رايونلۇق ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش سەۋەبلىرى 46

## خىتاي تەتقىقاتى

يۈز يىللىق مارافون: خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى مەخپىي ستراتېگىيىسى

لى يىپىڭ - ئىككى خىل دورا بىرىكمىسى 64

## گۈلىستان

جازا لاگېرىدىكى ئىنژېنېر - ئالىم ئەھەد 57

مۇنبەرچىلىكنىڭ ئاتامانى- دىلشات پەرھات 90

## مىسلىسىز ئويغىنىش

كىشىلەرنى زورلاپ ئاسسىمىلاتسىيە قىلغىلى بولمايدىغان تۇرۇقلۇق، خىتاي نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا بۇ ئىشقا كىرىشىپ قالدۇ؟ 108

ئادەتنىڭ كۈچى 42

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

بېلگىيە ئۇيغۇرلىرى 51

## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئىدىئولوگىيە جەھەتتە رىقابەتلىشىۋاتامدۇ؟ 112

كايل باس ۋە سىپالدىنىڭ سۆھبىتى 75

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

گيوتې مۇسۇلمانمىدى؟

## ھېكمەتلەر

ئادەت ھەققىدە 120

## بۈيۈك سىمالار

مىرزاھىت كېرىمى
















# يۈز يىللىق مارافون

خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى هۆكۈمران بولۇشتىكى مەخپىي ئىستراتېگىيىسى

مايكل پىلزبېرى

مايكل پىلزبېرى 1945-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئامېرىكادىكى ئەڭ داڭلىق خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىلىرىدىن بىرى بولۇپ سەككىز ئامېرىكا پرېزدېنتىغا مەسلىھەتچى بولغان. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى ۋە ۋاشىڭتوندىكى نامى مەشھۇر خودسۇن ئىنىستىتۇتى خىتاي ئىستراتېگىيىسى مەركىزىنىڭ دېرىكتورى.

## 3

## پەقەت خىتايلا نىكسوننىڭ ئالدىغا بېرىشى مۇمكىن

«شەرقتىكى ۋۇ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شىمالدىكى ۋېيغا قارشى تۇرۇش.» — ”ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە“دىن، مىلادى 200-يىلى
ماۋزىدۇڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە نەقىل قىلغان ، 1969-يىلى

ئامېرىكالىقلار يىللاردىن بېرى يەكۈنلىگەن ئەڭ مۇھىم تارىخي ساۋاقلاردىن بىرى، پرېزىدېنت رىچارد نىكسون (Richard Nixon)نىڭ 1971-يىلى خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى باشلىغانلىقى بولۇپ، بۇ تولىمۇ يارقىن بىر ھادىسىدۇر. يۇكسەك ئىستىراتېگىيىلىك نەزەرگە ئىگە نىكسون ۋە ئۇنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى مەسلەھەتچىسى ھېنرى كىسسىنجېر (Henry Kissinger) بۇ خىلدىكى ئىتتىپاقداشلىق ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە قارشى تېخىمۇ چوڭ تەھدىت ھېسابلىنىدىغان دۆلەت — سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئامېرىكانىڭ مەيدانىنى كۈچەيتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. تارىخ ئامېرىكالىقلارغا دۆلەتلەرنى بىر بىرىگە قارشى قىلىپ ئوينىتالايدىغان، ئويۇندا نۇرغۇن قەدەمنى ئالدىن كۆرەلەيدىغان ئۇستا شاھماتچى نىكسوننىڭ ئوبرازىنى نامايەن قىلىپ بەردى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئامېرىكانىڭ خىتايغا قويىنىنى ئېچىشىنىڭ بىر شانلىق تەرىپى بولغان. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى (Cold War) ئەۋجىگە چىققان چاغدا ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى بۇ خىل ئىتتىپاقداشلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا ئۇيغۇن سەۋەبلەر مەۋجۇت ئىدى. بىراق، نۇرغۇن كىشىلەر ئامېرىكانىڭ

خىتايغا قويۇن ئېچىشىنىڭ ئەسلىدە نىكسون بىلەن كىسسىنجېر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلمىغانلىقىنى — بۇنداق بولمىغانلىقىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ — ئۇنتۇپ كەتكەن. ئۇلار ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ دەسلەپكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا كۈچىگەن. ئۇلار خىتاي بىلەن ھەپىلىشىش سەۋەبلىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشنى خالىمىغان. ھەقىقەتتە، ھەر خىل نۇقتىدىن قارىغاندا، خىتايغا بارغىنى نىكسون بولماستىن، نىكسوننىڭ ئالدىغىنى بارغىنى خىتاي ئىدى.

ھەر بىر ئامېرىكا پرېزدېنتىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىسى توختاۋسىز تاكتىكا ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ۋاشىڭتوندىكى تالاش- تارتىشلاردا ئاساسلىق رول ئوينىغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىچكى پەرقلەرنى ئىنچىكە باھالاش بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا مەيدانغا چىققان مۇكەممەل مەھسۇلاتتەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرغاندىكى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىشىدە ، خىتاي رەھبەرلىرى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە پەۋقۇلاددە مۇھىم دەپ قارالغان بىر نەرسىدىن، يەنى دۈشمەن سېپىگە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان جاسۇستىن پايدىلانغان.

**1985**-يىلى ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى (**CIA**) نىڭ قىرىق يىللىق خىزمەتچىسى لارري ۋۇتيەن چىن (**Larry Wu-Tai Chin**)– نەچچە ئون يىللاپ خىتاي ئۈچۈن جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللانغان دەپ ئەيىبلەنگەن. چىن ئامېرىكانىڭ خىتايغا مۇناسىۋەتلىك سانسىزلىغان مەخپىي ھۆججەتلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن دەپ ئەيىبلەنگەن بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك **1986**-يىلى چىنغا جىنايەت بېكىتىلدى. چىن سوتچىغا قىلغان ئىقرارىدا ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى يارىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چىننىڭ ئۆزى يېتىۋاتقان تۈرمە كامېرىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكى بايقالغان. چىن سوتچىغا بەرگەن ئىقرارىدا ئۆزىنىڭ بىزنىڭ پىلانلىرىمىزنى ۋە ئاجىزلىقلىرىمىزنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى، شۇڭلاشقا خىتاينىڭ (ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە) ئۆزى ئارزۇ قىلغانغا تولىمۇ ئوڭۇشلۇق ھالدا ئېرىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندەك قىلاتتى.(**1**)

ئامېرىكا بولسا — خىتاينىڭ ئەكسىچە — خىتاينىڭ ستراتېگىيىلىك غەرەزلىرىدىن چوڭقۇر خەۋەر تېپىپ تۇرۇش ئۈچۈن (خىتاي تارماقلىرىغا) كۆز-قۇلاق ئورۇنلاشتۇرمىغان ئىدى. بىزدە خىتاينىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئائىت ھۆججەتلەر بىلەن ئۈچرىشىش كامچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بابتا خىتاينى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن ئامېرىكا ئارخىپلىرىنى شۇنداقلا شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئاشكارا ئۇچۇرلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكا بىلەن رېگان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېڭىدىن مۇناسىۋەت قۇرغان دەۋرىدىكى مەقسىدىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

ئامېرىكانىڭ (ھۆكۈمەتكە ئائىت ھۆججەت- ماتېرىياللارنى ئاشكارلىشىنىڭ) ئەكسىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچبىر زامان خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ — تاكى نىكسون دەۋرىدىن تارتىپ ئوباماغىچە — ئامېرىكىدىن ئىقتىسادىي، ھەربىي، دېپلوماتىك ۋە سىياسى ياردەملەرنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىچكى ماتېرىياللىرىنى ئاشكارىلىغان ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلار بۇنى مەڭگۈ ئاشكارىلىماسلىقى مۇمكىن. ھالبۇكى، بېيجىڭنىڭ ئىزچىل ئەگىشىپ كەلگەن ئىستراتېگىيىلىك يولى بارلىقى خىتاي ئالىملىرىنىڭ كۆرۈشمىلەردە ۋە ماقالىلاردا ئېتىراپ قىلغان ئومۇمى بايانلىرىدىن ئاشكارە بولدى. (ئىككىنچى بابتا بايان قىلىنغان) خىتاي ئىستراتېگىيىسىدىكى توققۇز ئامىل خىتاينىڭ ئۆتمۈشتە قىلغان ۋە كەلگۈسىدە قىلماقچى بولغان قىلمىشلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئالداش ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىش، ئۆزىگە پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىش، چىشنى-چىشلەپ سەبرچان بولۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورشاۋىدا قېلىشتىن ساقلىنىش قاتارلىقلار (ئەمەلىيەتتە) ئاشكارا ئىشلار ئىدى. بولۇپمۇ، خىتاي ئىستراتېگىيىسىدىكى توققۇز ئاساسىي ئېلمېنت

خىتاينىڭ نەچچە ئون يىللاپ ئامېرىكانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىدە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى.

ھەممە شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا خىتاينىڭ (كوممۇنىزىم لاگېرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىنى ئېلىشتەك) رەزىل قارا نىيىتى سوۋېتقا ئاشكارىلىنىپ قالغان، خىتاي سوۋېت بىلەن ھەربىي توقۇنۇش گىرۋەكلىرىگە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. (دەل مۇشۇ چاغدا) خىتاي يېڭى «خەير-ساخاۋەتچى» دىن بىرنى تېپىۋالدى. ئامېرىكا بىلەن قانداق دوستلىشىش — تېخىمۇ كونكېرت قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا بىلەن قانداق قىلىپ ۋاقىتلىق ئىتتىپاقداش بولۇش — ئويىدىكى ماۋزېدۇڭ بۇنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن دېپلوماتلىرىنى ئىشقا سېلىشتىن بەكراق، ھەربىي ئەمەلدارلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى.

كۆپ قىسىم ئامېرىكالىقلار خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ تەسىرىنى بوش چاغلىغانلىقتىن، خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشىنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ خىتاي قاتتىق قوللىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، ھەيرانۇ-ھەس قېلىشىدۇ. **1969**-يىلى باھاردا ماۋزېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەچچە ئون يىللىق تەھدىدلىرىگە بېشىنى ئېچىگە تىقىپ تۇرۇۋېلىش يۇزلىنىشىگە خاتىمە بېرىپ، سوۋېتقا كۆز ئالايتالايدىغان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان قاتتىق قول مارشاللىرىدىن چېن يى، نيې روڭجېن، شۇ شياڭچيەن ۋە يې جيەنيىڭ قاتارلىق تۆت خىتاينى ئالدىغا چاقىرتتى. بۇ تۆتى ئامېرىكانىڭ سوۋېت بىلەن خىتايغا تۇتقان ئىستراتېگىيىسىنى ئەجدادلىرىدىن قالغان «تاغ چوققىسىدا ئولتۇرۇپ ئىككى يولۋاسنىڭ ئېلىشىشىنى تاماشا قىلىش» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلىدى.(3) مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئامېرىكانى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتايدىن ئىبارەت ئىككى كوممۇنىست دۆلەتتىن بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ھالاك قىلىشىنى كۈتۈۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇلار ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن قالغان تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن پىكىر قىلاتتى.

**1969**- يىلى ماي ئېيىدا، ماۋزېدۇڭ بۇ تۆتىدىن تېخىمۇ كۆپلىگەن تەۋسىيەلەرنى تەلەپ قىلدى. كىسسىنجېرنىڭ بايانىغا ئاساسەن، تۆت مارشالنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى ئۇلارنىڭ «ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىدىن چىقىش قىلغاندا، ئەگەر سوۋېت خىتايغا چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلسا، خىتاي ئامېرىكا كارتىسىنى ئوينىشى كېرەكمۇ يوق؟» دېگەن مەسىلە توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلغان ئىكەن.**(4)** (سۆھبەتتە) مارشال چېن يى ستالىننىڭ **1939**-يىلى گېتلېر بىلەن ئۆز-ئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىق كېلىشىمى ئىمزالىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

يې جيەنيىڭ بولسا، ساۋ-ساۋنى ئەقىل بىلەن يەڭگەن جۇگېلياڭ ئوتتۇرىغا قويغان «قىزىل قىيا ئۇرۇشى ئىستراتېگىيىسى» نى شېپى كەلتۈرۈپ شۇنداق دېگەن:«بىز جۇگېلياڭنىڭ ئۆز-ئارا دۇشمەنلەشكەن ۋېي، شۇ ۋە ۋۇدىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىق ئۈچۈن قوللانغان ‹شىمالدىكى ۋېيغا قارشى تۇرۇش تۇرۇش ئۈچۈن، شەرقتىكى ۋۇ بىلەن ئىتتىپاقلىشىش›ئىستراتېگىيىسىدىن پايدىلىنالايمىز.»**(5)**

مارشاللارنىڭ نەزىرىدە، ئامېرىكا سوۋېتنىڭ خىتاينى مەغلۇپ قىلىشىدىن قورقاتتى (خىتاي مارشاللىرى مۇنداق قارىغان):«ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى سوۋېت-خىتاي ئۇرۇشىدا سوۋېتنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. چۈنكى، بۇ سوۋېتنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە تەبئىي بايلىقلار جەھەتتە ئامېرىكا ئىمپېرىيىسىدىنمۇ كۈچلۈك ئىمپېرىيە بولۇپ چىقىشىغا يول ئاچىدۇ.»**(6)**

چېن يى يېڭى پرېزىدېنت رىچارد نىكسوننىڭ **(Richard Nixon)** «خىتاينى ئىندەككە كەلتۈرۈش» كە خۇشتاردەك كۆرۈنۈۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇ ئامېرىكا-خىتاي مىنىستىر دەرىجىلىكلەر دىئالوگىنى، ھەتتا تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر دىئالوگىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزى «ئەسەبىي ئىدىيە» دەپ ئات قويغان تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان **(7)**. كىسسىنجېرغا نىسبەتەن، چېن يىنىڭ تەشەببۇسى ھەممىدىن بەك دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ تەشەببۇس

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەيۋەننى «ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش» تىن ئىبارەت ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئالدىنقى شەرتىدىن ۋاز كېچىشى ئىدى. چېن يى مۇنداق دېگەن:

«بىرىنچىدىن، ۋارشاۋادىكى (باش ئەلچىلەر سۆھبىتى) ئۈچرىششى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، خىتاي-ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن، بىز تەشەببۇسكار ھالدا خىتاي-ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا مىنىستىر دەرىجىلىك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈشىنى ئوتتۇرىغا قويساق بولىدۇ...

ئىككىنچىدىن، خىتاي-ئامېرىكا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۈچرىششىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى. بىز سۆھبەتتە ھېچبىر ئالدىنقى شەرتنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقىمىز كېرەك... تەيۋەن مەسىلىسى بارا-بارا سۆھبەت ۋە تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ۋاستىلەر ئارقىلىق ھەل بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بىز ئامېرىكالىقلار بىلەن ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشسەك بولىدۇ.»(9)

***

خىتاي ئامېرىكانى يەنىلا دۈشمەن دەپ ئاتاپ، نىكسوننىڭ ئېھتىمالەن زىيارىتىنى خىتاي ئۈچۈن « زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، دۈشمەنلەرنى پارچىلاپ ، ئۆزىمىزنى كۈچەيتىدىغان » بىر سەۋەپ دەپ تەرىپلىگەن. (10) مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئامېرىكا خىتاي ئۈچۈن پەقەتلا بىر پايدىلىنىش قورالى، ھەرگىزمۇ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىتتىپاقداش ئەمەس. بۇ پرىنسىپقا بىنائەن، بېيجىڭ نىكسون بىلەن كىسسىنجېرغا مەخپىي تېلگرامما يوللاپ، پرېزدېنت نىكسوننىڭ ئاللىقاچان — كوممۇنىست دۆلەتلىرىنىڭ پايتەختلىرى بولغان — بېلگراد ۋە بۇخارېستنى زىيارەت قىلغانلىقىنى، (ئىش بۇنداق بولغان ئىكەن) بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشىمۇ قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.(11) بۇ تېلگراممىدىن ئىشەنچ باغلاشتىن ياكى كەلگۈسى ھەمكارلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

خىتاي ئۆزىنىڭ ئامېرىكاغا قولىنى سۇنۇش سەۋەبىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىچكى ھۆججەتلىرىنى ئاشكارىلاپ باققان ئەمەس. بىراق، خىتاي گېنىراللىرىدىن بىر نەچچىسىنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، ماۋزېدوڭنىڭ نىكسون ھۆكۈمىتىگە پىلانلىق ھالدا يېقىنلىششى پايدىلىق ۋەزىيەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىرىدىن بىرى ئىكەن. يەنە بىرەيلەننىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، 1969-يىلى 28- ئاۋغۇستتا خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدا يۈز بەرگەن چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ماۋنىڭ توساتتىنلا (ئامېرىكا بىلەن يېقىنلىششقا) ھەسسىلەپ كۈچىشىگە تۈرتكە بولغان ئىكەن. (بۇ چاغدا) خىتاي چېگرا رايونلاردىكى ھەربىي قىسىملىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگەن ئىكەن. كىسسىنجېرنىڭ خۇلاسىسىچە، شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن قايتىدىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش (خىتاي ئۈچۈن) «ئىستراتېگىيىلىك زۆرۈرىيەت» بولغان. نيۇيوركتىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن خىتاي ھۆجۈمىنىڭ سوۋېتچە نۇسخىسىنى ئاڭلىدىم ۋە تېزدىن پېتىر بىلەن مەخپىي خادىم سىمىسقا بۇ ئەھۋالنى ئامېرىكا بىخەتەرلىك كومىتېتىغا خەۋەر قىلىپ، خىتايغا ياردەم قولىنى سونۇشنىڭ خەتەرلىرى ھەققىدە مۇھاكىمىگە قويۇشى ئۈچۈن يەتكۈزدۈم.

1969-يىلى ماۋ غەربتىن يېڭى ئىتتىپاقداش ئىزدەش ئۈچۈن خىتاينى سوۋېت ئوربىتىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشتەك توغرا مۆلچەر بويىچە ئىش كۆرۈشكە قادىر بولالىدى. ماۋ بۇ خىل ئۆزگىرىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئىككى خىل ھەرىكەت قوللاندى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، نىكسوننى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىش بولدى. ئىككىنچىسى بولسا، بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتە ئۆتمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەستىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگراسىغا يېقىن جايدا ئىككى چوڭ ھىدرود بومبىسىنى سىناق قىلىش بولدى. بۇ ئىش بىر جەھەتتىن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىش بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوربىتىسىدىن چىقىپ كېتىش يولى ئىزدەۋاتقانلىقى

ئامېرىكاغا بەرگەن سىگنالى ئىدى.

ئامېرىكانىڭ بۇ سىگنالنى ئەسلا ئاڭقىرالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ماۋ 1970-يىلى 1- ئۆكتەبىر كۈنى بىر- بىرىگە سادىق ئەمما غەربكە قارشى كوممۇنىست دۆلەتلىرىگە تولىمۇ يوچۇن بولغان بىر ئىشنى قىلدى. ئۇ ئامېرىكالىق مەشھۇر ژۇرنالىست ۋە يازغۇچى ئېدگار سنوۋنى (Edgar Snow) (دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن) تيەنئەنمېن راۋىقىدا ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنداقلا، پۇتكۈل خىتاي خەلقىنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن خاتىرە رەسىمگە چۈشتى. ماۋ بۇ ئارقىلىق مېھمىنى ئېدگار سنوۋغا پرېزدېنت نېكسوننىڭ خىتاينى زىيارەت قىلىشى قارشى ئېلىنىدۇ، دېگەن شەپىنى بەرگەن بولدى. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل ماقامدا «كۈيلەش» ئارقىلىق (ئامېرىكا تەرەپنى) تەكلىپ قىلىشىنىڭ ئەڭ يېڭى ۋە ھەيران قالارلىق ئىدى. كىسسىنجېر ئامېرىكانىڭ تېخىچە خىتاينىڭ شەپىلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكى، ئەڭ بولمىغاندىمۇ خىتاينىڭ بۇنداق سەممىيەتلىرىدىن مىننەتدار بولۇشى كېرەكلىكى پىكرىدە ئىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەشتە ۋە خىتايغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىستراتېگىيىسىدە بەكلا چوڭقۇرلاپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىش تارىخى ئەپسانىۋى ھالدا باشلاندى. نېكسون خىتايغا ئاۋۋال قول تەڭلىمەستىن، ئەكسىچە خىتاي ماۋ ئارقىلىق نېكسونغا ئاۋۋال قول تەڭلىدى. ھالبۇكى، ئامېرىكالىقلارنىڭ تېخىچە بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكىنى يوق. شۇنداقلا، ۋاشىڭتون ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۆزلىرىنى دۈشمەن دەپ ئاتايدىغانلىقىدىن ۋە ھېتلىرغا ئوخشىتىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئەمەس.

نېكسون بىلەن كىسسىنجېر خىتاي ئىستراتېگىيىسىدە ناھايىتى كۆپ ئويلىنىش بىلەن ئىلگىرىلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ درامىدا مەن يوق دېيەرلىك رول ئوينىدىم دېسەم بولىدۇ. 1969-يىلى كۈزدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئاخبارات تارمىقىدىكى مېنىڭ سۆھبەتدېشىم پېتىر ۋە سىمىس مەندىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئاخبارات خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىمدا توپلىغان ئۇچۇرلىرىمدىن كىسسىنجېرنىڭ خادىملىرى توغرىسىدا قىسقىچە ئۇچۇر بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن كىسسىنجېرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىرى بىلەن ئۇچراشقان چېغىمدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خىتاي (ئىستراتېگىيىسى) توغرىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ بارلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم. دۆلەتلىك بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ خادىملىرىدىن جون خولدرىج (John Holdridge) بىلەن ھېلمۇت سونېنفىلت (Helmut Sonnenfeldt) ئىككىسى يازغان ئەسلىمىسىدە ئۇلارنىڭ (خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش) لاھىيىسىگە مەيلى باردەك، سوۋېتنىڭ قاتتىق ئىنكاسىدىن ھەرگىز قورقۇپ قالمايدىغاندەك (قۇرلار) ئەكس ئەتكەن ئىدى. (12) بىراق، روگېر مورىس (Roger Morris) بىلەن بىل خايلەند (Bill Hyland) ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئىدى. (13) بۇ ئىككەيلەن ئامېرىكا-خىتاي ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ زۆرۈرىيەتسىز ھالدا موسكۋانىڭ ئوغىسىنى قايناتتىشىدىن، نېكسون ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش سىياسىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئامېرىكانىڭ تۆت يۇقىرى دەرىجىلىك باش ئەلچىسى نېكسون بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئامېرىكانىڭ خىتايغا قويۇن ئېچىشى سەۋەبلىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە قورال-ياراغ كونترول قىلىش قاتارلىقلارغا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن جاۋاب بېرىشىدىن نېكسوننى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. (نېكسون ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى) بۇنداق زىددىيەتلىك خاتىرىلەر بىزگە نېكسون بىلەن كىسسىنجېرنىڭ خىتايغا قويۇن ئېچىشنى نېمە ئۈچۈن ئىككى يىل كېچىكتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇلار خىتاي تەرىپىدىن كۈشكۈرتىلىشى كېرەك ئىدى. مېنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا سوۋېت تەرەپتىن ئالغان مەلۇماتىمغا ئاساسلانغاندا، موسكۋا (ئامېرىكا بىلەن بولغان يىرىكچىلىككە نىسبەتەن) يۇمشاش

(يولىنى) يوققا چىقارماقچى ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا، موسكۋا ئامېرىكانىڭ خىتاي ئوتتۇرىغا قويغان ئىتتىپاق تۈزۈش جەھەتتىكى ئالدامچى تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىشىنى راستتىنلا ئۈمىد قىلاتتى. شېۋچېنكو (Shevchenko) ۋە كۇتوۋوي (Kutovoy) ماڭا دەل مۇشۇنداق دېگەن ئىدى.

مېنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىم بۇ قاتمال ۋەزىيەتنى ئوڭشاشتا ئەمەلىي رول ئوينىغاندەك تۇرىدۇ. (ئۆز ۋاقتىدا) مەن ئۆزۈم ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنى (دۆلەتكە) — خىتاي-سوۋېت دۈشمەنلىكىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، سوۋېت بىزنىڭ خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشىمىزنى كۈتىدىغانلىقىنى — دوكلات قىلدىم. مەن دوكلاتىمدا، ئاركادىي شېۋچېنكو (Arkady Shevchekov) غا ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتلارنىڭ نىكسون خىتاي بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەت ئورناتتى، دەپ قارايدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدىم، بۇلارنى باشقىلارمۇ تەستىقلىغان ئىدى. سوۋېت تەرەپنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى، نىكسوننىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بەكلا چوڭقۇرلاپ كېتىپ، ئۇستەل ئۈستىدىكى يېقىنلىقتىنمۇ ئېشىپ، خىتاي بىلەن ھەربىي بىرلىك ئورنىتىشى ئىدى. مەن خىتاي - ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ كۈچلۈك تەشەببۇسچىسى ئىدىم، بۇ ئىتىپاقداشلىقنىڭ ئورنىتىلىشىدا (ئۇلارنى) قايىل قىلالىشىمنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم. كېيىن، ھەتتا كىسسىنجېر ماڭا رەھمەت خېتى ئەۋەتكەن ئىدى.

بىراق، كىسسىنجېرنى قايىل قىلىپ، ئاخىرىدا پرېزدېنت نىكسوننىڭ بېيجىڭغا قاراپ ئۇچۇشىغا تۈرتكە بولغان باشقا قوشۇمچە ئامىللارمۇ بار ئىدى. كىسسىنجېر تېخىچە خىتاينىڭ نىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقاندا، سېناتور تېد كېنىدىي (Ted Kennedy) خىتاينى زىيارەت قىلىشنى كۆزلەۋاتقان ئىدى. 1971-يىلى ئىيۇلدا كىسسىنجېر بېيجىڭغا مەخپىي سەپەر قىلغاندا، خىتاي تەرەپ ھەتتا مۇشۇ خىل مۇمكىنچىلىكنى تىلغا ئالغان ئىدى. بۇ ھال ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى (رەقىبىنىڭ قول ئاستىدىكى) قاتتىق قوللار بىلەن مۆتىدىللەرنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش ئۇقۇمى بىلەن بىردەك ئىدى. نىكسون ھەتتا شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، خىتاينىڭ نىكسوندىن بۇرۇن ھېچبىر ئامېرىكالىق سىياسەتچىنى خىتايغا تەكلىپ قىلماسلىقىنى خىتايدىن تەلەپ قىلىشى توغرىسىدا كىسسىنجېرغا يوليورۇق بەرگەن ئىدى. نىكسون كېنىدىينىڭ ئۆز ھەيۋىسىگە قىلىپ، بېيجىڭغا سەپەر قىلغان تۇنجى سىياسىئون بولۇشىنى كۆزلەۋاتقانلىقىغا يېتەرلىك سەۋەبلەر ئاساسىدا ئىشەنگەن ئىدى.(14) ئامېرىكا نۇتۇقلىرىدا كوممۇنىست خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى يېڭىلاش ھەققىدىكى مۇمكىنچىلىكلەرنى كۆتۈرۈپ چىققان كېنىدىي 1972-يىلىدىكى پرېزدېنت سايلىمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغۇسى تاشقى سىياسەت قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. (15)

يەنە بىر ئامىل بولسا، خىتاينىڭ ۋېيتنام ئۇرۇشىغا قاتنىشىشى ئىدى. خىتاي 1950-يىللاردا شىمالىي ۋېيتنامنى قورال-ياراغ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەۋاتاتتى. سوۋېتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئامېرىكانىڭ پېشىگە ئېسىلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان چاغلاردا بولسا شىمالىي ۋېيتنامغا ھەربىي ياردەمنى كېمەيتتى، ھەتتا سوۋېتنىڭ خىتايدىن ئۆتىدىغان ترانسپورت لىنىيىسىنىمۇ ئۈزۈل-كېسىل تاقىدى. بۇ، نىكسون ھۆكۈمىتىنى خىتاي تەرەپتارلىرى لاگېرى تەرەپتە تۇرۇشقا تېخىمۇ قايىل قىلغان ئامىل بولۇپ قالدى. نىكسون خىتاينى زىيارەت قىلغاندا ماۋ نىكسونغا خىتايدىن ئامېرىكاغا كېلىدىغان ھەر قانداق تەھدىتنى يوق قىلىشقا خۇشتار بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان مۇنۇ سۆزى ئارقىلىق (زىيارەتكە بارغان ) ئامېرىكالىقلار خىتاي لاگېرىدىن خاتىرجەم بولغان ئىدى:

«نۆۋەتتە (خىتاينىڭ) ئامېرىكانىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى، ياكى (ئامېرىكانىڭ) خىتاينىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى تولىمۇ تۆۋەن مۇمكىنچىلىكتىكى مەسىلە. يەنى، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئاساسىي مەسىلە ئەمەس. چۈنكى، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئۇرۇش ھالىتى مەۋجۇت ئەمەس. سىز بىر قىسىم ئارمىيىڭىزنى ئۆز تۇپرىقىڭىزغا ئېلىپ كەتسىڭىز، بىز (ئەسكەر تارتىپ) چەتئەللەرگە بېرىپ يۈرمەيمىز.»(16)

كىسسىنجېر بۇ جۈملىنىڭ خىتاي ئارمىيىسىنىڭ چەتئەل زېمىنىغا ئاياق باسمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ

ۋېيتنامغا قول تىقىشقا بولغان ئەندىشىسىنى پەسەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. خىتاي 1950-يىلى شىمالىي كورىيە مەسىلىسىدە شۇنداق قىلغان ئىدى.(17) ماۋ بۇ خىل ئەندىشىنىڭ ئامېرىكا تەرەپنىڭ پىكىر يۈنىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئامېرىكانىڭ كۆرەڭلىكىنى ئاشۇرۇشقا ئېھتىياجى بارلىقىنى توغرا شەكىلدە تونۇپ يەتكەن ئىدى.

***

1971-يىلى ئىيۇلدا، كىسسىنجېرنىڭ تارىخىي خىتاي زىيارىتى روياپقا چىقتى. بۇ ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇزۇن يىللىق پىلانلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق كونكېرت نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خىتايلار ئامېرىكالىقلارغا قول تەڭلەشكە سەۋەب بولغان سوۋېت تەھدىتىنى ئامېرىكالىقلاردىن مەخپىي تۇتقان ئىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جۇئېنلەي سوۋېتنى (ئامېرىكالىقلارنىڭ ئالدىدا) «شىمالدىكى قوشنىمىز»، «يەنە بىر مىسلىسىز كۈچ» دەپ ئاتاشقا مايىللىق كۆرسەتتى. خىتاي تەرەپ سوۋېت تەھدىدىنى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمىگىمۇ قويمىدى. (18) خىتايلار ئۆزلىرىگە بىرەر ھۇجۇمنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن شۇنچە قورققان بولغىيمىتى؟

كىسسىنجېرنىڭ شۇ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا خىتايغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىدە، جۇئېنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئالتە ئاچقۇچلۇق مەسىلىنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۈنتەرتىپكە تىزغان بولۇپ، ئەلۋەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەڭ ئاخىرقى رەتكە تىزغان ئىدى. خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا-سوۋېت مۇناسىۋىتىگە قارشى ئەمەسلىكىنى جاكارلىغىنىدىن كېيىن، كىسسىنجېر بۇنى خىتاينىڭ قەغەز يولۋاسلىق قىلىپ، سوۋېت قورقۇنچىسىنى بۇ ئارقىلىق ياپىماقچى بولۇشى، دەپ خۇلاسىلىدى.(19) كىسسىنجېر جۇئېنلەينى موسكۋانىڭ «ئۆزىنى ياۋروپادا ئەركىن قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقى، بۇ سەۋەبتىن باشقا رايونلارغا كۆز تىكەلەيدىغانلىقى» توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى. (20) «باشقا رايونلار» دېگىنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىدى.

بىراق، خىتايلاردا ئامېرىكانى ئىتتىپاقداش دەپ ئەمەس، پۈتلىكاشاڭ دەپ بىلىدىغانلار بار ئىدى.

جۇئېنلەي ئامېرىكادىن ئىبارەت كەلگۈسىدىكى بۇ يېڭى دوستى توغرىسىدا خىتايلارنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئاز-تولا توختالدى. جۇئېنلەي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى كىسسىنجېرغا تەرجىمان بولغان جى چاۋجۇغا (冀朝铸) «ئامېرىكا زوراۋان كۈچتۇر» (America is the 霸) دېدى. بۇ ماۋزېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى دېڭ شياۋپىڭ دائىم تەكرارلايدىغان ئاتالغۇ ئىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى خىتايچىنى بىلىدىغان ئەمەلدارلار — بۇلار ئاز سانلىق ئەمما، سانى ئېشىۋاتقان توپ ھېسابلىنىدۇ — نۇرغۇنلىغان خىتايچە ۋە ئېنگلىزچە ئاتالغۇلارنى ئۆز-ئارا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل تەرجىمە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئاتالغۇلارغا ماس ھالدىكى مەنانى تاللاش كۆپۈنچە ھالدا تەرجىماننىڭ تاللىشىغا باغلىق ئىشتۇر. كىسسىنجېرنىڭ تەرجىمانى جۇئېنلەينىڭ سۆزىنى «ئامېرىكا لېدىردۇر» (America is the leader) دەپ تەرجىمە قىلدى. بۇ قارىماققا بىر ئىجابىيسۆزدەك، بولۇپمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئەسناسىدا دېيىلگەندە بىر ماختاش سۆزىدەك كۆرىنىدۇ. بىراق، بۇ تەرجىمە ( 霸 ) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، ئەڭ كامىدا بۇ تەرجىمە جۇئېنلەي ئېيتقان گەپنىڭ ئەينەن تەرجىمىسى ئەمەس.

« 霸 » (با) دېگەن سۆز ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن باشلاپلا مۇئەييەن تارىخىي مەنىنى ئۆزىگە يۈكلەپ كەلگەن. ئۇ چاغدا «ba» ئاتالغان تەرەپ جاھاننىڭ ھەربىي تەرتىپىنى قولىدا تۇتاتتى، شۇنداقلا تاكى ئۆزى ھەربىي كۈچ ئارقىلىق يەر چىشلىمىگۈچە، رەقىبلىرىنى ھەربىي كۈچ ۋاسىتىسى ئاراقىلىق كۆزدىن يوقىتاتتى. «ba» نىڭ ئېنگلىزچىدىكى ئەڭ توغرا مەنىسى «زوراۋان ھۆكۈمدار» (tyrant) دۇر. ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاز دېگەندە بەش «زوراۋان ھۆكۈمدار» مەۋجۇت بولغان. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا چىقىپ يۈكسىلىپ، ئۆز ئورنىدىن چۈشۈپ غۇلاپ تۇراتتى. يېڭى رەقىبنىڭ ئەسلىدىكى زوراۋان ھۆكۈمدار كۈچىنى قۇۋۇلۇق-شۇملۇق مۇسابىقىسىدە يېڭىپ چىقىشى ئۈچۈن نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز يىللار كېتەتتى. ئەينى چاغدا

كىسسىنجېرغا ئامېرىكانىڭ لىدېرلىقى ئەمەس، مۇتىھەم ۋە زوراۋان كۈچ ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن بولسا، ئامېرىكانىڭ خىتاي سىياسىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولار بولغىيتتى دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى. بۈگۈنگە كەلگۈچە بىز يەنىلا ئاشۇ خاتا تەرجىمە سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەرنى ئىلغاش بىلەن ياشىمىساق بولمايدۇ.

بىر نەچچە يىل كېيىن، باش ئەلچى جى چاۋجۇ بىلەن سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەسمىي تىلدا يازغان «ماۋزېدۇڭنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئادەم» دېگەن ئەسلىمىسىدە «با» نى كىسسىنجېرغا قانداق تەرجىمە قىلىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىگەن ئىدى. بۇ ئەسەردە خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئامېرىكاغا قۇچاق ئېچىشقا قانداق نەزەردە قارىغانلىقى توغرۇلۇق ئاز ئۇچرايدىغان مەلۇماتلار بار. مەن ئۇنىڭدىن ئۇ ئېنگىلىزچىدە ئىشلەتكەن «لىدېر» كەلىمىسىنىڭ خىتايچىدىكى «ba» غا ئۇدۇل كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى سورىدىم.

— كىسسىنجېرغا «ba» نىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتىڭىزمۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— ئۇنداق قىلسام، ئۇنى بىئارام قىلىۋەتكەن بولاتتىم.

ئەگەر كىسسىنجېر جۇئېنلەينىڭ «ba» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى تونۇپ يېتەلىگەن — خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قانداق نەزەردە قارايدىغىنىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتەلىگەن — بولسا، نىكسون ھۆكۈمىتى خىتايغا ئۇنچىۋالا مەرتىلىك قىلمىغان بولاتتى. شۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن، نىكسون ھۆكۈمىتى خىتايغا كۆپ ساندا ئەسكىرىي ياردەم بىلەن ياردەم قىلدى. (21) بۇلارنىڭ ھەممىسىگە — ئۆزىگە پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىش ئېھتىياجى بويىچە خىتاي بىلەن بىر نەچچە يىللىقلا ھەمكارلىششىنىڭ ئورنىغا — خىتاي بىلەن مەڭگۈلۈك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇش ھەققىدىكى رېئاللىققا زىت پەرەزلەر ئاساس بولغان ئىدى. ئەگەر ئامېرىكالىق ئانالىزچىلار خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قارشى قاتتىق قول كۈچلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىلەلىگەن بولسا، خىتاينىڭ ئامېرىكانى زوراۋان ھاكىممۇتلەق دەپ قارىشى بەلكىم ۋاشىڭتوننى چۆچۈتىۋەتكەن بولار ئىدى. رەند شىركىتى (RAND) نىڭ 1997-يىلىدىكى تەتقىقاتىدا، 1968-يىللارغىچە بولغان دەلىل-پاكىتلار ئارقىلىق خىتاي رەھبەرلىرى ئارىسىدا ئامېرىكاغا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى بىر گۇرۇپپا بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئامېرىكانى «قاسساپلىق پىچىقىنى تاشلاپ راھىبقا ئايلىنالماسلىق» تەمسىلى بىلەن سۈپەتلەيدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى.(22)

جۇئېنلەينىڭ كىسسىنجېر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدىن ئىككى ئاي كېيىن، نىكسوننىڭ خىتاي زىيارىتى يېقىنلاپ كەلگەندە، كىسسىنجېر خىتايلارغا سۇنغان نۇرغۇن مەخپىي ياردەم تەكلىپلىرىنىڭ تۇنجىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. كىسسىنجېر بۇلارنى كىشىلەردىن يوشۇرۇن ھالدا قىلدى. چۈنكى، ئامېرىكا خەلقى ئامېرىكانىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىگە ياردەم بەرگىنىنى، كۈشكۈرتكىنىنى كۆرسە ھەيرانۇ-ھەس قالغان بولاتتى. كىسسىنجېر ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ پاكىستانغا قارشى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا خىتايغا ئىنچىكە مەلۇماتلارنى بەردى،(23) شۇنداقلا ئامېرىكا «دىققەتنى بۇرايدىغان ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، خىتاينىڭ پاكىستاننى قوللىشىنى تەستىقلىدى.»(24) كىسسىنجېر بۇنىڭ بەدىلىگە ھىندىستاننىڭ شەرقىي پاكىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بۇ رايوننى بۆلۈۋېلىش تىرىشچانلىقىدىن دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن، خىتايلاردىن ھىندىستان چېگرىسىغا ئەسكەر يۆتكەشنى تەلەپ قىلدى. خىتاي تەرەپ ئەسكەرلىرىنى يۆتكىمىدى. بىراق، بۇ ئامېرىكانىڭ ئارزۇسىنى سۇغا چىلاشتۇرمىدى.

1972-يىلى يانۋاردا، نىكسون كىسسىنجېرنىڭ ۋەكىلى ئالېكساندىر ھېيگنى (Alexander Haig) خىتايغا يەنە بىر قېتىملىق مەخپىي ياردەم تەكلىپى بېرىشكە تەيىنلىدى. ھېيگ نىكسوننىڭ تارىخىي زىيارىتىدىن بىر ئاي ئاۋۋال بىر ھەيئەتنى باشلاپ خىتايغا يۈرۈپ كەتتى. ھېيگ خىتايغا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئەمەلىي ھەمكارلىق ھاسىل قىلىشنى ۋەدە قىلدى. ھېيگ ھىندىستان بىلەن

پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت داۋامىدا، ئامېرىكانىڭ خىتاي چېگرالىرىدىكى سوۋېت تەھدىدىنى يوق چىقىرىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ۋە «خىتايغا قارشى تەھدىتلەرنى يوق قىلىدىغانلىقىنى» جۇئېنلەيگە بىلدۈردى. بۇ مەخپىي كېلىشىملەرگە كەلسەك، كىسسىنجېر ۋە ھېيگ ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى ئىككى تەكلىپ تاكتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. بىراق، بۇلار ئامېرىكانىڭ خىتايغا ساق يىگىرمە يىل ئىمبارگو يۈرگۈزىشىدىن كېيىنكى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگىرىش ياسىشىغا ۋەكىللىك قىلىدى. شۇنداقلا، بۇ كېلىشىملەر تېخىمۇ بۈيۈك پايدىلىق كېلىشىملەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى ئىدى.

***

1972-يىلى فېۋرالدا، ماۋزېدوڭ نىكسون بىلەن سۆھبەت ئۈچۈن يۈزمۇ يۈز ئولتۇرغاندا، خىتاي ئۆز رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇردى. ماۋزېدوڭ سوۋېتنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان چاغدىكى ھۈنىرىنى ئامېرىكالىقلارغىمۇ ئىشلىتىپ، خىتاينى باشقىلارغا زىيان سالمايدىغان، ياردەمگە ۋە قوغداشقا موھتاج بىچارە سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. ماۋ بىر قېتىم ئامېرىكا توغرۇلۇق شۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇلار ماڭا كۆڭۈل بۆلەمدۇ؟ بۇ مۈشۈكنىڭ ئۆلۈك چاشقانغا يىغلىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىشقۇ.»(25) ماۋزېدوڭ ھەتتا ئامېرىكالىقلار خىتاينىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ موسكۋاغا يەتتى دەپ ، ئامېرىكالىقلارنى ئۆزىنى ئاقلايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدى .

يىللار كېيىن، كىسسىنجېر خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىۋاتقاندا ئۆزى ھېس قىلغان كۆرۈنەرلىك شۈبھىلەرنى مۇنداق ئەكس ئەتتۇردى :

ئامېرىكانىڭ «زومىگەرلىككە قارشى» ۋەدىسى بىر ھىيلە بولۇپ قالسىچۇ، خىتاي مۇداپىئەنى بوشاشتۇرۇش بىلەنلا ۋاشىنگتون بىلەن موسكۋا بىيجىڭغا قارشى بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلسىچۇ؟ غەرب خىتاينى ئالداۋاتامدۇ ياكى ئۆزىنى ئۆزى ئالداۋاتامدۇ؟ ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا، ئەمىلى ئاقىۋەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۈندىلىرىنى شەرققە، خىتاي تەرەپكە ئىتتىرىش بولىدۇ.(26)

مۇشۇنداق ئېھتىمالدىكى چۈشەنچىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، نىكسون ماۋزېدوڭغا سوۋېتنىڭ خىتايغا قارشى ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق «تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى» گە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.(27) نىكسون ئەگەر خىتاي «ئۆز بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تەدبىر قوللانسا»، ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ «باشقىلارنىڭ خىتاينىڭ ئىشىغا ئارىلىشىش تېپىدىكى ھەر قانداق تىرىشچانلىقىغا قارشى تۇرىدىغانلىقى» نى بايان قىلدى.(28)

شۇ كۈنى نىكسون بېيجىڭدا باشقا ئەمەلدار بىلەنمۇ كۆرۈشتى. كىسسىنجېر ھەربىي كومېتىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مارشال يې جيەنيىڭغا ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چياۋ گۇەنخۇاغا ( 乔冠华 ) سوۋېت كۈچلىرىنىڭ سوۋېت-خىتاي چېگرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى. يېيل ئۇنۋېرسىتېتىنىڭ پروفىسورى(Paul Bracken) پائۇل برېيكىن 2012 -يىلى نەشىر قىلىنغان «ئىككىنچى قېتىملىق ئاتوم دەۋرى» ناملىق ئەسىرىدە تۈنجى بولۇپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، كىسسىنجېر كۆرۈشۈشتە خىتايغا ئاتوم نىشانى توغرىسىدا ئۇچۇر بەردى. مارشال يېنىڭغا «سىزنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتىمىزنى قوغۇقلاشتۇرۇشىمىزنى ئۈمىد قىلغانلىقىڭىزنىڭ ئىپادىسى»نى ھېس قىلدىم دەپ ئىپادا بىلدۈردى.(29) بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشتە سوۋېتنىڭ قۇرۇقلۇق كۈچلىرى، ئايروپىلانلىرى، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى ۋە ئاتوم قوراللىرى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارمۇ تىلغا ئېلىنغان ئىدى. (30) كىسسىنجېرنىڭ خىتاي ئىشلىرىدىكى ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى ۋىنستون لورد ئاق سارايىنىڭ سوۋېت بۇ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتىن خەۋەر تاپىدۇ دەپ پەرەز قىلغانلىقىنى بىلەتتى.(31) ھەقىقەتەن ئاز ئۆتمەي، موسكۋا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى.(32)

ماۋزېدوڭ ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ سوۋېت «پەسەندى» لىرى قارشىسىدا بىرلىشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. بولۇپمۇ ناتونىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ۋاشىنگتوننىڭ ئۆز ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن تېخىمۇ يېقىن ھەمكارلىششى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.(33) ماۋزېدوڭ يەنە ئامېرىكانىڭ ياۋروپا، تۈركىيە،

ئىران، پاكىستان ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا سوۋېتقا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى. (34) سوۋېت زوراۋان ھاكىمىيىتىگە قارشى بۇ قورشاش ھەرىكىتى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ كلاسسىك ئۇسۇلى ئىدى. ئامېرىكالىقلارنىڭ خاتا كەتكەن تەرىپى شۇ بولدىكى، ئامېرىكا-خىتاي ئىتتىپاقداشلىقى (ئامېرىكا ئويلىغاندەك) خىتاينىڭ مەڭگۈلۈك ئىستراتېگىيە مايىللىقى ئەمەس ئىدى. (خىتاينىڭ نەزىرىدە) بۇ ئىتتىپاقداشلىق ئىككى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلىق ھەمكارلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ماۋزېدوڭنىڭ 1972-يىلىدىكى «ھېساب كىتابى» تاكى خىتايلار شۇنىڭدىن 20 يىل كېيىن بىر ئەسلىمىنى ئاشكارىلىغانغا قەدەر ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى.(35)

بۇ كۆرۈشۈش كىسسىنجېرنى ئوبدانلا مەستخۇش قىلغان بولۇپ، ئۇ نىكسونغا «ئەنگلىيەنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خىتاي دۇنياۋىي چۈشەنچە جەھەتتە بىزگە ئەڭ يېقىن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ئىدى.(36) ئۇنىڭ سۆزىدە خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىسىدىن بىر ئاز گۇمانلىنىش مەۋجۇتتەك بىلىنىشىدۇ.

خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قارىتا گۇمانى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. ئۇلار بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئاخىرىدا ئىمزا قويۇلغان شاڭخەي ئورتاق باياناتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كىسسىنجىرنىڭ «ئاسىيادا سوۋېت كېڭەيمىچىلىكىنى توسىدىغان يوشۇرۇن ئىتتىپاقلىق ۋۇجۇتقا چىقىۋاتقانلىقىدەك» كۆز قارىشىغا قوشۇلمىدى.(37) باياناتتا مۇنداق دېيىلگەن:

مەيلى ئامېرىكانىڭ، مەيلى خىتاينىڭ ئاسىيا-تېنچ ئوكيان رايونىدا زوراۋان كۈچ بولۇۋېلىشىغا يول يوق. شۇنداقلا ئىككىلى تەرەپ باشقا ھەر قانداق دۆلەت ياكى دۆلەتلەر گورۇھىنىڭ بۇ رايوندا زوراۋان كۈچ بولۇۋېلىش تىرىشچانلىقلىرىغا قارشى تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئىككى تەرەپنىڭ ھېچقايسىسى ئۈچىنچى تەرەپكە ۋاكالىتەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە، قارشى تەرەپ بىلەن باشقا دۆلەتلەرگە قارىتىلغان توختام ياكى كېلىشىملەرنى ئىمزالىشىغا بولمايدۇ.

ئەگەر نىكسون ھۆكۈمىتى خىتاي بىلەن ئىتتىپاقداش بولماقچى بولسا، خىتاينىڭ بۇنىڭغا بەرگەن سىگنالى، ئامېرىكانىڭ تېخىمۇ كۆپرەك كەڭ قوللۇق قىلىشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، نىكسون ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق مەخپىي قوللاش تەكلىپى 1973-يىلى بېيجىڭدىكى ئۇچرىشىشتا ئوتتۇرىغا چىقتى. تەكلىپ ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ بىرلىششى ئارقىلىق موسكۋانى چەكلەيدىغان ۋە ئەڭ كامىدا سوۋېتنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىشنى ئاساس قىلغان ئېنىق بىختەرلىك ۋەدىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. كىسسىنجېر خىتايلارغا نىكسوننىڭ «خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە تاقىشىدىغان بىر ھۇجۇمغا ئۇچراش مۇمكىنچىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي بىلەن بىخەتەرلىك دەرىجىدە مۇناسىۋەت ئورنىتىش»نى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.(38) بۇ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي كورىيە ۋە غەربىي گېرمانىيەدىكى ئەسكىرىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا ئوخشاش، ئوتتۇرىغا چىققان تاسادىپىيلىقلاردا ئامېرىكانىڭ «مۇھىم دۆلەت مەنپەئەتى»نىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان سىمۋوللۇق مىنا لېنىيىسى ئۇقۇمى ئىدى. كىسسىنجېر خىتاينىڭ شىمالىي چېگرىسىغا مەڭگۈلۈك ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى ئۈمىد قىلمىغان بولسىمۇ، بىراق زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان بىر ئىشنى خالايتتى. مانا بۇ ماۋنىڭ گېنىراللىرىنىڭ 1969-يىلى ماۋنىڭ نىكسوندىن ئىزدىشى كېرەك بولغان ئىش — موسكۋاغا كۆرۈنەرلىك قول ئىشارىتى قىلىش — تىن ئىبارەت ئىدى.

كىسسىنجېر ھەتتا بۇ ئىستراتېگىيە ئۈچۈن ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. كىسسىنجېر خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى باش ئەلچىسى خۇاڭ خۇاغا خىتاي ئۈچۈن «ئەڭ خەتەرلىك دەۋر» نىڭ 1974-يىلىدىن 1976-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولىدىغانلىقىنى، بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

يۇمشاش ۋە قورالسىزلاندۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئاتوم كۈچى ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. كىسسىنجېر شۇ پەيت كەلگەندە مىنا لېنىيىسىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلغان ئىدى.

كېيىنكى قېتىملىق — يەنى، نىكسوننىڭ ماۋزېدوڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنكى تۆتىنچى قېتىملىق، كىسسىنجىرنىڭ خىتايغا تۇنجى زىيارىتىدىن كېيىنكى ئالتىنچى قېتىملىق — مەخپىي تەكلىپتە، ئامېرىكا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت بىلەن قىلغان ھەر قانداق توختامىنىڭ خىتايغا تەمىنلىنىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. 1973-يىلى نىكسون بىلەن سوۋېت لىدېرى لېئونىد برېژنېۋ(Leonid Brezhnev) ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان كاتتىۋاشلار يىغىنىدا، كىسسىنجېر «بىز سوۋېت بىلەن بىرلىكتە قىلىشقا تەييارلانغان ھەر قانداق ئىشنى، خىتاي بىلەن بىرلىكتە قىلىشقا تەييارمىز» دېگەننى قايتىدىن ئىپادە قىلدى .(39) ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا خىتاينى سوۋېت بىلەن تۈزۈشكەن توختاملىرىدىنمۇ ياخشىراق توختام بىلەن تەمىن ئېتىشنى خالايتتى. «بىز بەلكىم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قىلىشقا تەييار بولمىغان ئىشلارنى خىتاي بىلەن قىلىشقا تەييار بولۇشىمىز مۇمكىن» (40) دېگەن ئىدى كىسسىنجېر.

تەخمىنەن مۇشۇ ۋاقىتتا، نىكسون «ئامېرىكا ھەر قانداق ئەھۋالدا (ئاتوم ئۇرۇشىغا قارشى) ئىختىلاپلارغا مۇناسىۋەتلىك كېلىشىمگە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدىغان ھەرقانداق بىرلەشمىگە قاتناشمايدۇ... خىتايمۇ شۇلاردىن بىرى» دەپ بىلدۈرگۈ ئەۋەتتى. (41) بۇنىڭ بىلەن ئوخشاش پەيتتە، نىكسون ئامېرىكانىڭ قانۇن-نىزاملىرىدىن ئۆستىلىق بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ خىتاينى ئەنگلىيەنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق تېخنىكا بىلەن تەمىنلىدى. (42)

يەتتىنچى قېتىملىق مەخپىي ياردەم ھەتتا ئوتتۇز يىلدىن بۇيان CIA (مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى) غىمۇ ئاشكارىلانمىغان، ئەڭ سەزگۈر مەسىلىلەردىن بىرى ئىدى. بۇ قېتىملىق ياردەمگە 1973-يىلى ئىچكى قىسمدا ئېلىپ بېرىلغان بىر مۇنازىرە سەۋەب بولدى. بۇ ئامېرىكالىقلارنىڭ بېيجىڭغا بەرگەن نائېنىق ۋەدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، خىتاينى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈمىزمۇ ياكى پەقەتلا سۆز ۋە بەدەن تىلى سەۋىيىسىدە قالىمىزمۇ، ئامېرىكا خىتاي بىلەن «تېخىمۇ كونكېرت بولغان بىخەتەرلىك چۈشەنچە» ھاسىل قىلالامدۇ، ياكى بۇنىڭ ئورنىغا ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ دېپلوماتىك نورماللىشىشىدا ھالقىش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالايدىغانلىقى ۋەدىسىنى بېرىش بىلەنلا چەكلىنىمىزمۇ،(43) دېگەندىن ئىبارەت مەنىمۇ شاھىت بولغان بىر مۇنازىرە ئىدى.

مەن شۇ يىلى RAND ئەقىل ئامبىرى شىركىتىدە ئىشلەۋاتقان ئىدىم. خىتايشۇناس مۇتەخەسسىس بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ بۇ شىركەتتىكى خىزمەتدېشىم، كىسسىنجېرنىڭ يېقىن ئادىمى ھېسابلانغان رىچارد مۇرستىن (Richard Moorsteen) تەرىپىدىن ماڭا كىسسىنجېرنىڭ خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرى توغرىسىدىكى ئەڭ مەخپىي تەپسىلاتلارغا ئېرىشىش پۇرسىتى بېرىلدى. ئەندىي مارشال (Andy Marshall) ۋە فرەد ئىكل (Fred Iklé) مېنى RAND كە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مەن كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي فرەد ئىكل نىكسون تەرىپىدىن قورال-ياراغ كونترولى ۋە ئەسكەر قىسقارتىش ئورگىنىغا دېرېكتور قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكتىن، شىركەتتىن كېتىپ قالدى. ئىكل مېنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى ئانالىزلىرىمنى مۇھاكىمە قىلىش، كىسسىنجېرغا ئاخبارات ۋە ئالدىن سىگنال بېرىش تېخنولوگىيىسى توغرىسىدا مەخپىي ھەمكارلىشىش تەكلىپى سۇنۇش ئۈچۈن، مېنى بۇ ئورگاندىكى ئىشخانىسىغا نەچچە قېتىملاپ تەكلىپ قىلغان ئىدى.

مەن ئىكولنىڭ ئامېرىكانىڭ كونكېرت هالدا خىتاي بىلەن مەخپىي ھەمكارلىشىشنى قوللىشى جەھەتتە ھەمپىكىر بولدۇم. گەرچە ئىكىل كىسسىنجېرغا «رەسمىي مۇناسىۋەت» (يەنى، رەسمىي شەكىلدىكى ئىتتىپاقداشلىق) ئورنىتىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولمىسىمۇ، ۋاشىڭتوننىڭ (خىتاينى) تاق يۆنىلىشلىك ھالدا «تېخنىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە» ياردەم بىلەن تەمىنلەشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئامېرىكا سوۋېتنىڭ خىتايغا قارشى ھەربىي ھەرىكەتلىرى توغرۇلۇق ۋاشىڭتوننىڭ خىتاينى ئالدىنئالا مەخپىي ئاگاھلاندۇرۇش ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان «قىززىق لىنىيەلىك» ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايتتى. ئىكىل ئىككىمىز كۈنتەرتىپىمىزگە شۇنداق يازغان ئىدۇق:«خىتاينىڭ كۆپ قىسىم ئىستراتېگىيىلىك كۈچى بومباردىمانچى ئايروپىلاندىنلاردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، خىتاي تەرەپ ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلانسا ئۈنۈمى ياخشى بولۇشى مۇمكىن. قىزىق لىنىيەنىڭ مۇمكىنچىلىك ئاستىدىكى سوۋېت ھۇجۇمى توغرىسىدا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇشقا قادىر بولالايدىغانلىقىدەك ئەمەلىيەت كۈچلۈك بىر ئاساستۇر.» بىز يەنە، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى خىتايغا ھۇجۇم قىلماقچى بولسا، ۋاشىڭتوننىڭ بېيجىڭغا قاتتىق دېتال ۋە تېخنولوگىيە سېتىپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلدۇق. شۇنداقلا، خىتاينىڭ نىشانغا ئالغان سوۋېت نۇقتىلىرىنىڭ ئورۇن جەھەتتىكى توغرىلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ يۇقىرى سۈزۈكلۈكتىكى سۈنئىي ھەمرا رەسىملىرىنىڭ خىتايغا تەمىنلىنىلىشىنى قوللىغان ئىدۇق.(44)

كىسسىنجېر بىزنىڭ تەكلىپىمىزگە قوشۇلدى. كىسسىنجېر ئوتتۇرىغا قويغان ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن رېئال شەكىلدە يوشۇرۇن ھەمكارلىق ئورنىتىش پىلانىدىن ئازغىنە كىشىلەرلا خەۋەردار ئىدى. كىسسىنجېر 1973-يىلى نويابىردىكى بېيجىڭ زىيارىتىدە خىتايلارغا سوۋېتنىڭ ھۇجۇمى يۈز بېرىپ قالسا، ئامېرىكانىڭ خىتاينى «ئەسلىھەلەر ۋە باشقا مۇلازىمەتلەر» بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. كىسسىنجېر «ئامېرىكا بېيجىڭ بىلەن باشقا يەردىكى خىتاي كۈرەشچى ئايروپىلانلار بازىسى ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ‹بەزى ساختا كۆرۈنۈشلەر› ئاساسىدا ياردەم بېرەلەيدۇ» دەپ كۆرسەتتى. كىسسىنجېر يەنە خىتاي ياسىماقچى بولغان «مەلۇم خىل رادارلار» ئۈچۈن (خىتاينى) تېخنىكا بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.(45) مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىسسىنجېر خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئاستىرتتىن ياردەم بەردى. ئۇ مەيلى تىنچلىق دەۋرىدە بولسۇن، ياكى سوۋېت ھۇجۇمى ئاستىدا بولسۇن، ھەربىي ياردەم مۇناسىۋىتىنىڭ باشلىنىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

مېنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، خىتايلار دەسلىپىدە يەتتىنچى قېتىملىق تەكلىپتىن ھەزەر ئەيلەپ، تەپسىلىي جاۋاب بېرىش ئۈچۈن لاھىيەلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشى ئۈچۈن ۋاقىت تەلەپ قىلدى.(46) خىتايلار ئامېرىكانىڭ ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش سېتىمىسى جەھەتتە ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ «قالتىس ياردەمچانلىققا ئىگە ئاخبارات» بولىدىغانلىقىنى، بىراق بۇنىڭ «ھېچكىم ئىتتىپاقداش دەپ ھېس قىلىپ قالمايدىغان» شەكىلدە يۈرگۈزۈلۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. خىتاي رەھبەرلىرى شەپقەتسىزلىك ۋە توختالغۇسى يوق ئىتتىپاقداشلىقنى يۇدۇۋالغان ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرى چۈشەنچىسى بويىچە، كىسسىنجېرنىڭ تەكلىپلىرىنىڭ خىتاينى موسكىۋا بىلەن ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇش تىرىشچانلىقى بولۇپ قېلىشىدىن گۇمانلانغان.

خىتايلار ئېھتىمال نىكسون بىلەن كىسسىنجېر بۇ تەكلىپنى بېرەشتە تەۋەككۇل قىلغان خەتەرنى تەن ئالمىغان بولۇشى مۇمكىن. كىسسىنجېرنىڭ خىتاي ئىشلىرىدىكى ئەڭ يېقىن مەسلەھەتچىسى ۋىنستون لورد (Winston Lord) كىسسىنجېرغا سۇنغان بىر بىلدۈرگۈدە بۇ قەدەمنى بېسىشقا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، بۇنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن كەلمەي قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى ۋە رۇسلارنىڭ چېشىنى قېرىشتۇرۇدىغانلىقىنى بايان قىلغان. سېپى ئۆزىدىن خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش

تەرەپتارى بولۇشىغا قارىماستىن بۇ لاھىيەگە قارشى چىققان لوردنىڭ پىكرىنى كىسسىنجېر باستۇرۇۋەتكەن.

1970-يىللارنىڭ ئاخىرىدا دېڭشياۋپىڭ توختاۋسىز ھالدا ھوقۇق ئىگىلەپ، خىتاينىڭ ئامرىكا بىلەن بولغان ئاممۇبي مۇناسىۋەت ھۆجۇمىدىكى نۇقتىلىق شەخسكە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي-ئامېرىكا مۇناستى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە دېڭ شياۋپىڭ مۆتىدىل، ئىسلاھات ئىدىيىسىدىكى، تەمكىن، مويسىپىتلارچە يۇرۇش تۇرۇشقا ئىگە كۆڭۈلدىكىدەك رەھبەر ئىدى. يىغىنچاقلىغاندا، دېڭ شىياۋپىڭ غەربلىكلەر كۆرۈشنى ئىستەيدىغان كىشى ئىدى.

بىراق دېڭ شىياۋپىڭ ياۋاش-يۇمشاق بوۋاي ئەمەس ئىدى. ئۇ خىتاي كومپارتىيىسى سىياسي بيۇرۇسىنىڭ مەخپىي يىغىنلىرىدا، غەربكە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلگىرىلەشلەرنىڭ كامچىللىقىنى تىلغا ئېلىپ ياردەمچىلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرىگە غەزەبلىنەتتى. دېڭ شياۋپىڭ ماۋزېدوڭنىڭ يېتەكلىشى ۋە ئۇنىڭ چاتاقچى «ئىسلاھات» لىرى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ مۇشتۇمزور ئامېرىكادىن ئۆتۈپ كېتىش تىركىششىدە ئوتتۇز يىل ۋاقتىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرەتتى.

دېڭ ئامېرىكالىقلار بىلەن ھەمكارلىششقا خۇشتار ئىدى. بىراق، ئۇ بۇ ھەمكارلىقتىن جامائەت ئىستېمالىنى نەزەردە تۇتقان ئەمەس. ئۇ خىتاينىڭ خاتا ھالدا سوۋېتچە ئىقتىسادىي مودېلغا ئەگەشكەنلىكى سەۋەبلىك، ئەمدىلىكتە بۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەۋاتقانلىقىنى توغرا شەكىلدە يەكۈنلەپ چىققان. كېيىنكى چاغلاردا ئامېرىكا ئاخبارات ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن خىتاينىڭ ئىچكى ھۆججەتلىرىدىن شۇنى كۆرۈپ يېتىمىزكى، خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزلىرى قىلالايدىغان ھەممە نەرسىنى تەۋرىنىپ قالغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ خاتا قىلغانلىقىنى خۇلاسىلىگەن. دېڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئوخشاش خاتالىقنى تەكرارلىمىدى. ئۇ خىتاينىڭ مارافوندا ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشىدىكى توغرا يولنىڭ ئامېرىكادىن بىلىم ۋە تېخنىكا ئۆگىنىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاي كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ئېنېرگىيىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئالدىدا كېتىۋاتقان ئامېرىكالىقلاردىن ئېلىش ئارقىلىق مارافوندا ئۆتۈپ چىقماقچى بولغان.

خىتاي مەركىزىي كومىتېت سىياسي بيۇروسىدا، دېڭ شياۋپىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن قالغان «مۇددىئايىڭنى يوشۇرۇپ، ئۆزۈڭنى كۈچلەندۈر» دېگەن ئۆگۈتنى كۆپ نەقىل قىلىدىغانلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ يەنە ۋاستىلىك، مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان ھېكايىلەر ئارقىلىق رەقىبلىرىگە شەپە بېرەتتى. دېڭ شياۋپىڭ **1975** – يىلى **12** - ئايدا پرېزىدېنت جېرالد فورد **(Gerald Ford)** بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە، خىتاينىڭ كىلاسسىك ئەسىرى ھېسابلانغان «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دىن بىر ھېكايىنى نەقىل قىلغانىدى. ھازىر ئويلىغاندا بۇ (دېڭ شياۋپىڭنىڭ شۇ ۋەقەنى نەقىل قىلىشى) ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا بولسىمۇ، لېكىن فورد دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەقسىتىنى پەقەتلا چۈشەنمىگەنىدى. بۇ ھېكايىمۇ ئوخشاشلا ئالدىنقى بابتا تىلغا ئېلىنغان، خىتاي ئەدەبىياتىدا خىتاي تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر زوراۋان كۈچ دەپ قارىلىدىغان ساۋ ساۋغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ساۋ ساۋنى خىتاي قەدىمكى ئەدەبىياتىدىكى «با» ئۇقۇمىنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى دېيىشكە بولاتتى.

دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھېكايىنى قىسقىچە بايان قىلىپ، ساۋ ساۋنىڭ ليۇ بېينى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ «با» (ئاتامان)لىق ئورنىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى؛ ليۇ بېينىڭ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ساۋ ساۋغا ئىشلىگۈسى بارلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، لېكىن ساۋ ساۋنىڭ ليۇ بېينىڭ ساداقىتىگە ئىشەنچ قىلالمىغانلىقىنى فوردقا ئېيتىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ يەنە پرېزىدېنت فوردقا ساۋ ساۋنىڭ «ليۇ بېي بۈركۈتكە ئوخشايدۇ، ئۇ ئاچ قالغاندا سەن ئۈچۈن ئىشلىسىمۇ، تويغان ھامان ئۇچۇپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېيتقان. قارىماققا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزىدىكى

«بۇركۇت» سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆرسىتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى «كۆندۈرۈش» ئۇرۇنۇشى مەغلۇپ بولىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى كۆزلىگەن نەرسىسىگە ئېرىشكەن هامان، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ليۇ بېيغا ئوخشاش پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالىدۇ، دەپ ئاگاهلاندۇرغان. ئامېرىكالىقلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئەينى ئاگاهلاندۇرۇشنىڭ خىتايغىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ يېتەلمىگەنىدى. ئامېرىكا خىتاينى يۆلەپ ئۆزى بىلەن تەڭ سەۋىيەگە چىقارغان هامان، خىتاي بۇ خىل «شېرىك»لىكنى تاشلاپ، ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى.

شۇنداقتىمۇ، دېڭ شياۋپىڭ ئۇستاتلىق قىلىپ، ساۋ ساۋ بىلەن ليۇبېي ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ داڭلىق ۋەقەلىكنى بايان قىلماسلىقنى تاللىغان. ئەگەر دېڭ ئۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلغان بولسا، خىتاينىڭ ئامېرىكاغا بولغان هەقىقىي نىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويغان بولاتتى. خىتاي قاتتىق قوللىرى تېخىچە بۇ كونا ۋەقەلىكتە ئىپادىلىگەن كىنايىنى ئۇچۇق ئاشكارا قەلەمگە ئېلىشنى باشلىغىنى يوق. بىز بۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلىنى تۇتقۇ قىلىپ تۇرۇپ، خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك دارىتما سۆز-هەرىكەتلىرىنىڭ شىفىرىنى يېشىشكە موهتاجمىز. دېڭنىڭ ئەينى چاغدا ئېيتقانلىرى توغرۇلۇق پرېزدېنت فوردنىڭ بولسۇن، ياكى كىسسىنجېرنىڭ بولسۇن بىرەر نەرسىنى ئاڭقىرالىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان هېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.

***

خىتاي ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇهىم نۇقتىسى بولغان هەقىقىي مەقسىدىنى يوشۇرۇپ، زوراۋان كۈچنىڭ ئورنىنى ئېلىش ــ تەڭرىقۇت داڭقىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى سوراش هېكايىسىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن. شۇنداقلا، ئۈچ پادىشاهلىق دەۋرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىكمۇ خىتاينىڭ پەقەتلا پاسسىپ شەكىلدىكى يوشۇرۇشتىن هالقىپ ئۆتۈپ، ئۆز رەزىل نىيىتىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق دۈشمىنىنى ئالداشتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ.

قىزىل قىيا ئۇرۇشىدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى ساۋ ساۋنىڭ مەخپىي رەقىبى ليۇبېي ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرتىلىدۇ. ساۋ ساۋنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئورۇنۇشىدىكى ليۇبېي «ئۆزىنىڭ مەخپىي پىلانىنى سەزگۈر ۋە ئەقىللىق ساۋ ساۋدىن مەخپىي تۇتىدۇ.» ليۇ بېي يېتىپ كەلگەندە ساۋ ساۋ ئۇنى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ئۇستەلگە باشلاپ كېلىدۇ، بۇ جايدا ئىككەيلەن ئىللىتىلغان مەي ئىچىپ، كەيىپ سۈرىدۇ. ئۇلار مەست بولغاندا، هاۋا ئۆزگۈرۈشكە باشلايدۇ، قارا بۇلۇتلار تۇرۇلۇپ كېلىپ، بوران-چاپقۇنلۇق يامغۇردىن شەپە بېرىدۇ. ساۋ ساۋنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئەجدىرىها شەكىللىك بىر بۇلۇتنى كۆرسىتىدۇ. هەممەيلەن ئەجدىرىهاسىمان بۇلۇتنى تاماشا قىلىۋاتقاندا، ساۋ ساۋ مېهمىنى ليۇبېيدىن ئەجدىرىهانىڭ ئۆزگىرىشىدىن خەۋەردار ياكى ئەمەسلىكىنى سورايدۇ.

ــ تەپسىلىي مەلۇماتىم يوق،ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ ليۇبېي.

ــ ئەجدىرىها خالىغان چوڭ-كىچىكلىككە ئۆزگىرەلەيدۇ، كۆزلەردىن يوشۇرۇنالايدۇ. بۇ ئەتىيازلىق كۈن-تۈن تەڭلىشىش پەسلى. بىراۋنىڭ ئۆز ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جاهان سورىغىنىغا ئوخشاش، ئەجدىرىهامۇ بۇ پەسىلنى شەكىل ئۆزگەرتىشكە تاللىغان. هايۋاناتلار ئارىسىدىكى ئەجدىرىها ئادەملەر ئارىسىدىكى قەهرىمانىغا ئوخشايدۇ. تەقسىر، ئۆزلىرى جاهان كېزىپ، كۆپلىگەن تاغ-دەريالارنى ئاشتىلا. سىلى چوقۇم كۈنىمىزنىڭ قەهرىمانلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى كېرەك. سىلىنىڭ ئۇلار هەققىدە سۆز قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، ــــ دەيدۇ ساۋساۋ.

ليۇبېي قاتتىق ئويلانغان قىياپەتتە شۇنداق دەيدۇ:

ــ مەن ئاددىي هاماقەتلەردىن بىرىمەن. بۇنداق ئىشلارنى قانداقمۇ بىلەي؟

ــــ سىلى ئۇلارنىڭ چىراي-تۇرۇقلىرىنى كۆرمىگەن بولۇشلىرى مۇمكىن، بىراق ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاڭلىغان بولۇشلىرى ئېنىق، ــ دەيدۇ ساۋ ساۋ.

ــ خۇەيخېنىڭ جەنۇبىدىكى يۈەن شۇ نىڭ

ئارمىيىسى كۈچلۈك ۋە بايلىقلىرى مول، ئۇ قەھرىمانلاردىن بىرى شۇمۇ؟ ــ دەپ سورايدۇ ليۇ بېي. ساۋ ساۋ كۈلۈپ كەتكىنىچە شۇنداق دەيدۇ:

ــ ئۇ قەبرىستانلىقتىكى چىرىگەن ئىسكىلىت. مەن ئۇنى پات ئارىدا يۇلۇپ تاشلايمەن.

ــ ئۇنداقتا، يۈەنشاۋچۇ؟

ــ ئۇ بىر توخۇ يۈرەك زومىگەر.

ــ جىڭ جۇدا ليۇ بياۋ بار.

ــ ئۇ كۆرۈنۈشتە شۇنداق. بىراق، ئۇ بىر شۆھرەتپەرەس. شۇڭا، ئۇ قەھرىمان ئەمەس.

ــ سۈن سې تولىمۇ كەسكىن، جەنۇبتىكى زېمىنلارنىڭ ئاتامانى. ئۇ قەھرىمانمۇ؟ــ سورايدۇ ليۇ بېي.

ــ ئۇ ئاتىسى سۈن جيەننىڭ نام-شۆھرىتىنىڭ سايىسىدا جان بېقىۋاتىدۇ. ئۇ ھەقىقىي قەھرىمان ئەمەس، ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ ساۋ ساۋ.

ــ يىجۇدىكى ليۇجاڭچۇ؟

ــ گەرچە ئۇ سەلتەنەتلىك ئائىلىدىن چىققان بولسىمۇ، قورۇقچى ئىتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ــ جاڭ شيۇ، جاڭ لۇ، خەن سۈي ۋە باشقا كاتتىۋالاشلارچۇ؟ــ دەپ سورايدۇ ليۇبېي ئاخىرىدا.

ــ ئۇلاردەك پەسكەش كىشىلەر ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ،ــ دەپ رەت قىلىدۇ ساۋ ساۋ.

ــ يۇقاردا تىلغا ئېلىنغانلاردىن باشقىسىنى بىلمەيدىكەنمەن، ــ دەيدۇ ليۇ بېي.

ــ نۆۋەتتە، قەھرىمانلار قەلبىگە ئۇلۇغۋار ئارمانلارنى پۈكتى. ئۇلارنىڭ يەتمەكچى بولغان بۈيۈك نىشانلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل پىلانلىرى بار. پۈتۈن جاھان ئۇلارنىڭ مەرھەمىتى ئاستىدىدۇر.

ــ سىلى دەۋاتقان قەھرىمان كىم؟

ساۋ ساۋ بارمىقى بىلەن ليۇ بېينى، ئاندىن ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ جاھاندىكى قەھرىمانلار پەقەت سىلى بىلەن مەن،ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ليۇبېي يۆتىلىپ كېتىپ چوكىسى يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. دەل بۇ چاغدا، قاتتىق چاقماق چاقىدۇ. ليۇبېي چوكىسىنى ئالغىلى ئېڭىشكەچ:

ــ ۋايجان، نېمىدېگەن دەھشەتلىك! (چاقماق) ھەجەپ يېقىندىنلا چاقتى.ــ دەيدۇ.

ــ نېمە؟ سىلى چاقماقتىن قورقامدىلا؟ــ دەيدۇ ساۋ ساۋ ھەيران بولۇپ.

قەھرىمان ئاتالغان كىشى ئاقىۋەتتە چاقماقتىن قورقىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. ليۇبېي زوراۋان كۈچكە قارشى نىيىتىنى (مۇشۇ ئارقىلىق) مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا يوشۇرۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭدىن قىسقا مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ليۇبېي ئۆزىنىڭ بۇ تەجرىبىسىنى ئىككى يېقىن ئىتتىپاقدېشىغا ئېيتىپ بېرىدۇ. «ساۋ ساۋنى مېنىڭ ھاماقەتلىكىمگە ۋە ھېچقانداق شۇم نىيەتتە بولمىغىنىمغا ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق سورىغان ئىدىم. بىراق، ئۇ توساتتىن مېنى قەھرىمانلاردىن بىرى دەپ كۆرسەتكەندە چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ بەزى گۇمانلاردا بولىۋاتقىنى كاللامدىن كەچتى. بەختىمگە، چاقماق ماڭا باھانە بولۇپ بەردى.»

«سىلى ھەقىقەتەن دانا زات جۇمۇ!» دېيىشىدۇ ئۇ ئىككىسى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار تارىختا كۆرسىتىلگىنىدەك داۋاملىشىدۇ. ليۇ بېي ئاز مۇددەت كېيىن ساۋ ساۋنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلىدۇ. ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆزۈن ئۆمرىنى ئۈستۈن زوراۋان كۈچ بولۇش ئۈچۈن ساۋ ساۋغا قارشى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.(47)

ختاي بىلەن قۇرۇۋالغان يېڭى مۇناسىۋەتلىرىدىن مەستخۇش بولغان نىكسون ۋە فورد ھۆكۈمەتلىرى ختاينىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى سىياسىي نىشانلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قاندۇردى. ختايغا بېرىلگەن سوۋغاتلار ــ بۇلاردىن تېخىمۇ كۆپى كېيىنكى چاغلاردا بېرىلىدۇ ــ ئامېرىكا جامائەتچىلىكىدىن ئەڭ كامىدا ئۈچ يىل سىر تۇتۇلىدۇ. ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن كوممۇنىست ختاينىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى دالاي لاماغا يەتكۈزۈۋاتقان مەخپىي ياردەم پروگراممىسىنى توختىتىۋېتىلىپلا قالماستىن ــ ئامېرىكانىڭ تەيۋەنگە قىلغان ۋەدىسى ھېسابلانغان ــ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ تەيۋەن بوغۇزىدىكى چارلىغۇچى پاراخوتلىرىنىمۇ ئىشتىن توختىتىدۇ. (48) ختاينى رەقىبلىرىگە قارشى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكا سىياسەتتە بىر قاتار ئاكتىپچانلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

1975-يىلى تېخىچە RAND شىركىتىدە

ئىشلەۋاتقان چېغىمدا، «تاشقى سىياسەت ژۇرنىلى» (Foreign Policy magazine) غا سوۋېتقا قارشى شىنا بولۇشى ئۈچۈن، ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ھەربىي ھەمكارلىق ئورنىتىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر پارچە ماقالە يازغان ئىدىم. كېيىنكى چاغلاردا دېپلومات بولغان رىچارد ھولبرۇك (Richard Holbrooke) ئۇ چاغدا بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ ماقالەمگە يۇقىرى باھا بېرىپ، مېنىڭ ئىدىيەمنى «قالتىس ئىدىيە» دەپ ئاتىدى. ئۇ مېنىڭ ئىدىيەمنى باشقا مۇھەررىرلەرگىمۇ تارقىتىپ، «بېيجىڭ ئۈچۈن قوراللار؟» ناملىق ئۇزۇن بىر ھېكايىگە باشچىلىق قىلىپ، بۇنى «خەۋەر ھەپتىلىكى» دە نەشىر قىلدى. مېنىڭ تەكلىپىمنى باشقا تاراتقۇلارمۇ قوللاندى. ئەكسى ھالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى مەن ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرگىمۇ، مېنىڭ شەخسىيىتىمگىمۇ ھۇجۇم قىلدى.(49) بۇ ئىدىيەنى ماڭا خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى تەۋسىيە قىلغان ئىدى. بۇ سەۋەبلىك، مەن خىتاي قاتتىق قوللىرى بىلەن 1973-يىلى باشلانغان قىرىق يىللىق ئەسكىرىي سۆھبەتنى باشلىدىم. زوراۋان كۈچنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى تاكتىكىلىرىنى ئاڭلىدىم، (ئاشۇ ئۇزاق دەۋرلەردىكى سۆھبەتلەردە، خاتا ھالدا) بۇ تاكتىكىلارنىڭ ئوبيېكتىنى دائىما سوۋېت ئىتتىپاقى دەپ پەرەز قىلغان ئىدىم.

1976-يىلى پرېزدېنتلىق سايلىمىدا پرېزدېنت فوردقا رەقىب بولغان جۇمھۇرىيەتچىلەردىن بولغان پرېزدېنت نامزاتى رونالد رېگان ماقالەمنى ئوقۇدى. (ھولبرۇكنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، ماقالىنى رېگانغا ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدىم.) ئەينى چاغدىكى كالفورنىيە شتاتىنىڭ باشلىقى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان رېگان خىتاي بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنا قىلىپ ئىشلىتىش پىكرىنى قوللىغانلىقىنى بىر قولىيازما ئارقىلىق ماڭا بىلدۈردى. بىراق،شتات باشلىقى رېگان مېنى خىتايلار توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرغان، بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ تەيۋەندىكى دېموكراتىك ئىتتىپاقداشلىرىنى تاشلىۋېتىشكە بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. كېيىن مەن شتات باشلىقى رېگان بىلەن تېنچ ئوكياننىڭ قىرغىقىدىكى ئۆيىدە كۆرۈشتۇم. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا «ئاتمىش تۆت ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، تېخى پېنسىيىگە چىقمىغانلىقى» نى ئېيتىپ چاقچاق قىلغان ئىدى. ئۇ نۇتۇقلىرىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن مېنى خىتايغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئۆزىگە ئەۋەتىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى.

1978-يىلى، ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت نورماللىقا قاراپ يۈزلەندى، يەنى، ئامېرىكا رەھبەرلىرى كوممۇنىستىك خىتاينى خىتاي خەلقىنىڭ قانۇنىي ھۆكۈمىتى دەپ تونۇغان ئىدى. شۇ يىلى، دېڭ شياۋپىڭ ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ئارزۇسى تىزىملىكىنىڭ يۇقىرى نۇقتىسىدىكى «ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيە» گە تېزلىك بىلەن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈردى. بۇ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى «باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆز ئىشىڭنى پۈتتۈر» ئۇقۇمىنىڭ ئەمەلىيەتلىرىدىن بىرى ئىدى.(50) دېڭ 1978-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ئىستىراتېگىيىگە ئاساسەن، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىدە «تېخنولوگىيە بىرىنچى نومۇرلۇق ئىشلەپچىقىرش كۈچى» ئىدى.(51) دېڭنىڭ چۈشەنچىسىدە، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچ سۈپىتىدە ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىشتىكى بىردىنبىر يولى ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيەنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئىدى. بۇنىڭغا يېتىشتىكى ماھىيەت خاراكتېرلىك قىسقا يول، ئامېرىكانىڭ ئېرىشىپ بولغانلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. دېڭنىڭ بۇ تىرىشچانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك شېرىك ئامېرىكانىڭ يېڭى پرېزدېنتى جىمى كارتېر (Jimmy Carter) بولۇپ، ئۇ رەسمىي يوسۇندىكى خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىدە دېپلوماتىك يۈكسىلىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھېرىسمەن ئىدى.

1978-يىلى ئىيۇلدا، پرېزدېنت كارتېر ئامېرىكا ئالىملىرىدىن تەشكىل تاپقان، ھېچقايسى دۆلەتكە ئەۋەتىلىپ باقمىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى خىتايغا ئەۋەتتى. بۇ ئۆمەككە كارتېرنىڭ پەن-تېخنىكا مەسلىھەتچىسى، ماساچۇستېس تېخنولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ يەر تەۋرەش ئىلمىدە مۇتەخەسسىسلەشكەن پروفىسورى

فرەڭك پرەس (**Frank Press**) باشچىلىق قىلدى. پرەس **1975**-يىلدىن **1977**-يىلغىچە ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان پەن-تېخنىكا ئالماشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ كېلىۋاتقان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي بىلەن پەن-تېخنىكا ئالماشتۇرۇشقا ئالاھىدە قىزىققان ئىدى. پرەس ئۆمىكى خىتايلارنى ئىنتايىن جەلب قىلدى. «خەلق گېزىتى» چەتئەللىكلەرنىڭ بايانلىرىنى كامدىن-كام باساتتى. بىراق، يۇقارقىدەك ئەھۋال ئاستىدا، پرەسنىڭ يەرشارىلىششنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى تەكىتلەپ سۆزلىگەن زىياپەت نۇتۇقى بۇ گېزىت سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى. دېڭ شياۋ پىڭ بىلەن ئون تۆت قېتىم يىغىن ئۆتكۈزگەن دۆلەتلىك بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ خىتاي سىياسىتى ئەمەلدارى مىچېل ئوكسېنبېرگ (**Michel Oksenberg**) دېڭ شياۋپىڭدىن خىتاينىڭ كەلگۈسىگە ئەقلىي قىزىقسىنىش بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە خىتاينىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرغا پۇتۇن دىققىتى بىلەن چۆكۈش جەھەتتىن ھېچبىر يىغىنغا بۇ قېتىملىق ئامېرىكا ئالىملىرى سەپىرىدىنمۇ بەكراق ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى بايان قىلدى. (ئىلگىرىكى رەھبەرلەرگە ئوخشاشلا) ئاجىز قول سوزغۇچىلىق رولىنى ئويناۋاتقان دېڭ شياۋپىڭ پرەس ۋەكىللەر ئۆمىكىگە خىتاينىڭ ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيەدىكى قالاقلىقىنى بايان قىلدى، ھەمدە ئامېرىكانىڭ خىتايغا يۇقىرى تېخنىكا ئېكسپورتىدىكى چەكلىمىسى توغرىسىدىكى دىققەت-ئېتىبارىنى ئىپادىلىدى.

بېيجىڭ ئۆتمۈشتە ئالىملىرىنىڭ ئۆزىدىن يۇز ئۆرۈش مۇمكىنچىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، خىتاي ئالىملىرىنىڭ ئامېرىكاغا بېرىشىنى قاتتىق كونترول قىلاتتى ۋە بارىدىغانلارنىڭ سانىغا چەكلىمە قوياتتى. پرەس خىتاينىڭ غەرب بىلەن ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىش جەھەتتىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولىدىغانلىقىنى كۈتكەن ئىدى. شۇڭلاشقا، دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكانىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى يەتتە يۈز ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىشىنى، كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا بۇ خىل ئوقۇغۇچىدىن نەچچە ئون مىڭنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ھاپىلا-شاپىلا ئوتتۇرىغا قويغاندا پرەس بۇنىڭدىن ھەيرانۇ-ھەس قالغان ئىدى. دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھەقتە ئىجابىي جاۋاب كېلىشىنى خۇشتارلىق بىلەن كۈتتى. پرەسنىڭ ئويىچە بۇ ئىش ئۇنىڭ خىزمەت ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بۆسۈش ئىدى. پرەس پرېزىدېنت كارتېرغا سەھەر سائەت ئۈچتە تېلفون قىلىپ ئويغاتتى. كارتېر مەسلىھەتچىسىگە ئوخشاشلا، خىتاينىڭ توساتتىن ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى كۈچلۈك قىزىقىشىنى بەك كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرماستىن، بۇنى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى قارشى ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ قارىدى.

**1979**- يىلى يانۋاردا، دېڭ تۇنجى قېتىملىق ۋە بىر دىنبىر زىيارىتىدە ئامېرىكانى زىيارەت قىلدى. بۇ بىر مەھەل ھەيرانلىق پەيدا قىلدى. پرېزىدېنت كارتېر ئۇنى كەچلىك دۆلەت زىياپىتى بىلەن كۈتۈۋالدى. ھەتتا كارتېر ئامېرىكادىكى ئىككى پارتىيەنىڭ ئامېرىكا-خىتاي سىياسىتىدىكى بىردەكلىكىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، سابىق پرېزىدېنت رىچارد نىكسوننىمۇ زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. بۇ نىكسوننىڭ **1974**-يىلى ئاۋغۇستتا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەندىن بۇيان ئاق سارايغا تۇنجى قەدەم بېسىشى ھېسابلىناتتى. دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكادا ئون ئۈچ كۈن تۇردى. بۇ جەرياندا كوكاكولانىڭ باش شىتابىنى، خيۇستوندىكى جونسون ئالەم بوشلۇقى مەركىزىنى (**Johnson Space Center**)، ھەتتا دىسنىي دۇنيا باغچىسىنىمۇ زىيارەت قىلدى. قوبۇل قىلىنىشىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، ئامېرىكىدىكى ئەڭ شۆھرەتلىك تاراتقۇلاردىن سانىلىدىغان «دەۋر ژۇرنىلى» دېڭنىڭ رەسىمىنى ژۇرنال مۇقاۋىسىغا ئىككى قېتىم باستى.

بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك مۇزېيغا دېڭنىڭ تېكساس زىيارىتىدە سوۋغا قىلىنغان شلەپىنى كىيىپ، كۈلۈمسىرەپ چۈشكەن رەسىمى كۆرگەزمىگە قويۇلغان. بۇ رەسىم ئۇنىڭ **1979**-يىلىدىكى ئامېرىكا زىيارىتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. بۇ ئامېرىكا خەلقىگە دېڭ شياۋپىڭنىڭ يۇمۇرلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى، «ئاشۇ كوممۇنىستلار» دىن

بەكراق، «ئۆزىمىز» گە ئوخشايدىغانلىقىنى ئىشارە قىلاتتى. بىراق، (دېڭنىڭ ئامېرىكا سەپىرى ۋە شۇم نىيەت بىلەن تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويۇشى) خىتايلارنىڭ مارافوندا بۇرۇلۇش نۇقتىسى ياسىغىنىنى ئىپادىلەپ بەردى. دېڭنىڭ ئېرىشكىنى ماۋنىڭ ئېرىشكىنىدىن كۆپ يۇقىرى بولدى.

**1979**-يىلى **31**-يانۋاردا — (يەنى) دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئامېرىكا زىيارىتى مەزگىلىدە دېڭ شياۋپىڭ ۋە مەملىكەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى فاڭ يى ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئامېرىكا هۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ يىلى، تۇنجى قېتىملىق ئەللىك خىتاي ئوقۇغۇچى ئامېرىكاغا قاراپ ئۈچتى. ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىنىڭ ئالدىنقى بەش يىلىدا ئون توققۇز مىڭ خىتاي ئوقۇغۇچى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا فىزىكا، مېدىتسىنا، ئېنژېنېرلىق قاتارلىق ساھەلەردە ئوقۇدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز هالدا ئاشتى.(52) كارتېر بىلەن دېڭ شياۋپىڭ يەنە كونسۇلخانا، تىجارەت، ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيەگە ئائىت كېلىشىملەرنى ئىمزالىغان بولۇپ، كېلىشىمدە ئامېرىكانىڭ ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيەگىنىڭ ھەممە ساھەسىگە ئائىت بىلىملەرنى خىتاي پەن-تېخنىكا خادىملىرىغا تەمىنلەيدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ ئامېرىكانىڭ ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيە جۇغلانمىلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە سىرتقا ئېقىپ چىقىپ كېتىشى ھېسابلىنىدۇ.

خىتايلار ئامېرىكا دۆلەتلىك ئىلىم-پەن ئاكادېمىيىسىگە قول سوزۇپ، ئۆزلىرى تاللىغان ساھەلەردە ئامېرىكا-خىتاي ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىتايغا (ئىلىم-پەن خادىملىرى) ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشىنى ئۆتۈندى. خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىسى ئۆزلىرىنىڭ فىزىكا، ئاتوم ئېنېرگىيىسى، ئالەم بوشلۇقى بىلىملىرى ۋە باشقا ساھەلەرگە ئائىت خەلقئارالىق ئورگانلارغا قاتنىشىشىنى ئامېرىكالىقلارنىڭ قولى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىدى. ئامېرىكالىقلار بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ خىتايغا قىلىنغان سەككىزىنچى ياردەم بولۇپ قالدى.

ئامېرىكالىقلار يەنە خىتاي بىلەن تېخىمۇ كۆپ ھەربىي ھەمكارلىققا قاتنىشىشنى قوبۇل قىلدى. پرېزىدېنت كارتېر ھەتتا ۋېيتنام ئۇرۇشىدا خىتايغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، خىتاينى ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ **2011**-يىلى خىتاي توغرىسىدا نەشىر قىلىنغان كىتابىدا دېيىشىچە، ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن (ئەينى چاغدا) ھەتتا ھېنرى كىسسىنجېر (جېنىدا) هاڭ-تاڭ قالغان ئىكەن. بەزى پىكىرلەردە، كارتېر بېيجىڭغا ئىشكىنى ئېچىش ئارقىلىق ۋەھشىي يالماۋزدىن بىرنى ئۆتتۈرىغا چىقاردى، دېيىلدى. كىسسىنجېر كارتېرنى بېيجىڭ تەرەپنىڭ «ئاشكارا ئەسكىرىي تاجاۋۇزغا تەڭداش» قىلمىشى بىلەن بىلەن «بىرەسمىي ھالدا تىل بىرىكتۈرۈپ»، بۇ ئارقىلىق كامبودژا كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە ۋاستىلىك هالدا ياردەم قىلىش بىلەن ئەيىبلىدى.(53) كىسسىنجېر غەزەب بىلەن شۇنى ئىپادە قىلدىكى، دۆلەت مۇدائىپە مىنىستىرى خەرولد بروۋن (**Harold Brown**) نىڭ خىتاي زىيارىتى «بىر نەچچە يىل ئاۋۋالقى مەزگىلگە قارىغاندا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خىتاي-ئامېرىكا ھەمكارلىقىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە ئىشارە قىلدى.»

توققۇزىنچى ياردەمگە **43**-نومۇرلۇق پرېزىدېنت بۇيرۇقى بويىچە، **1978**-يىلى ئىمزا قويۇلۇپ، ئامېرىكانىڭ مائارىپ، ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىكى، ئالەم بوشلۇقى، گېئولوگىيە، سودا ۋە ئاممىۋى ساغلاملىق قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەردىكى ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيە تەرەققىياتلىرىنىڭ خىتايغا يۆتكىلىشى ئىشقا ئاشتى. (54) كېيىنكى يىلى، كارتېر ھۆكۈمىتى خىتايغا ئامېرىكانىڭ شېرىكى سۈپىتىدە ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەت (**most-favored-nation**) ئىمتىيازىنى بەردى.

ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە خادىمى، شۇنداقلا كېيىن ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغان جېيمس لىلي (**James Lilley**) «خىتايشۇناس» نامىلىق ئەسلىمىسىدە پرېزىدېنت كارتېرنىڭ يەنە **1979**-يىللىرىدا خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىدا سىگناللىق ئاخبارات يىغىش نۇقتىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا هوقۇق

بەرگەنلىكىنى يازىدۇ. لىلىي مۇنداق يازىدۇ:«مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن ئوردىن بىلەن تارتۇقلىنىشىمغا مېنىڭ بېيجىڭدا تۇنجى قېتىملىق مەركىزى ئاخبارات ئورگىنىنى تەسىس قىلىشىم سەۋەب بولغان. مېنىڭ يەنە بىر تۆھپەم، خىتاي بىلەن ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرىنى ئورتاقلىشىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە رول ئوينىشىم بولدى. بۇ ئاڭلىماققا مۇناسىۋەتسىز ئىككى ئىشنى باغلاشتۇرۇپ قويغاندەك بىر پىكىر. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ۋېيتنامدا ۋاكالەتچىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىپ تۇرغان ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئەمدىلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات تېخنىكىسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى بىرلىشىپ تۇرۇپ توپلىدى.(55)

1978-يىلى، مېنىڭ ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى خامچوت كومېتىتىدا كەسپىي خادىم بولۇپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلىرىم ئىدى. بۇ ۋاقىتتا مەن يەنە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتىم. بۇ يەردە مەن خىتايغا مۇناسىۋەتلىك مەخپىي ئانالىزلارنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم، شۇنداقلا بۇ ھەقتە دوكلات ۋە ئانالىزلارنى يېزىپ تۇرغان بولدۇم. 1980-يىلى رونالد رېگان ئاقسارايدا ئىككىنچى قېتىم پرېزدېنتلىق نامزاتلىقىغا چىققاندا، مەن ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ تەيىنلەندىم. شۇنداقلا، ئۇنىڭ تاشقى سىياسەت ھەققىدىكى تۇنجى نۇتۇقىنى يېزىشقا ياردەملەشتىم. مەن رېگاننىڭ مەسلەھەتچىلىرى ئارىسىدا ئورتاق كۆز قاراش ھېسابلانغان ــ ئامېرىكا خىتايغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ چوڭ تەھدىتىدىن ساقلىنىشى كېرەك دېگەن كۆز قاراشتا ئىدىم. رېگان سايلامدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مەن ئۆتكۈنچى پرېزىدېنتلىق گۇرۇپپىسىغا تاللاندىم. بۇ چاغدا مەن (خىتاي بىلەن) تېخىمۇ چوڭقۇر ھەمكارلىشىشنى تەشەببۇس قىلدىم. مېنىڭ ئىلگىرىكى شېرىكىم ئالېكساندىر ھېيگ (Alexander Haig) كارتېر ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان بارچە ئىشلىرىنى بىلەتتى. بۇ چاغدا ئۇ دۆلەت سېكرېتارى سۈپىتىدە بېيجىڭنى زىيارەت قىلدى ۋە كېيىنكى كۆڭۈلدىكىدەك قەدەم سۈپىتىدە، خىتايغا قورال سېتىپ بېرىشنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى.

پرېزدېنت رېگان تەرىپىدىن 1981-يىلى ئىمزالانغان دۆلەتلىك بىخەتەرلىك قارارى كۆرسەتمىسى(11 (NSDD دە ،بەش بۇرجەكلىك بىنا خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىنى دۇنياۋىي سەۋىيەگە ئىگە ئۇرۇش قىلىش كۈچىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخنولوگىيىلىرىنى خىتايغا سېتىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلدى. كېيىنكى يىلى، خىتاينىڭ ھەربىي ئىگىلىكتىكى ۋە خەلق ئىگىلىكىدىكى ئاتوم پروگراممىلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، رېگاننىڭ دۆلەتلىك بىخەتەرلىك قارارى كۆرسەتمىسى 12گە بىنائەن، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئاتوم ھەمكارلىقى ۋە تەرەققىياتى باشلاندى.

رېگان ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پرېزدېنتلارنىڭ خىتايغا تۇتقان سىياسەتلىرى توغرۇلۇق چوڭقۇر گۇماندا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل مەيدانى ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر دەرىجىدىكى بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولدى. رېگان خىتاينىڭ يوشۇرۇن تەبىئىتىنى مەندىنمۇ، شۇنداقلا ئۆز ھۆكۈمىتىدىكى كۆپلىگەن خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىدىنمۇ ياخشى كۆرۈپ يېتەلىگەن ئىدى. تاشقى جەھەتتىن قارىغاندا، رېگان ــ نىكسون ـ فورد ـ كارتېرنىڭ خىتايىنى قۇرۇپ چىقىش لېنىيىسىگە ئەگەشتى. رېگان تەرىپىدىن 1984-يىلى ئىمزالانغان دۆلەتلىك بىخەتەرلىك قارارى بۇيرۇقى 140 دا «خىتاينىڭ زامانىۋىلىششىغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق خىتاي كۈچلۈك، بىخەتەر ۋە مۇقىم؛ شۇنداقلا، ھەم ئاسىيانىڭ، ھەم دۇنيانىڭ تىنىچلىقىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغان باش كۆرۈنۈۋاتقان كۈچ بولالايدۇ» دېگەن قۇرلار مەۋجۇت ئىدى. (دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى، دۆلەتلىك بىخەتەرلىك قارارى كۆرسەتمىسىگە مۇناسىۋەتلىك خادىملار دۆلەتلىك بىخەتەرلىك قارارى بۇيرۇقى 140 نىڭ تارقىتىلىشىغا قاتتىق چەك قويغان بولۇپ، بۇ

ھۆججەتتىن پەقەت ئون بەش نۇسخىلا بېسىلغان. رېگان ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينى كۈچلەندۈرۈشتىكى مۇنازىرە قوزغايدىغان قارارى بۇ ھۆججەتنىڭ بۇ دەرىجىدە مەخپىي تۇتۇلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.)(56)

رېگان خىتاينى كۈچلۈك قىلىپ چىقىش ئۈچۈن بۇ بۇيرۇقلارغا ئىمزا قويغان. ھەتتا، خىتايغا قورال-ياراغ سېتىپ بېرىپ، تەيۋەنگە قورال-ياراغ سېتىشنى ئازايتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پرېزدېنتلارغا ئوخشىمايدىغىنى، رېگان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئاگاھلاندۇرۇشنى، يەنى ئامېرىكانىڭ خىتايغا ياردەم بېرىشى خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چەك ئايرىش مەيدانىدا تۇرۇشى، ھەمدە ئۆزىدىكى مۇستەبىت سېستىمىنى ئەركىنلەشتۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىلاۋە قىلغان. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بۇ ئالدىنقى شەرتلەرنى ئومۇمەن نەزەردىن ساقىت قىلغان. قانداقلا سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پرېزدېنت رېگان ئۆزىمۇ مۇشۇنداق قىلغان.

بۇنىڭدىن سىرت، رېگان ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ ئېنېرژىيىلىق، ئاپتوماتلىشىش، بىئوتېخنولوگىيە، لازېر نۇرى تېخنولوگىيىسى، ئالەم بوشلۇقى تېخنولوگىيىسى، ئادەملىك ئالەم كېمىسى تېخنولوگىيىسى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا ئادەم تېخنولوگىيىسى ۋە باشقا كۆپلىگەن ساھەلەردە كەسپىيلىشىشى ئۈچۈن خىتاينى ئىقتىسادىي ۋە تەربىيىلەش ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى. رېگان ھەتتا خىتاينىڭ بىر ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلىرىدىن بىرى بولغان دۆلەت بىخەتەرلىكى ئالىي تەتقىقات قۇرۇلۇشى ئورگىنىنى زىيارەت قىلىشىنى تەستىقلىدى. بۇ ئىنتېرنېت، رەقەملىك مەشغۇلات قىلىش ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان يۇقىرى تېخنىكىلىق پروگراممىلارنى كەشىپ قىلغان ئورگان ئىدى.

رېگاننىڭ پرېزدېنتلىق دەۋرىدە، ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغان ھەربىي ھەمكارلىقى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا تەسەۋۋۇرمۇ قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۈچەيدى. ئامېرىكا سوۋېتقا قارشى ئافغان قوزغىلاڭچىلىرى، كامبودژا كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئانگولادىكى كۈباغا قارشى كۈچلەر قاتارلىقلارنى ئەسكىرىي ياردەم بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن خىتاي بىلەن بىرلىكتە مەخپىي ھەرىكەت قىلدى. بىزنىڭ ۋېيتنامنىڭ كامبودژانى بېسىۋېلىشىغا قارشى ھەمكارلىقىمىز بۇ ھەمكارلىق پروگراممىسىنى ئاشكارىلىغان ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ تۆت ئەمەلدارى بىلەن بولغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق «كامبودژا ئۇرۇشى» ناملىق كىتابتا بايان قىلىنغان. بۇ ھەمكارلىق ۋېيتنامغا قارشى ئەللىك مىڭ كىشىلىك زەربىدارلار ئەترىتىنى قوراللاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.(57)

جورجى كرايل (George Crile) نىڭ «چارلىي ۋىلسوننىڭ ئۇرۇشى» دېگەن كىتابىدا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشقا خىزمەتچىلىرى ئاشكارىلىغان تېخىمۇ كۆپ مەخپىيەتلىكلەر بار، مەسىلەن ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئافغانىستان قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن خىتايدىن ئىككى مىليارد دوللارلىق قورال سېتىۋالغانلىقى دېگەندەك (58). كىسسىنجېرنىڭ ئەسلىمىسىدە، (ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ) ئانگولادىمۇ مەخپىي ھەمكارلاشقانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ (59).

نېمە ئۈچۈن بۇ خىل كەڭ كۆلەملىك مەخپىي ھەرىكەتلەردە خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلاشقۇسى كېلىپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ تولۇق جاۋابىنى پەقەت بېيجىڭ ئۆزىنىڭ ئارخىپلىرىنى ئاشكارىلىغاندا ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىرەر ئەمەلدار خىتايدىن يۈز ئۆرۈگەندە ئاندىن بىلەلەيمىز. نۆۋەتتە بىز بىلىدىغان بىر ئىش شۇكى، بېيجىڭ ئامېرىكانىڭ كۈچى ۋە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈن مەزگىلدە ئۆزىنى كۈچلەندۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق نۇقتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن ئىستراتېگىيە-

لىك قورشاۋ شاھمات ئويناش ئېھتىياجى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورشاۋىنى توسۇش ئېھتىياجى بارلىقىنى بىلدۈرۈشتەك قىلاتتى. ھېچكىم بۇنى «مارافون» مۇساپىسىدە تېخىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈرۈنۈشى دەپ قارىمىغانىدى. خىتاي بىرگە ئۆزىنى ئاجىز، مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرغان، ياردەمگە موھتاج قىلىپ كۆرسەتكەنىدى.

ئونىنچى ياردەمدە، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى پاترىك تايلېرنىڭ دېيىشىچە، ئامېرىكا – خىتاي ئىستىخبارات دائىرىلىرىنىڭ خىتاي – سوۋېت چېگراسى بويىدا «كاشتان پىلانى» دېگەن مەخپىي نامدا يىغىلىشى ماقۇللانغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنرەك، يەنى **1979** – يىلى **8** – ئايدا پىرېزىدېنت كارتېرنىڭ مۇئاۋىنى ۋالتېر موندېيىلىنىڭ خىتايغا قىلغان سەپىرىدە، بەشبۇرجەك بىنا (ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، ت) ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ھەربىي ئايروپىلان ئارقىلىق «كاشتان» كۆزىتىش پونكىتىنى خىتايغا توشۇدى. تايلېرنىڭ خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، شۇ نەرسە روشەنكى، خىتاي ئامېرىكادىن **C-141** «توشۇغۇچى يۇلتۇز» ناملىق ئايروپىلاننى بېيجىڭ ئايرودرومىغا، سوۋېت ئۇچقۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ يېنىغا توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا (خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۆز - كۆز قىلماقچى بولغان **(60)**.

تايلېرنىڭ دېيىشىچە، بۇ كۆزىتىش پونكىتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھاۋا قاتنىشى، ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى رادار سىگناللىرى، ك گ ب نىڭ ئالاقىلىرىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى توپلىيالايدىكەن، شۇنداقلا بۇ پونكىتلار يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى يادرو قورال‌لىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش دەرىجىسىدىكى ھەرقانداق ئۆزگىرىشنى بايقىيالايدىكەن **(61)**. دېمەك، بۇ خىل ئەھۋالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى خىتايغا ھۇجۇم قىلىپ قالسا، خىتاينىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش ۋاقتى ئەسلىدىكىدىن خېلىلا ئۇزىرايدۇ دېگەن گەپ. بۇ **1979** – يىلى **12** - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى يۆلەۋاتقان ۋېيتنامنىڭ كامبودژاغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى-نىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن باشلانغان خىتاينى قورشاش ئۇرۇنۇشىدىن بىر قانچە ئاي ئاۋۋالقى شۇ مەزگىلدە خىتاينىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن غايەت زور ئەۋزەللىك ھېسابلىناتتى. خىتايلار ئۆزىنىڭ سەبىرچانلىقى ئارقىلىق كىسسىنجېر، ئىكول ۋە مەن شۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغاندىنمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشكەنىدى.

«شى»(ۋەزىيەت)نىڭ تەقەززاسىغا كۆرە، خىتاي سوۋېت قورشاۋىنىڭ ئافغانىستان ۋە ۋېيتنامدىكى ئىككى «قىسقۇچ»ىنى ۋەيران قىلىشتا، ئۆزىنى چوقۇم ئامېرىكانىڭ ياردىمىگە موھتاج دەپ ئويلىغان. شۇ تەرىقىدە ئەھۋال ماۋ زېدۇڭنىڭ زامانىسىدىكىدىنمۇ بەكرەك «يوللۇق»لىشىپ، دېڭ شياۋپىڭ «زومىگەر» (ئامېرىكا)دىن زور ياردەملەرنى ئېلىش ئالدىدا تۇراتتى **(62)**.

**1982**– يىلدىن **1989** – يىلغىچە، خىتاي بىلەن ئامېرىكانىڭ «كامبودژا پىلانى» خىتاي، تايلاند خان جەمەتى ئارمىيەسى، سىنگاپور ۋە مالايسىيانىڭ ياردىمىدە باشكوكنى خورىتىپ تۇگەتتى. بۇئامېرىكانىڭ خىتايغا قىلغان ئون بىرىنچى ياردىمى ئىدى. مەزكۇر يوشۇرۇن ھەمكارلىق قىسمەن ئاشكارىلىقلىقى سەۋەبلىك يىگىرمە يىلغىچە ئوڭۇشلۇق ھالدا نىقابلىنىپ كېلەلىدى. ئامېرىكا خەلقئارا تەرەققىيات مەھكىمىسى **(USAID)** مەزكۇر پىلاننىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان فىلورىدالىق ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى بىل مەككوللۇم **(Bill McCollum)** ۋە دېموكراتلار پارتىيەسىدىن نيۇيوركلىق ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى ستىفېن سولارز **(Stephen Solarz)**نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان فوندلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ كامبودژادا جانغا زامىن بولمايدىغان ئىنسانىي ياردەملەرنى قىلىشنى كاپالەتلەندۈرگەن. كېنس كونبوي **(Kenneth Conboy)**نىڭ خاتىرىسىدە كۆرسىتىلگەندەك، بۇ ئىككى ئاشكارا پىلاننىڭ ئارقىسىدا، رېگان مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىگە يوشۇرۇن ياردەم بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ ياردەم باشلىنىشىدا، يەنى **1982** – يىلى ئىككى مىليون دوللار بولغان بولسا، **1986** – يىلى ئون

ئىككى مىليون دوللارغا ئۆستۈرۈلگەن (63). مەزكۇر پىلان تايلاندلىقلار تەرىپىدىن «308 لايىھەسى» دەپ ئاتالغان لايىھەنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن. خىتاي، مالايسىيا، سىنگاپور ۋە تايلاند قاتارلىقلارمۇ قورال – ياراغ ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن. سىنگاپورنىڭ باش مىنىستىرى لى گۇاڭياۋ ھەتتا باڭكوكتىكى مەخپىي لاگېرنى زىيارەت قىلغاندى. مەنمۇ 1985 – ۋە 1986 – يىللىرى بۇ يەرنى زىيارەت قىلغان ۋە ئەينى چاغدا شۇ يەردىكى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى پونكىتىنىڭ مەسئۇلى مېنى زۆرۈر ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەنىدى. ئۇ ئىلگىرى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باش شتابىدا يىراق شەرق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ، كېيىن باڭكوكقا يۆتكىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى توغرىسىدا، مەزكۇر پىلانى، يەنى خىتاي بىلەن بىرلىشىپ سوۋېتقا قارشى تۇرۇشنى بىردىنبىر تاللاش دەپ قارايتتى (64).

كامبودژادىكى پىلان باشلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1984 – يىلى يازدا باشلانغان خىتاي - ئامېرىكا ئارىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئافغانىستاندىن چىقىرىۋېتىش توغرىسىدىكى مەخپىي ھەمكارلىقنىڭ كۆلىمى كامبودژادىكىنىڭكىدىن ئەللىك ھەسسە زور ئىدى.

بىز ئەينى ۋاقىتتا «شى»نى ۋە «قورشاۋغا قارشى تۇرۇش»نى چۈشەنمەيتتۇق. شۇ ۋەجىدىن ھېچكىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى غەزەپلەندۈرۈش بەدىلىگە ئامېرىكانىڭ ئافغانىستان قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەم بېرىش جەريانىدىكى ئەڭ ئاساسلىق قورال – ياراغ تەمىنلىگۈچى بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. بۇ ئىشنى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدىكى زېرەك، خىتايچىنى پۇختا بىلىدىغان دوستىمىز جوۋ دېترانى (Joe Detrani) بايقىغانىدى (65). خىتاينىڭ بۇ ئىش (ئافغانىستان قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەم بېرىش) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتتىق مەخپىي تۇتۇلغان بولۇپ، تايلېرنىڭ دېيىشىچە، ئەينى چاغدا پۈتۈن مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدا بۇ پىلانى بىلىدىغانلارنىڭ سانى ئونغا يەتمەيتتى. خىتاي ھېلىھەم ئۆزىنىڭ (ئافغانىستان قوزغىلاڭچىلىرىنى) قورال – ياراغ بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

جورجى كرايل «چارلىي ۋىلسوننىڭ ئۇرۇشى» دېگەن بۇ كىتابتا، (ئافغانىستان قوزغىلاڭچىلىرى ئۈچۈن خىتايدىن قورال – ياراغ زاكاس قىلغاندا) تۇنجى قېتىم AK-47 ئاپتوماتى، پىلموت، راكېتا بىلەن ئېتىلىدىغان تانكىغا قارشى گراناتات ۋە مىنا قاتارلىقلار زاكاس قىلىنغانىدى (66).

1984 – يىلى ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى چارلى ۋىلسون ئافغانىستاندىكى قوزغىلاڭچىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 50 مىليون دوللار توپلىغانىدى. كرايلىنىڭ دېيىشىچە، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى شۇنىڭ ئىچىدىكى 38 مىليون دوللارغا خىتاي ھۆكۈمىتىدىن قورال – ياراغ سېتىۋېلىشنى قارار قىلغان. 1990 – يىلى «ۋاشىنگتون پوچتىسى» تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان ئىسمىنى يوشۇرغان بىر مەنبەنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى ئالتە يىللىق يوشۇرۇن ھەمكارلىق جەريانىدا، خىتاي تەمىنلىگەن قورال – ياراغنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئىككى مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن.

رېگاننىڭ دەۋرىدە، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن ھەمكارلىق ئەۋجىگە چىققان. پرېزىدېنت رېگان ۋە فورد خىتاينى سوۋېتقا ئالاقىدار ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلىگەن. پرېزىدېنت كارتېر «كاشتان ئوغرىلىقچە تىڭشاش پىلانى»نى تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتايغا ــ يوشۇرۇن بولسىمۇ ــ ھەقىقىي ئىستراتېگىيەلىك شېرىك سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغىنى رېگان ئىدى.

بۇ ئۈچ ئاساسلىق پىلان ئافغانىستان، كامبودژا ۋە ئانگولادىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قوزغىلاڭچىلارغا ياردەم بېرىشكە ئالاقىدار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۈچ يۇلتۇزلۇق گېنېرالغا باراۋەر كېلىدىغان مەمۇرىي خادىم بولۇپ ئۆستۈرۈلگەنىدىم ۋە سىياسەت پىلانلاشقا ۋە بەشبۇرجەك بىنادىكى يوشۇرۇن ھەرىكەتكە مەسئۇل بولۇپ، سىياسەتكە مەسئۇل فرېد ئىكول (Fred Iklé) گە خىزمىتىمنى دوكلات قىلاتتىم. ئىكول ئىككىمىز كىسسىنجېرنىڭ 1973 – يىلىدىكى خىتايغا ياردەم بېرىش تەكلىپىنى ۋە پرېزىدېنت كارتېرنىڭ «كاشتان پىلانى»نى بىلىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەردىن ئىدۇق. ئۇ ئىككىمىز

خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن ھەقىقىي ئىتتىپاقداش بولۇشنى خالايدىغان – خالىمايدىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈشكە ھازىر ئىدۇق. (بۇنىڭدىن چىققان) ئىجابىي جاۋاب نۇرغۇن پېشقەدەم ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا خىتايغا قۇچاق ئېچىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

مېنىڭ ۋەزىپەم ئافغانىستان، كامبودژا ۋە ئانگولادىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىسلامئاباد، باڭكوك ۋە جەنۇبىي ئانگولادىكى رەھبەرلىرى بىلەن ئايرىم – ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ پىلانى ۋە ئېھتىياجىنى ئېنىقلاش ئىدى. مەن يەنە خىتاينىڭ مەسلىھەتى، ماقۇللۇقى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكىمۇ ئەۋەتىلگەنىدىم. بىز پرېزىدېنت رېگاننىڭ **166** - نومۇرلۇق «دۆلەت بىخەتەرلىك قارارى بۇيرۇقى» **(NSDD)** نى ئىمزالىشىنى تەشەببۇس قىلغانىدۇق، بۇنىڭدا ئافغانىستاندىكى ۋەزىيەت يامانلاشسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆچ ئېلىشى مۇمكىنلىكى نەزەردە تۇتۇلغانىدى **(67)**. بىز خىتاينىڭ ۋەزىيەت ھەققىدىكى مۆلچەرىگە، غايىۋىراق ئويلىغاندا ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدۇق.

شۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ژۇرنالىست ستىۋ كول **(Steve Coll)**«خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن كېلىشتۈرۈلگەن سودىلاردا ئۆزلىرى ساتقان قورال-ياراقلاردىن غايەت زور پايدىغا ئېرىشكەن» لىكىنى ئىلگىرى سۈردى. **(68)** ئەگەر ئامېرىكانىڭ سوۋېتقا قارشى قوزغىلاڭچى گۇرۇپپىلارنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن خىتايدىن ئىككى مىليارد دوللارلىق قورال سېتىۋالغانلىقى راست بولسا، خىتاينىڭ ئامېرىكادىن ئۆزى ئۈچۈن **500** مىليون دوللارلىقتىن كۆپرەك ھەربىي ئەسلىھەلەرنى سېتىۋېلىشى بۇنىڭغا نىسبەتەن ئاز ھېسابلىناتتى.

خىتايلار (سوۋېتقا قارشى) ئۆكتىچىلەرگە بېرىلىدىغان قوراللارنى بىزگە سېتىپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بۇ خىل مەخپىي ھەمكارلىقنى قانداق ئېلىپ بېرىش ھەققىدىمۇ بىزگە مەسلىھەت بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ تەكلىپ – مەسلىھەتلىرىدىن خىتاينىڭ چۆكوۋاتقان زومىگەر دۆلەتكە ـــ شۇ ۋاقىتتا، (خىتاينىڭ نەزىرىدىكى چۆكوۋاتقان) بۇ «زومىگەر» سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدى ـــ قارىتىدىغان ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە ئازدۇر – كۆپتۇر مەلۇماتقا ئېرىشكىلى بولاتتى. ئالدى بىلەن، خىتاي سوۋېتنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك دېگەن نۇقتىنى تەكىتلىدى. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ ھەقتىكى تاكتىكىلارنىڭ بىرى ئېمپىرىيە (سوۋېت ئىتتىپاقى)نىڭ دۆلەت چىقىمىنى ئاشۇرۇش ئىدى. مەن تۇنجى قېتىم ئافغانىستان ۋە ئانگولادىكى ئۆكتىچىلەرنى «نەشتەر» ناملىق ھاۋا مۇداپىئەسى باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى بىلەن تەمىنلەش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، خىتايلار بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىك ئۇچار ۋە كۈرەشچى ئايروپىلانلىرىنى ۋەيران قىلسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور چىقىمغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇش بولۇپ كەتكەنىدى.

خىتايلارنىڭ ئىككىنچى پىلانى باشقىلارنى ئۇرۇشقا سېلىش ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى « 无为 » (ئارىلاشماسلىق) ئۇقۇمىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئۈچىنچى پىلان چۆكوۋاتقان زومىگەر (سوۋېت ئىتتىپاقى)نىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى. كامبودژا ئۆكتىچىلىرى سوۋېتنىڭ ۋېيتنامدىكى قورچاق ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئانگولادىكى ئۆكتىچىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانلىرى ئارقىلىق ئانگولاغا كەلگەن كۇبالىقلارنى قوغلاۋاتاتتى. ئەگەر ئەينى چاغدا ئۆكتىچىلەرنىڭ قولىدا «نەشتەر» ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا بولغان بولسا، بۇ ئايروپىلانلارمۇ ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن بولاتتى. ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىق داۋامىدا يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكىنى قىلدى.

مەن خىتايلاردىن (يۇقىرىقىلارغا قوشۇپ) تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئىشنىمۇ قىلىشنى بەكلا قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىق دەپ قارايدىغان – قارىمايدىغانلىقىنى سورىدىم. (بۇلارنىڭ بىرىنچىسى) بىز ئافغانىستان ئۆكتىچىلىرىنى

كېرەكلىك ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىدە پارتىزانلىق ھۇجۇمى قىلىشنى رىغبەتلەندۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟ (بۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى داۋامىدا ھېچقاچان قىلىنىپ باقمىغان ئىش ئىدى) (ئىككىنچىسى) ئافغانىستان ئۆكتىچىلىرىنىڭ نىشانلىق يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش پىلانىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار تەلەپ قىلغان يىراق مۇساپىلىق مەرگەن مىلتىقى، كېچىلىك مۇھاپىزەت كۆزەينىكى ۋە ئافغانىستاندا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك سوۋېت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن خەرىتە دېگەنلەرنى ئۇلارغا بەرسەك بولامدۇ؟ خىزمەتداشلىرىم خىتايلار بۇنداق ئىشلارغا يېقىن كەلمەيدۇ دېيىشكەندى. مەن خىتاي تارىخىنى ناھايىتى كۆپ ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن، خىتايلارنىڭ بۇ ئىككى تەكلىپكە ماقۇل دەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلساممۇ، لېكىن خىتايلار يۇقىرىقى ئىككى سوئالغا «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەندە، مەنمۇ خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىقىتىشقا بۇ قەدەر چىڭ بەل باغلىغانلىقىدىن ئىبارەت رەھىمسىزلىكىدىن ھەيران قالغانىدىم.

سىتىۋ كول ئۆزىنىڭ «پۇلىتسېر مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن كىتابى «ئەرۋاھ ئۇرۇشى»دا، ئاخىرىدا بۇ تەلەپلەرنى (خىتاي ئەمەس) ئامېرىكانىڭ رەت قىلغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇ يەنە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئادۋوكاتلىرىنىڭ بۇ قىلمىش (يەنى يۇقىرىقىدەك ھەرىكەت قوللىنىشنى) «ئاپئاشكارا قاتىللىق» بولغاچقا، ئافغانىستاندا تۇرۇۋاتقان مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى پونكىتىنىڭ مەسئۇلى «قولىغا كويزا سېلىنىش» ئاقىۋىتىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن دەپ ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى يازىدۇ **(69)**. شۇ ۋەجىدىن، (ئافغان ئۆكتىچىلىرىگە) مەرگەن مىلتىقنى بېرىشكە بولسىمۇ، خەرىتە بىلەن كېچىلىك مۇھاپىزەت كۆزەينىكىنى بەرگىلى بولمايتتى. خىتايلار پارتىزانلىق ھۇجۇمىنى رۇس زومىگەرىنى يىقىتىش ئۈچۈن ياخشى چارە دەپ قارىغان، شۇنداقلا بىزگە بۇنىڭ «چۆكۈۋاتقان زومىگەر»گە پسىخىكىلىق زەربە بېرىشتە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پىلانمۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا قىسقارتىۋېتىلدى **(70)**.

**1985** – يىلى، رېگان ھۆكۈمىتىنىڭ باھاسى بىر مىليارد دوللاردىن ئاشىدىغان ئالتە ئاساسلىق قورال سىستېمىسىنى خىتايغا سېتىپ بېرىشكە تەييارلىنىشى بىلەن، خىتاينىڭ «مارافون»نىغا بېرىلىدىغان ياردەمنىڭ دائىرىسى ئامېرىكانىڭ قورال – ياراغلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ پىلان خىتاينىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەسىنى كۈچەيتىشنى، ھەتتا خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىنى كېڭەيتىشنى نىشان قىلغانىدى **(71)**. شۇنداقلا، **1986** – يىلى **3** - ئايدا، رېگان ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئىرسىيەت تېخنىكىسى، ئەقىللىق ماشىنا ئادەم تېخنىكىسى، سۈنئىي ئەقىل، ئاپتوماتلاشتۇرۇش، بىئوتېخنىكا، لازېر نۇر تېخنىكىسى، دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېر، ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى ۋە ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن سەككىز يەردە دۆلەتلىك تەتقىقات مەركىزى قۇرۇشقا ياردەم قىلدى **(72)**. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، خىتاي ئون مىڭدىن كۆپرەك تۈردە زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، خىتاينىڭ «مارافون» ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغان بۇ ئىلگىرىلەشلەر ئاساسەن غەربنىڭ ياردىمى سايىسىدە ۋۇجۇدقا چىققانىدى. رېگان ھۆكۈمىتى خىتاينى يۆلەش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا زەربە بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇنداقلا رېگاندىن تارتىپ ھەممەيلەن خىتاينىڭ «بىز تېخىمۇ بەك ئەركىنلىشىش يولىدا كېتىۋاتىمىز» دېگەن گېپىگە ئىشىنىشكە مايىل ئىدى.

***

خىتاينىڭ سوۋېت قورشاۋىنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر تېپىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۇزۇش پىلانى ئۈنۈملۈك بولدى. **1989** – يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنداقلا ۋېيتنامىمۇ كامبودژادىن چېكىندى. ئەينى چاغدا، ۋاشىڭتون بىلەن بېيجىڭ شۇ خىل ئۆزئارا ئىشەنچ ئاساسىدا ھەقىقىي،مەڭگۈلۈك ئىتتىپاقداشلارغا ئايلىنالام-تى؟ مەنچە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر مەنتىقىسىگە كۆرە، خىتاينىڭ ئەمدى ھەقىقىي زومىگەر ــ ئامېرىكا بىلەن تۇتىشىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەنىدى.

«شى»نىڭ ھالقىلىق تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى دۈشمەننىڭ قورشاۋغا ئېلىش ئۇرۇنۇشىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئالاقىداردۇر. 1989 – يىلى 2 – ئايدا، دېك شياۋپىڭ بېيجىڭدا (شۇ چاغدىكى ئامېرىكا پىرېزىدېنتى) جورجى H.W.بۇش بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۆزىنىڭ 1980 – يىللىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەسلەپ، سوۋېت قورشاۋىنىڭ خىتاي ئۈچۈن ئەجەللىك تەھدىت بولغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن قورشاۋ شاھمات ئويۇنىنىڭ ۋەزىيىتى خىتاينىڭ بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى قورشىشىغا ئۆزگىرىۋاتاتتى. كۈچلۈك «زومىگەر» ئامېرىكا داۋاملىق كۈچىيىۋاتقان، موسكۋا بولسا ھالسىراۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، خىتاينىڭ «شى»نى قانداق مۆلچەرلەيدىغانلىقىنى ھېچكىم ئالدىن بىلەلمەيتتى.



# 4

## ئاق ئەپەندى ۋە يېشىل خانىم

### « توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش» ـــ «ئوتتۇز ئالتە تەدبىر»دىن

1989 – يىلى 4 – ئايدا، مەن بېيجىڭنى 13 – قېتىم زىيارەت قىلدىم. ئۇ ۋاقىتتا مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە ئىككى ۋەزىپە ئۆتەۋاتاتتىم: مەن ھەم ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى ئىدىم، ھەم ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ نەزەرىيەلىك باھالاش ئىشخانىسى ئۈچۈن خىتاي توغرىسىدا دوكلات تەييارلايتتىم. بۇ ئىشخانا دوكلاتلارنى بىۋاسىتە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى دىك چېنى (Dick Cheney) غا سۇناتتى. شۇ چاغدا، مېنىڭ بەلگىلىك ھوقۇقۇم بار ئىدى، ھەتتا مەن 1983 – يىلى دېڭ شياۋپىڭ بىلەن ئۇزۇن سۆھبەتمۇ ئۆتكۈزگەنىدىم. ئەينى چاغدا، مەن ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۈچۈن تەرجىمە قىلغان، خىتاينىڭ ھەربىي ماقالىلىرىدىن تۈزۈلگەن كىتابىمنىڭ نوپۇزىنى ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋېلىشنى خىتايچە سورىغىنىمدا، ئامېرىكانىڭ شۇ چاغدىكى خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئارسېر خاممېل (Arthur Hummel) قاتتىق ھەيران قالغانىدى (1).

**1989** – يىلىدىكى زىيارەتتە، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ئوقۇغۇچىلار نامايىشى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئېنىقلىماقچى ئىدىم. قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ (خىتاينىڭ دېموكراتىكلىشىش يولىدىكى) ئىسلاھاتنى تېزلىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ئېيتاتتى. بىز بېيجىڭنىڭ بۇ جەھەتتە ياخشى خىزمەتلەرنى قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتۇق. شۇنداقلا بىزلەر، يەنى ئامېرىكادىكى خىتاي ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقانلار خىتايدىكى دېموكراتىيەگە ۋە كاپىتالىزمغا مايىل يۈزلىنىشنىڭ ئاساسەن ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتۇق.

**1989** – يىلى **4** – ئاينىڭ **22** – كۈنى، مەن شۇ چاغدىكى ئامېرىكا مۇۋاققەت باش ئەلچىسى پېتىر تومسېن **(Peter Tomsen)**نىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىغا بېرىپ، بەزى ئوقۇغۇچىلارنى زىيارەت قىلىش رۇخسىتىگە ئېرىشتىم **(2)**. مەن ئۆزۈممۇ **1960** – يىللىرىدا نامايىشچى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدىم، شۇنداقلا مەن خىتايدىكى دېموكراتىيەنى قوللايدىغان نامايىشنىڭ قانداقراق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنىڭ پايدىسى بار دەپ ئويلىغانىدىم. مەن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، پېتىر ئۆزىدىن ئىلگىرىكى باش ئەلچى ۋىنستون لورد **(Winston Lord)** نىڭ بولغۇسى پرېزىدېنت جورجى **H.W**.بۇشقا ئەۋەتكەن مەخپىي تېلېگراممىسىنى ماڭا كۆرسەتتى.

پرېزىدېنت فوردنىڭ دەۋرىدە خىتايدا تۇرۇشلۇق ئەلچى بولۇپ باققان چوڭ بۇش (ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا) ئۇنۇملۇك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تولىمۇ قىزىقاتتى. ئۇ پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن، **1989** – يىلى **2** – ئايدا چەتئەلگە قىلغان تۇنجى سەپىرىدە، بېيجىڭنى زىيارەت قىلغانىدى. بۇ مەن خىتايغا بېرىشتىن ئىككى ئاي ئاۋۋال ئىدى. بۇش خىتايدىن ناھايىتى ئۈمىدۋار كەيپىياتتا ئايرىلىپ، ئاۋام پالاتاسى بىلەن كېڭەش پالاتاسىنىڭ بىرلەشمە مەجلىسىدە «دېموكراتىيە شاملىدا يېڭى ئۈمىدلەر تۇغۇلۇۋاتىدۇ، ئەركىن بازارنىڭ قۇدرىتى يېڭى بىر كۈچنى مەيدانغا چىقىرىۋاتىدۇ» دېگەنىدى **(3)**.

لورد تېلېگراممىسىدا، ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتىدىكى ئاكتىپ ۋەزىيەتنى بېيجىڭدىكى «ئىشەنچلىك» ئۈچ مەنبەسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ قاتتىق ماختىغان. ئۇشبۇ تېلېگراممىدا «خىتاي كەنتلىرىدە دېموكراتىك سايلام باشلاندى، بۇ ئۇزاققا قالماي (دۆلەتلىك سايلامغىمۇ) كېڭىيىدۇ»، «خىتايدا ھەقىقىي ئەركىن بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى تۈگىتىش ئاساسى مەۋجۇت»، «بېيجىڭ بىلەن موسكۋانىڭ كېلىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەندەك كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ئۆسەك سۆزلەر تەكرارلانغانىدى. باش ئەلچى لورد تېلېگراممىسىدا يەنە «خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىمۇ، تيەنئەنمېن مەيدانىدا دېموكراتىك ئىدارە قىلىنىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارمۇ ئامېرىكا مەنپەئەتى ئۈچۈن تەھدىت ئەمەس» دېگەن.

لورد ئۆز قارىشىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇنىڭ ئامېرىكادىكى خىتاينى تەتقىق قىلىۋاتقانلار ئارىسىدىكى ئومۇمىي قاراش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. مېنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە سۇنغان دوكلاتىمدىمۇ مۇشۇ خىل كۆزقاراش ياقىلانغانىدى. گەرچە نامايىشچى ئوقۇغۇچىلار تيەنئەنمېن مەيدانىغا چىقىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن مەن «بۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئوقۇغۇچىلار ئالتىنچى ئايدا تەتىلگە چىقىدىغان ۋاقىت كەلگەندە ئۆزلۈكىدىن تاراپ كېتىشىدۇ» دەپ ئويلايتتىم. پەقەت، بىزنىڭ ئەلچىخانا خادىمىمىز پولكوۋنىك لاررى ۋورتزېل ( **Larry Wortzel**) لا ئوقۇغۇچىلار نامايىشىنى زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ئويلىغاندەك قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، خىتاي مەيدانىنى تازىلاش (نامايىشنى باستۇرۇش) ئۈچۈن ئارمىيەنى ئىشقا سالىدۇ دېگەن پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ۋورتزېلنىڭمۇ ماڭا ئوخشاشلا خىتاي قاتتىق قوللىرى بىلەن يىللارغا سوزۇلغان قويۇق ئالاقىسى بار ئىدى. ئۇ ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ كېيىن ماڭا «خىتاي ئارمىيەنى ئىشقا سالىدۇ» دېگەن قاراشقا كېلىشكە خىتاي قاتتىق قوللىرى سەۋەب بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇ قاتتىق قوللارنىڭ خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئوي – خىيالىنى

مۆتىدىللەردىن ياخشىراق چۈشىنىدىغانلىقىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

نۇرغۇنلىرىمىز (نامايىشچى) ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىدىكى ھەقىقىي ئىسلاھاتچىلارنى تەڭقىسلىقتا قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتۇق. بۇگۈنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر بۇ نۇقتىدا جاھىللارچە چىڭ تۇرۇۋالغانغا ئوخشاش، ئەينى چاغدا ھەممەيلەن دېگۈدەك خىتاينى مۇقەررەر ئىسلاھات يولىدا كېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى. دەرۋەقە، بىزگە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى بىر قانچە نەپەر قەھرىمان زور ئىسلاھاتنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ دېيىلگەنىدى. لېكىن، بىز بىر يىل ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئىسلاھاتچى «قەھرىمان»لارنىڭ) بەزىسىنىڭ تۈرمىلەرگە تاشلىنىشىنى، بەزىسىنىڭ ئۆيىدە نەزەربەند قىلىنىشىنى، بەزىسىنىڭ خىتايدىن يۈز ئۆرۈشىنى ياكى قېچىپ كېتىشىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدۇق. بىز خىتاي مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئىچىدە ئىسلاھات توغرىسىدا تالاش – تارتىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتۇق، ئەمما كىمنىڭ نېمە تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىغا ياكى ئىسلاھات دۈشمەنلىرىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە دائىر تەپسىلاتلاردىن بىخەۋەر ئىدۇق.

(ئەينى چاغدا) بىزنىڭ بۇ خىل كۆز قارىشىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغۇدەك پاكىتلار تولىمۇ ئاز ئىدى - يۇ، ئەمما بىز كۆرۈشنى خالىغان بولساق بۇنداق پاكىتلار يوقمۇ ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى، ئەللىك مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سابىق رەھبىرى، تاراتقۇلاردا دېيىلىشچە «تۈترۈقسىز» خاراكتېرى سەۋەبلىك (4) دېڭ شياۋپىڭ تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان خۇ ياۋباڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كوچىغا چىقىشى كىچىككىنە بولسىمۇ ھاياجانلىنارلىق ئىش ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يەتتە ھەپتىدە، ئوقۇغۇچىلار بەس - بەستە تيەنئەنمېن مەيدانىغا يىغىلىپ، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ سانى ئالاھەزەل بىر مىليونغا يەتتى. ئۇلار (خەلققە) سۆز ئەركىنلىكى ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكى بېرىشنى، چىرىكلىكنى ئازايتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇلار «مۇستەقىللىق خىتابنامى-

سى» بېسىلغان تاختىلارنى كۆتۈرۈۋالغان ۋە ئۈچ قەۋەت بىنانىڭ ئېگىزلىكىدە «دېموكراتىيە ئىلاھى»نىڭ ھەيكىلىدىن بىرنى ياساپ چىققانىدى. ئۇلار كومپارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى مىخائىل گورباچېفنىڭ (بېيجىڭغا قىلغان) دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى ھارپىسىدا ئاچلىق ئېلان قىلغانىدى. گورباچېف موسكۋاغا قايتىپ بارغاندا، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئاللىقاچان خەلقئارالىق خەۋەرگە، شۇنداقلا خىتاي مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنى تەڭقىسلىقتا قويىدىغان زور، يوشۇرۇن تۇراقسىزلىققا ئايلىنىپ بولغانىدى.

ئامېرىكالىقلار دېڭ شياۋپىڭنى خىتايدىكى ھەقىقىي ئىسلاھاتچى دەپ قارايتتى، شۇ ۋەجىدىن (ئۇلارنىڭ نەزىرىدە) خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ (دېڭ شياۋپىڭنى چوڭ كۆرۈشنىڭ ئورنىغا) بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالمىغان بۇ نامايىشلار ئارقىلىق خۇ ياۋباڭنى ھۆرمەتلىشى غەلىتە ئىش ئىدى. كۆپىنچىمىز ئىزچىل خۇ ياۋباڭغا ــ ھەم دېڭ شياۋپىڭغا ـــ خاتا باھا بەرگەنلىكىمىزنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدۇق.

مەن بۇ ھەقتە ئىچىمدە بىر گۇمان بارلىقى سەۋەبلىك، نامايىشچىلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولغانىدىم. پېتىر تومسېن ئىككىمىز ئۈستىدە ئامېرىكا بايرىقى بار كادىلاك ماركىلىق قارا پىكاپقا ئولتۇرۇپ تيەنئەنمېن مەيدانىغا باردۇق. بىز تەنتەربىيە مايكىسى كىيگەن، ئۇزۇن چاچ قويغان نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى بار يەرگە بارغۇچە ھېچكىم بىزنىڭ يولىمىزنى توسمىدى. بىز سۆزلەشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەققىدە ھېچقانداق پىلاننى بىزگە ئېيتمىدى، شۇنداقلا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىمۇ قىلمىدى. شۇ چاغدا 1968 – يىلى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋېيتنام ئۇرۇشىغا قارشى «ئىش تاشلاش كومىتېتى»دىكى كۈنلەر ئېسىمگە كېلىپ، ئۈچقۇچىلار كۆزەينىكى تاقىۋالغان ۋە توختىماي تاماكا چېكىدىغان ياش خىتاي پىروفېسسور بىلەن ئۇرۇشقا قارشى نامايىش

نامايىش ۋەقەلىرى ھەققىدە پاراڭلاشتىم. ئۇنىڭ ئىسمى ليۇ شياۋبو بولۇپ، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ تېخى بىر قانچە كۈن ئاۋۋال تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش ئۈچۈن نيۇيوركتىن قايتىپ كەلگەنىدى (5). ليۇ شياۋبو كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ زىيارەتچى تەتقىقاتچىسى بولۇپ، تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىرى ئىدى. لېكىن، ئۇ شۇنىڭدىن يىگىرمە يىل كېيىن «2008 نىزامنامىسى»نى ئىمزالىغانلىقى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغاندا ئاندىن تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالالىدى. ئارقىدىنلا ئۇ 2010 – يىللىق «نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئۇ شۇ چاغدىكى (1989 – يىللىرىدىكى) يازمىلىرىدا ئاشقۇن مىللەتچىلىك ۋە ھەربىي قاتتىق قوللۇقنى بىۋاستە تەنقىد قىلغانىدى. 1989 – يىلى خىتاي ۋە غەربتىكى ئاساسلىق كۆز قاراشتا قاتتىق قوللار يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتەلمەيدۇ ۋە ئارمىيە ھەرگىز ئوقۇغۇچىلارغا قارشى ئىشقا سېلىنمايدۇ، دەپ قارىلاتتى.

شۇ يىلى 5 – ئايدا، دېڭ شياۋپىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش ئېلان قىلىپ، 250 مىڭ ئەسكەرنى خىتاي پايتەختىگە كىرگۈزدى. نامايىشچىلار تارقىلىپ كەتكىلى ئۇنىمىغاندا، دېڭ شياۋپىڭ تانكا ۋە ئەسكەرلىرىگە تيەنئەنمېن مەيدانىغا كىرىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. قولىدا قورال يوق يۈزلىگەن، بەلكىم مىڭلىغان خىتاي ئوقۇغۇچىلار كوچىلاردا ئۆلۈپ كەتتى، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى يارغۇچى ئوق (Expanding bullets نىشانىنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرگەندىن كېيىن نورمال ئوقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك زەخمە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئالاھىدە ئوق، ت) بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتۈن ئىمارەتلەردىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئەسكەرلەر نامايىشچىلارنى تېپىپ، كالتەكلىدى. تانكىلار ئۆلارنىڭ پۇتلىرىنى، دۈمبىلىرىنى يەنجىپ ئۆتۈپ كېتىۋەردى. شۇ كۈنلەردە بىر رەت تانكىنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇۋالغان بىرەيلەننىڭ رەسىمى تېپىك تارىخىي خاتىرە بولۇپ قالدى. ئۇ ئادەمنى بىر قانچە كىشى تارتىپ كېتىپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئىز – دېرىكىنى ئالالمىدى.

***

تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ نۇرغۇنى ھاياتىنىڭ قالغان قىسمىنى نەزەربەند ئاستىدا ئۆتكۈزۈشكە مەھكۇم قىلىندى. كومپارتىيەنىڭ ئاقىللار ئامبىرىدىكى بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار ئامال قىلىپ غەربكە قېچىشنىڭ يولىنى ئىزدىدى. ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتى كۈچەيتىلدى، بولۇپمۇ بارلىق خىتايچە خەۋەر ۋە تارىخ كىتابلىرىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش (نامايىش)كە ئالاقىدار نەقىللەرنى ئۆچۈرۈش ئالاھىدە تەكىتلەندى. سىياسىي تەتقىقاتچى پېي مىنشىننىڭ كۆرسىتىشىچە، قىرغىنچىلىقتىن كېيىنكى بىر يىلدا، خىتاي ھۆكۈمىتى «12 پىرسەنت گېزىتنى، ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرىنىڭ 13 پىرسەنتىنى توختىتىپ، خىتايدىكى 534 نەشرىياتچىلىق شىركىتىنىڭ 76 پىرسەنتىنى تاقىۋەتكەن»(6). خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە 32 مىليون كىتابنى يىغىۋېلىپ، 150 فىلىمنى چەكلەپ، سەكسەن مىڭ ئادەمنى تاراتقۇ پائالىيەتلىرى سەۋەبلىرى جازالىغان (7).

مۇشۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتى ناھايىتى ئاستا ئۆزگەردى. پىرېزىدېنت بۇش دۆلەت مەجلىسىنىڭ تومسېندىن كېيىنكى خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى جېيمىس لىللې (James Lilley)نى قايتۇرۇپ كېلىش ياكى ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتىنى ماھىيەتلىك شەكىلدە ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشىنى توسۇش ئۈچۈن كۆپ كۈچىدى (8). ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە يازغىنىدەك، كونا باشلىقى رىچارد نېكسوننىڭ «(ئامېرىكا – خىتاي ئارىسىدىكى) بۇ مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ قويماڭ. (بېيجىڭدا) يۈز بەرگەن ئىشلار قاتتىق ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك شەكىلدە ناچار بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، سىز يىراقنى كۆزلەڭ» دېگەن سۆزىگە قۇلاق سالدى. بۇشنىڭ دېيىشىچە، نېكسون «مەنچە بىز خىتاي بىلەن بولغان سودىنى توختىتىپ قويماسلىقىمىز ياكى (بۇ جەھەتتە) سىمۋوللۇق بىرەر ئىش قىلماس-

لىقمىز كېرەك. چۈنكى، يىراقنى نەزەردە تۇتقاندا بىز خىتاي بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلىمىساق بولمايدۇ» دېگەن (9). بىر مەھەل، بۇش تيەنئەنمېن مەيدانىغا يىغىلغان ئوقۇغۇچىلارنى «پەقەتلا نامايىشچىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئوچۇم ئادەم» دەپ سۈپەتلىگەنىدى (10).

ئەمما، خىتاي باشقا چاغدىكىگە ئوخشاشلا مەسىلىگە باشقىچە قارىغانىدى. چۈنكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزىرىدە، خىتايدىكى بارغانسېرى ئەۋج ئالغان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ئامېرىكانىڭ خىتاي زېمىنىدا قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ۋە خىتاي خەلقى ئارىسىدا كۈچىيىۋاتقان ئامېرىكاغا مايىل كەيپىياتنىڭ خەتىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن داڭلىق خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى راستقا چىقارغاندەك قىلاتتى. ئەلۋەتتە، دېڭ شياۋپىڭ دەسلەپتە غەربتىن نەپ ئۇندۇرۇش ئۈچۈن بۇ خىل (ئامېرىكاغا مايىل) ئومۇمىي كەيپىياتنىڭ ئېپادىلىنىشىگە يول قويغانىدى. لېكىن، كېيىنچە ئىشلار بارغانسېرى تىزگىنىنى يوقاتتى.

ئاشقۇن خىتاي مىللەتچىلىرى، يەنى قاتتىق قوللار ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 1980 – يىللىرىنىڭ بېشىدا زىيالىيلار ئارىسىدا ئىدىيىۋى مەسىلەك شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، مەزكۇر مەسىلەككە كۆرە ئامېرىكانىڭ ياشاش ئۇسۇلى ۋە كۇلتۇرى خىتاينى ھالاك قىلىدىغان «مەنىۋى بۇلغىنىش» ئىدى. ئۇلار ئامېرىكا خەلقئاراۋى ئىستېمال كۇلتۇرى بەرپا قىلىپ، دۇنياغا خوجا بولۇشنى ئويلايدۇ دەپ قارايتتى. مەزكۇر ئىدىيىۋى مەسىلەكنىڭ باش تەرغىباتچىلىرىدىن بولغان دېڭ لىچۈن ۋە خۇ چياۋمۇنىڭ خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە سىياسىي بيۇرودا قوللىغۇچىلىرى بار ئىدى (11). ئەلۋەتتە، دېڭ شياۋپىڭ مەزكۇر مەسىلەكنىڭ قۇرغۇچى ئەزالىرىدىن ئەمەس ئىدى – يۇ، لېكىن ئۇلارغا بىز ئويلىغاندىن بەكرەك مايىل ئىدى. بېيجىڭ ۋە باشقا ئاساسلىق شەھەرلەردىكى ئوقۇغۇچىلار نامايىشى «كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇنىيلىقىغا خىتاي مىقياسىدا ھېچكىم شەك قىلمايدۇ» دەپ ئىشىنىدىغان دېڭ شياۋپىڭ ۋە باشقا خىتاي رەھبەرلىرىنى چۆچۈتۈپ قويغانىدى. بولغان ئىشلارنى ئىزاھلاش ئۈچۈن، كومپارتىيەنىڭ ئىچكى خاتىرىسىدە ئوقۇغۇچىلار قارشىلىق ھەرىكىتىگە «ئامېرىكانىڭ دىرىژورلىقىدىكى، خىتاي كومپارتىيەسىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان پىسخىكا ئۇرۇشى» دەپ تەبىر بېرىلگەن. ئەزەلدىنلا خام خىيالغا ھېرىس دېڭ شياۋپىڭ بۇ خاتا يەكۈنگە ئىشىنىپ، ئامېرىكا «پۈتۈن تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەمەلىيەتتە مىللەتنىڭ داشقاللىرى بولغان، خىتايدىكى ئاتالمىش دېموكراتلارنى، ئاتالمىش ئۆكتىچىلەرنى قۇترىتىۋاتىدۇ، رىغبەتلەندۈرۈۋاتىدۇ، يۆلەۋاتىدۇ» دەپ يازغان (12). دېڭ شياۋپىڭ «ئامېرىكانىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنى غۇلاتماقچى ئىكەنلىكى»گە ئىشەنگەن.

ھېچكىم تيەنئەنمېن ۋەقەسى سەۋەبلىك خىتايدىكى ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئەركىنلىشىش يۈزلىنىشى توختاپ قالىدۇ دەپ ئالدىن پەرەز قىلالمايتتى. (بۇ ۋەقەدىن كېيىن) دېڭ شياۋپىڭ كونسېرۋاتىپلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلاردىن بىرىنى باش مىنىستىر قىلىپ تەيىنلىدى. ھەتتا، تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇ (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) «مەنىۋى بۇلغىنىش»قا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسچىلىرى بولغان خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ ئامېرىكاغا قارشى سۆزلىرىنى بىۋاستە نەقىل قىلىشقا باشلىدى (13). ئۇ لى پېڭ، خۇ چياۋمۇ ۋە دېڭ لىچۈنگە ئوخشاش قاتتىق قوللارنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىپ، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە سىياسىي بيۇرودىكى ئىسلاھات تەرەپدارلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا تازىلاشقا باشلىدى. نۇرغۇن ئامېرىكالىقلارنى ھاڭ – تاڭ قالدۇرغىنى، خىتاينىڭ ئىسلاھاتپەرۋەر پارتىيە رەھبىرى جاۋ زىياڭ ھاياتىنىڭ قالغان قىسمىنى ئۆيىدە نەزەربەندتە ئۆتكۈزدى. ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندە، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئەندرېۋ نېيسىن (Andrew Nathan) ناھايىتى سىرلىق ھالدا «تيەنئەنمېن ھۆججەتتى» (The Tiananmen Papers) نى قولغا چۈشۈرگەن. مەزكۇر ھۆججەتتە جاۋ زىياڭنىڭ قاتتىق قوللارغا قارشى تىركىشىشىنىڭ قانداق مەغلۇب بولغانلىقى، شۇ جەرياندا غايەت زور كۈچ پەرقىگە دۇچ كەلگەنلىكى

دېگەندەك بىر ئەينى ۋاقىتتا بىلمەيدىغان ئەھۋاللار بايان قىلىنغانىدى (14).

بۇش ھۆكۈمىتىدىكى خىتاينى قوللىغۇچىلار ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشنى قىلغانىدى. «خىتايدىكى (ئىسلاھات تەرەپدارى) پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋاقىتلىق چېكىنىش، خىتاي يەنىلا دېموكراتىكلىشىش يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى تازىلاش (قارشىلىق ھەرىكىتىگە كۆرسىتىلگەن بىر قېتىملىق) زىيادە ئىنكاس . بىز چوقۇم نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالايدىغان ۋە ئامېرىكا - خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى <مۆتىدىل>لەرنى قوغدىشىمىز كېرەك» دېگەن خام خىيالدا بولغۇچىلار قاتارىدا مەنمۇ بار ئىدىم. بىز بەزى نەرسىلەرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلەتتۇق – يۇ، بۇ ئۆزگىرىشنىڭ مەڭگۈلۈك بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتۇق.

ھازىر شۇ ۋاقىتنى ئەسلىسەم، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ گۆدەكلىكىدىن ئۆكۈنىمەن. ھەرقانداق ياخشى تەھلىلچى ئىككى بىسلىق گەپ قىلىدۇ، ياكى ھېچبولمىغاندا ۋەزىيەتنىڭ يامانلاشقانلىقى ھەققىدىكى نازۇك ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە شەپە بېرىدۇ. «ئىسلاھاتچىلار بىلەن بۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار ئارىسىدا بىر مەيدان ھەل قىلغۇچ جەڭ بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا؛ ھەقىقىي خىتاي ئىسلاھاتچىلىرى ئۇزاققا قالمايلا تۇرمىگە تاشلىنىدۇ، نەزەربەندكە ئېلىنىدۇ ياكى (چەت ئەلگە) قېچىپ كېتىدۇ؛ شۇنداقلا، بىزنىڭ خىتايغا قورال – ياراغ سېتىپ بېرىش پىلانىمىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ» دېگەندەك. مۇتلەق مەخپىي ھۆججەتلەرگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بار ھەركىمنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى داۋامىدىكى ئىستىخبارات مەغلۇبىيىتىدىن خەۋىرى بار. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق دۆلەتلىك ئىستىخبارات مۆلچەرى (National Intelligence Estimate)دە، خىتاي چاۋشيەن ئۇرۇشىغا ئارىلاشمايدۇ دەپ جەزم قىلىنغان، بۇنىڭغا ئاساسلىقى بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ بىز بۇ ئىشقا ئارىلاشمايمىز دېگەنلىكى سەۋەب بولغان. لېكىن، ئۇلار نەچچە كۈن ئىچىدىلا (قارارىنى ئۆزگەرتىپ) بۇ ئۇرۇشقا ئارىلاشتى. 1962 – يىلى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى «سوۋېت ئىتتىپاقى كۇباغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياكى يادرو قورالىنى ئورۇنلاشتۇرمايدۇ» دەپ مۆلچەرلىگەنىدى، چۈنكى تەھلىلچىلەر بىزنى گوللىغان نۇرغۇن سوۋېت ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالغانىدى. 1979 – يىلى، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەھلىلچىسى روبېرت بوۋى (Robert Bowie) دۆلەت مەجلىسىگە «ئىران شاھى تەختتە ئولتۇرۇۋېرىدۇ، ئايەتۇللاھ ھۆمەينىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتى يوق، شۇنداقلا ئىراننىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم» (15) دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئۇچۇرنى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئۇچۇر تەمىنلىگۈچىلىرىگە يەتكۈزگەن، ئەمما بۇ ئىستىخبارات خاتا ئىدى.

1980 – يىللاردا مەن مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ياكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا بىللە ئىشلىگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى «خىتاي ئامېرىكانى ئالدايدۇ ياكى بىزنى ئىستىخبارات جەھەتتە قاتتىق خاتالاشتۇرىدۇ» دەپ قارىمايتتى. ئەكسىچە، بارلىق ئىستىخبارات مەنبەلىرى ۋە (خىتايدىن) يۈز ئۆرۈگەنلەر بىردەك «خىتاي ئەركىن بازار ئىگىلىكىگە، سايلامغا ۋە (ئامېرىكا بىلەن بولغۇسى) تېخىمۇ كۈچلۈك ھەمكارلىققا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە» دېگەن نۇقتىنى تەكىتلىگەنىدى. لېكىن، تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتايدىن يۈز ئۆرۈپ تۇركۈملەپ ئامېرىكاغا كەلگەنلەر خىتاينىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشى ھەققىدە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەتىنىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى تەشۋىشلىك مۆلچەرلىرىنى ئېيتىشقاندىمۇ، بىز بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغانىدۇق.

يۈز ئۆرۈگۈچىلەردىن بىرى تولىمۇ ئالاھىدە ئىدى، ھېچبولمىسا مېنىڭ نەزىرىمدە شۇنداق ئىدى. ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك يۈز ئۆرۈگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، (بىزگە ئىستىخبارات تەمىنلەش بەدىلىگە) بىزدىن تەلەپ قىلغان نەرسىلىرى بەكلا ئاددىي ئىدى. يەنى ئۇ بىزدىن سىياسىي پاناھلىق، يېڭى ئىسىم، بىر ئۆي، يۇقىرى مائاشلىق خىزمەت ۋە خىتاي ئىستىخباراتىنى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە

ئىشەندۈرەلىگۈدەك بىر «ۋەقە» ياساشنى تەلەپ قىلغانىدى. يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەلەپلىرى بولىدۇ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زور سوممىدا پۇل تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا «مەندە باشقىلار بىلمەيدىغان ئۇچۇرلار بار» دېيىشىدۇ. لېكىن، ئەندىكپىلا تۈرىدىغان بۇ سېمىز ئادەم باشقىلاردىن پەرقلىق ئىدى. بۇ خىل پەرق ئۇنىڭ (تەمىنلىگەن ئىستىخباراتقا كۆرە) نىسبەتەن ئاز نەرسە تەلەپ قىلغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يەنە بىزگە بىزنىڭ ئەنئەنىۋى كۆز قارىشىمىزغا تۈپتىن زىت بولغان، ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا سىياسىتىگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان ئىشلارنى ئېيتقانىدى.

بۇ ئادەم ــ ئۇنى «ئاق ئەپەندى» دەپ ئاتايلى ــ 1990 – يىللارنىڭ بېشىدا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى (FBI) نىڭ پېنسىلۋانىيە كوچىسىدىكى باش شتابىنىڭ سەككىزىنچى قەۋىتىدىكى دۆلەت بىخەتەرلىك يىغىنى زالىدىكى مۇھاكىمىگە قاتناشقىلى كەلگەنىدى. شۇ قېتىملىق يىغىن شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە ئىدىكى، ھۆكۈمەت تەۋەسىدىكى خىتايشۇناس مۇتەخەسسىسلەر (خىتايدىن) يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ئاشكارىلىغان بىر قانچە مەخپىيەتلىكنى باھالاش ئۈچۈن يىغىنغا چاقىرىلغانىدى. يىغىن ئارىلىقىدا قەھۋە ئىچىش ۋاقتى بار ئىدى – يۇ، تاماق بېرىلمىگەنىدى. ئەسلىدە بىر سائەتتە تۈگىتىش پىلانلانغان يىغىن ئۈچ سائەتكە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى.

ئاق ئەپەندى ئاساسلىق مۇھاكىمە تېمىسى ئىدى. گەرچە ئۇ (ئۆزى ئاشكارىلىغان ئىشلار ھەققىدىكى) تەپسىلاتلار توغرىسىدا توختالغاندا، كۆزلىرىنى ئۇياق – بۇياققا مىدىرلىتىپ، بارماقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىشەنچىلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىزگە ئامېرىكادىكى بىر قانچە خىتاي جاسۇسىنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئۇلار ئۇچرىشىدىغان ئۆينىڭ قۇرۇلمىسى؛ خىتاي رەھبەرلىرى ئىشلىتىدىغان مەخپىي تېلېفون سىستېمىسىنىڭ تەپسىلاتلىرى دېگەندەك بىز ئۆز ئالدىمىزغا دەلىللىيەلەيدىغان مەخپىيەتلىكلەرنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇ يەنە بىز ئىلگىرى قولغا چۈشۈرگەن بىر قانچە پارچە مەخپىي خىتاي ھۆججەتلىرىنى باھالاپ، تولۇق ئىشەنچ بىلەن بۇلارنىڭ راستلىرىنى ساختىسىدىن ئايرىپ بەردى. ئۇ يەنە سۆزىنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاش سىنىقىدىن ئۆتتى. ئارىمىزدىكى بىردىنبىر مەسىلە: بىز ئۇ تەمىنلىگەن يېڭى ئاخباراتقا ئىشىنەلمەيۋاتاتتۇق.

ئاق ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، 1986 – يىلدىن 1989 – يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا خىتاي مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدا خىتاينىڭ كەلگۈسى ئىستراتېگىيەسىگە ئالاقىدار ھوقۇق كۈرىشى بولغان. ئۇ بىزگە خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ قانچىلىك زور كۈچى بارلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىتايدىكى ئامېرىكاغا مايىل كەيپىياتنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى؛ تيەنئەنمېن مەيدانى كىرىزىسىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى مۇقىملىقىنى تەۋرىتىپ قويغانلىقىنى ۋە ھازىر دېڭ شياۋپىڭنىڭ قاتتىق قوللار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداقلا بۇلارنى (خىتايدا ئېچىلغان) يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىن ۋە مۇنازىرىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئوقۇغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بەزى قاتتىق قوللارنىڭ (خىتاي سىياسىي سەھنىسىدىكى) رولىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۆتىدىللەردىن قانداق غالىب كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قارىشىچە، بىز (ئامېرىكا) بىر ئامال قىلىپ ھەقىقىي ئىسلاھاتچىلارغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بىزنى خىتاينىڭ ئىچكى سىياسىتىنى ياخشى چۈشىنىدۇ دەپ قارىشى ۋە ئىسلاھاتچىلارنى قۇتقۇلدۇرالايدۇ دەپ بىزگە ئۈمىد باغلىشى ماڭا رىغبەت بولغانىدى.

بۇ يۈز ئۆرۈگۈچىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ قاتتىق قوللۇق ئىدىيەسىنى تېخىمۇ كەڭ يېيىش پىلانى بار ئىكەن. ئاق ئەپەندى قانداق قىلىپ كۆڭۈزىنى قايتىدىن مىللىي قەھرىمان قىلىپ تونۇتۇش مۇھاكىمە قىلىنغان يىغىنغا قاتناشقانىكەن. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى نەچچە ئون يىلدا خىتاي كومپارتىيەسى كۆڭۈزىچىلىق كۇلتۇرىگە ۋە شۇنچىكى دىنىي پۇراققا ئىگە ھەرقانداق نەرسىگە

قاتتىق زەربە بەرگەندى.

ئەلۋەتتە، ئورۋېلچە تەبىر بىلەن ئېيتقاندا، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ دۆلەت تارىخىنى قايتا يېزىپ چىقىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈشى يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. 1949 – يىلى كومپارتىيە ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، تۈركۈملىگەن تارىخشۇناسلار تارىختىكى پۈتۈن ئىلگىرىلەشلەرنىڭ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن خىتاي تارىخىنى قايتىدىن «تۈزەشتۈرگەندى». تارىخشۇناس جېيمىس خاررىسون (James Harrison) بۇ قىلمىشنى «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور ئىدىئولوگىيەلىك قايتا تەربىيەلەش ئۇرۇنۇشى» دەپ سۈپەتلىگەن (16). لېكىن، ئاق ئەپەندىنىڭ كېيىنكى بۇ ئۆزگىرىش (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۆڭۈزىچىلىقنى تەرغىب قىلىشى)نىڭ كۆلىمى ناھايىتى كەڭ دېگەن گېپىگە ئادەمنىڭ ئالدىراپ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. مەۋجۇت بولغان كۈندىن تارتىپ ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ئادا - جۇدا ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ يۈرگەن خىتاي كومپارتىيەسى ئەمدىلىكتە ئۆتمۈشكە قايتماقچىمىدۇ؟ ئاشقۇن مىللەتچىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىلىپ، كوممۇنىستىك ئىدىيە ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋېتىلگەنمىدۇ؟ ئەجەبا، قىزىل خىتاي بۈگۈندىن كېيىن ئۇنچە قىزىل بولماي قالارمۇ؟ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

***

ئاق ئەپەندىنىڭ ئىشىنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئۆزۈندىن بېرى قاتتىق ئېتىبار بېرىپ كەلگەن يوشۇرۇن ئۇچۇر تەمىنلىگۈچى — ئۇنى يېشىل خانىم دەپ ئاتاپ تۇراي — تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا زىت چىقىپ قالغانىدى. يېشىل خانىمنىڭ پۇل جەھەتتىكى تەلىپى ئۇنىڭ ئاتالمىش مۇناسىۋەت دائىرىسىگە ئوخشاشلا يۇقىرى بولۇپ، ئۇ بىزدىن ئىككى مىليون دوللار تەلەپ قىلغانىدى.

ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سىياسىي بيۇرودىكى ئىشلارنى بىلىپلا قالماي، يەنە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئورۇنباسارى، كەلگۈسىدىكى خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى جياڭ زېمىن بىلەنمۇ قويۇق ئالاقىسى بارمىش. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، دېڭ شياۋپىڭ ھېلىھەم ئامېرىكاغا مايىل مەيداندىن تەۋرەنمىگەنمىش، بۇ جەھەتتە جياڭ زېمىن دېڭ شياۋپىڭدىنمۇ بەكرەك «ئامېرىكاپەرەس» بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلۋىس پرېسلىنىڭ ئېنگلىزچە ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا ھېرىس ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەسمىش. يەنە ئۇنىڭ دېيىشىچە، خىتاي تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن تېخىمۇ زىچ ھەمكارلىشىش كويىدىمىش. ئۇ يەنە (خىتايدا) كۆڭۈزىچىلىق ئىدىيەسى مەدھىيەلىنىشى ياكى ماركسىزم نەزەرىيەسى دەرسلىك كىتابلاردىن چىقىرىۋېتىلىشى مۇمكىن دېگەندەك قاراشلارنى مازاق قىلغانىدى. ئۇ قاتتىق قوللارنىڭ پەقەت (بىر ئوچۇم) ياشىنىپ قالغان، قوشۇمچە ئېقىم مۇتەپەككۇرلىرى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇزاققا قالماي نۆۋەتتە ئازلا قالغان تەسىر كۈچىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى كەسكىن تەرزدە ئېيتقانىدى.

ئەگەر بىز يېشىل خانىمنىڭ ئىشەنچىلىك ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلايمىز دېسەك، بۇ بىزگە ئاسان ئىدى. ئۇ ئاق ئەپەندىدەك ئامېرىكادىكى جاسۇسلارنىڭ ئىسمى ياكى جايلاشقان ئورنىنى ئېيتىپ بەرمىدى ياكى ئېيتىپ بېرەلمىدى، شۇنداقلا رەسمىلەردىن بىز سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ بولغان خىتاي جاسۇسلىرىنىمۇ تونۇپ بېرەلمىدى. ئۇ يەنە بېيجىڭنىڭ يەر ئاستىدىكى، يۇقىرى دەرىجىلىك كومپارتىيە رەھبەرلىرى ئىشلىتىدىغان، كىلومېتىرلارچە سوزۇلغان يوشۇرۇن تونېلدىن خەۋىرى بارلىقىنىمۇ ئېيتمىدى. ئۇ (بىز قولغا چۈشۈرگەن) مەخپىي خىتاي ھۆججەتلىرىنىڭ راست – يالغانلىقىنىمۇ ئېنىقلاپ بېرەلمىدى.

لېكىن، ئېنگلىزچىدە مەقسىتىنى ناھايىتى نەستە ئۇقتۇرىدىغان، ئويچان ئاق ئەپەندىگە ئوخشىمايدىغىنى، يېشىل خانىمنىڭ ئېنگلىزچىسى تولىمۇ راۋان ئىدى. ئۇ ئامېرىكا

خىتايلار بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان، ھەتتا قاتتىق قورقىدىغان ئاق ئەپەندىگە ئوخشىمايدىغىنى، يېشىل خانىم «جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ»، يېڭى ئىستىخبارات ئىگىلەش ئۈچۈن يىلىغا بىر – ئىككى قېتىم خىتايغا بېرىشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

مەن بىز بۆلارنىڭ (ئىككىلىسى تەمىنلىگەن ئىستىخباراتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن) ھەر ئىككىلىسىگە پۇل بەرسەك بولىدۇ دېگەنىدىم. لېكىن، خىزمەتداشلىرىم بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەر بىردەكلىككە ئىنتىلەتتى، شۇنداقلا خىتاي – ئامېرىكا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بۇ خىل كۆز قاراش ئىختىلاپى ئادەمنى تەڭقىسلىقتا قوياتتى. (ئەنە شۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا) يېشىل خانىم ئوتتۇرىغا چىقىپ بىزنى بۇ تەڭقىسلىقتىن «قۇتۇلدۇردى»، ھەممىمىز ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپكە ئۆتتۇق ۋە ئۇ تەلەپ قىلغان پۇلنى بەردۇق.

مەن شۇ يىغىندىن كېيىن ئۇزاققا قالمايلا ئاق ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈشنى پىلانلىغانىدىم. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنىدىم دېيەلمەيتتىم، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلىرى كۈچلۈك قىزىقىشىمنى قوزغىغانىدى. ئىككىمىز خىتايچە پاراڭلاشتۇق. ماركسىزم نەزەرىيەسىنى دۆلەت ئىدىئولوگىيەسىدىن ۋە دەرسلىك كىتابلاردىن چىقىرىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ بىمەنە خىيالنىڭ مىسقالچە راست تەرىپى بار دېگەن تەقدىردە، مەن بۇ ئىشنىڭ قانداق روياپقا چىقىرىلىدىغانلىقىغا قاتتىق قىزىقاتتىم.

ئاق ئەپەندى بۇنىڭغا جاۋابەن، خىتاينىڭ مەكتەپلەردە ساغلام «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى» دەرسى تەسىس قىلىش پىلانى بارلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى. (بۇ پىلانغا كۆرە) خىتاي مىقياسىدا پۇقرالار زىيارەت قىلىدىغان «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى» بازىسى، يېڭى تارىخى خاتىرە سارايلار ۋە يېڭى مۇزېيلاردىن يۈزى ئېچىلىدىكەن. شۇنداقلا، خىتاي رەھبەرلىرى خىتايلارنىڭ ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قولىدا تارتقان خورلۇقلىرى تەسۋىرلەنگەن «يۈز يىللىق مىللىي خارلىق» تېمىسىدا تېلېۋىزىيە ۋە رادىيو پروگراممىلىرى ئىشلەشكە مەبلەغ ئاجرىتىپتۇ. خىتاي (بۇ ئارقىلىق) «ئامېرىكا بىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى <شان – شەرىپىمىز>نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلماقچى» دېمەكچى ئىكەن.

«بىزنىڭ ياشلىرىمىز ۋە زىيالىيلىرىمىز تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئامېرىكالىقلار بىلەن مۇھەببەت قايىنىمىغا شۇڭغۇدى. (خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدە) بۇنداق ئىش ھەرگىز قايتا يۈز بەرمەسلىكى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز سىلەرنى قارىلايدۇ ھەم غەربنىڭ قولىدا كۆرگەن خارلىقلارغا خاتىمە بېرىپ، قايتىدىن كۈچىيىشكە ئۈرۈنىدۇ» دېدى ئۇ.

ئۇ گېپىنى «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك» دېگەن سۆز بىلەن خۇلاسىلىدى.

«بۇ يەردىكى ئىككى پاختەك كىمنى كۆرسىتىدۇ؟» دەپ سورىدىم مەن.

«ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتى مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى ئۇلار يىمىرىلدى. شۇڭا بېيجىڭ ئامېرىكانىڭ ئۆزىنى داۋاملىق قوغدىشىغا موھتاج ئەمەس» دېدى ئۇ جاۋابەن. ئۇنداقتا ئىككىنچى پاختەك زادى كىم؟ ئۇنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى ئېنىقلا ئامېرىكا ئىدى. ئۇ «با» ئىبارىسىنى ئىشلەتتى ۋە « <شى> ئۆزگەردى» دېدى.

1972 – يىلى،نىكسون تۇنجى قېتىم (ئامېرىكا-نىڭ ئىشىكىنى خىتايغا) ئېچىۋەتكەندە، ئامېرىكانىڭ خىتاي ھەققىدىكى مەيدانىنى ئۆزگەرتىش ۋە خىتاي رەھبەرلىرىنى نىسبەتەن رېئال شەكىلدە تونۇش پۇرسىتى بار ئىدى. لېكىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا، مۇمكىن بولغان ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا تىرىشتى. ھەتتا (تيەنئەنمېندىكى) قىرغىنچىلىقتىن ۋە خىتايدىكى ئەركىنلىكپەرۋەر ئىسلاھاتچىلار يوقىتىلغان، مۆتىدىل دۆلەت رەئىسى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ، پىرىېزدېنت بۇش ئىلگىرىكى خاتا كۆز قارىشىدىن يانمىدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىسلاھاتچى

رەھبىرى جاۋ زىياڭنى ياكى پارتىيەنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى جۇشقۇن رەھبىرى خۇ ياۋباڭنى ھېچكىم ماختىمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىسلاھاتچىلار ئىكەنلىكىنى (ئەينى چاغدا) ھېچكىم پەرەز قىلالمىغانىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇپ قوللىغان ئىسلاھاتنىڭ سالمىقىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغدا خۇ ياۋباڭ ۋە جاۋ زىياڭنىڭ قول ئاستىدا دېموكراتىك سىياسىي ئىسلاھاتقا كۆچ چىقارغانلار كېيىن خىتايدىن يۈز ئۆرۈپ چەتئەلگە چىققاندا، ئاندىن بىرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

ئەينى چاغدا مەن يەنىلا دېڭ شياۋپىڭنى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارى جياڭ زېمىننى ھەقىقىي ئىسلاھاتچىلار دەپ قارايتتىم. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، يالغان ئىسلاھاتچىلارنى قوللاپ، ھەقىقىي ئىسلاھاتچىلارنى تاشلىۋەتكەنلىكىمىزنىڭ كېيىنچە بىزنى داۋاملىق چىرمىۋالىدىغان بىر خاتالىقىمىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

مەن دوكلاتىمنى تاماملاش ئۈچۈن، قولغا ئېلىنىشتىن قورقۇپ پارىژغا قېچىپ بېرىۋالغان ۋە شۇ چاغدا فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان خىتاي كومپارتىيەسى ئەمەلدارلىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن پارىژغا ئەۋەتىلدىم. ئۇلار ئۇزۇن نۇقتىلىق پروگراممىنى قوللىنىپتۇ ۋە غەرب تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتكە بىر رەھبەر سايلاپ چىقىپتۇ. بۇ «دېموكراتىك خىتاي فېدېراتسىيەسى»نىڭ سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى ئىدى. پىرېزىدېنت بۇش بۇ تەشكىلاتقا، ئۇنىڭ ئۇن نۇقتىسىغا ۋە ئۇنىڭ يېڭى سايلانغان رەھبىرى يەن جياچىغا پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمىدى. يەن جياچىنىڭ ئەسلىمىسىدە، سىياسىي ئىسلاھات كۈرىشى ۋە ئامېرىكاچە سىستېمىنى يولغا قويۇش تىرىشچانلىقىغا ئالاقىدار تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلار بايان قىلىنغان (17). يەن جياچى بىۋاسىتە جاۋ زىياڭنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان، ئۇنىڭ بايانلىرى چەتئەلگە قېچىپ چىققان يەنە بىر خىتاي ئەمەلدارى رۇەن مىڭنىڭ ئەسلىمىسىنى دەلىللەيتتى. رۇەن مىڭ بولسا بىۋاسىتە دېڭ شياۋپىڭدىن ئىلگىرىكى خىتاي رەھبىرى خۇ ياۋباڭنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغانىدى (18). لېكىن، بۇ (ئەسلىمىلەردىكى)

ھېكايىلەر بەك ئاز، ھەم بەك كېچىكىپ يېتىپ كەلگەنىدى. خۇلاسە، دېڭ شياۋپىڭ (ئىزچىل تەختتە ئولتۇرۇپ) ئامېرىكا پىرېزىدېنتلىرىدىن فورد، كارتېر ۋە چوڭ بۇشلارنى كۈتۈۋالدى، ئىككى قېتىم «دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىغا چىقتى. يېشىل خانىممۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئورۇنباسارى (جياڭ زېمىن) ئېلىۋىس پرېسلىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىدۇ، دەپ يورۇۋەردى.

«مەن دېموكراتىيەنىڭ كۈچىنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمەن» دېگەنىدى پىرېزىدېنت بۇش (19). (تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئايىغى بېسىقار – بېسىقمايلا، پىرېزىدېنت بۇش يەنە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى ئىلگىرى ۋەدە قىلىنغان تور پېدا، رادار ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالارنى خىتايغا سېتىپ بېرىشكە بۇيرۇغان. بۇش نېكسوننىڭ خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش پىرىنسىپىغا باغلىنىپ قالغاچقا، خىتايغا يېڭىچە نەزەردە قاراشقا ئىمكان تاپالمىغان. ئامېرىكا سودا ماگناتلىرىنىڭ (خىتاي بىلەن) بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان مۇناسىۋىتى ۋە سودا پۇرسەتلىرى بۇشنىڭ بۇ خىل مەيدانىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. ھالبۇكى، خىتاي دۇنيادىكى يۈكسىلىۋاتقان ئەڭ چوڭ بازار دەپ مۆلچەرلىنىۋاتاتتى.

بۇشنىڭ خىتايغا تۇتقان «ئاقىلغۇچى»لىق مەيدانى ئۇنىڭدىن كېيىنكى پىرېزىدېنت بىل كىلىنتون تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلەندى. ئۇ پرېزدېنتلىق سايلىمى پائالىيەتلىرى جەريانىدا (خىتايغا قارىتا) تېخىمۇ قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. شۇنداقلا، بىر مەزگىل بۇ ۋەدىسىگە ۋاپامۇ قىلدى. ئۇ **1992** – يىلىدىكى سايلامدا چوڭ بۇشنى يەڭگەندىن كېيىن، خىتايغا قارشى ئېنزىخاۋېر، كېننىدى ۋە جونسون دەۋرىدىن كېيىنكى ئەڭ قاتتىق سىياسەتنى يۈرگۈزدى.

***

بىل كىلىنتون خىتايغا پەقەتلا بېرىپ باقمىغان، ئەكسىچە ئاركانساس (**Arkansas**) شتاتىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىللەردە تەيۋەنگە تۆت قېتىم بارغان. ئۇ **1992** – يىلىدىكى پرېزىدېنتلىق سايلىمى مەزگىلىدە پىرېزىدېنت بۇشنى

«بېيجىڭدىكى جاللاتلار» نى ئەركە ئۆگىتىپ قويدى، دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن (20). كىلىنتون پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغان هامان، ئۇنىڭ دۆلەت سېكرېتارى ۋاررېن كىرىستوفېر (Warren Christopher) كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىغا «بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ كۈچى ئارقىلىق خىتاينى كوممۇنىزىمدىن دېموكراتىيەگە كىرگۈزىدىغان كەڭ ۋە تىنچ ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر» دېگەن. بۇ ئۇرۇنۇشقا سابىق باش ئەلچى ۋىنستون لوردمۇ ئىشتىراك قىلغان. ئۇ تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن قاتتىق چۆچۈپ، ئۆزىنىڭ شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى خىتاينى توغرا تونۇيالماي كەلگەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئامېرىكادىكى خىتاينى ئەڭ قاتتىق تەنقىدلەيدىغانلارنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. ئەمدىلىكتە شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچى دۆلەت سېكرېتارى بولغان لورد كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىغا خىتايغا قاتتىق شەرتلەرنى قويىدىغانلىقى، ئەگەر (خىتايدىكى) ئىنسان هەقلىرى ۋە دېموكراتىك سايلام ئەهۋالىدا ئۆزگىرىش بولمىسا، (ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا) كۆڭۈلدىكىدەك سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلمايدىغانلىقى هەققىدە ۋەدە بەرگەن. 1993 – يىلى، دېموكراتلار پارتىيەسىدىكى نەنسى پېلۇسى ئاۋام پالاتاسىدا، جورجى مىچېل (George Mitchell) كېڭەش پالاتاسىدا خىتايغا قارىتا، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر يۈرۈش شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى (21). قارىغاندا، 1980 – يىللىرىدىكى خىتاي ئىسلاهاتىغا بولغان ئۈمىدۋار خىياللارمۇ بەرباد بولغاندەك قىلاتتى.

**1993 – يىلى 5 – ئاينىڭ 28 – كۈنى**، پرېزىدېنت كىلىنتون دالاي لامانىڭ ۋەكىللىرى ۋە تيەنئەنمېن قارشىلىق كۆرسىتىش هەرىكىتىنىڭ بىر نەپەر ئوقۇغۇچى رەهبىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىرىق نەپەر خىتاي ئۆكتىچىنى ئاقسارايغا تەكلىپ قىلغاندا، كىلىنتون هۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا تۇتقان قاتتىق قول مەيدانى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. بۇ خىتاي سىياسىي بيۇروسى تەرىپىدىن پۈتۈن خىتاي – ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى تەهدىتكە ئۇچرىتىدىغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن تەنبىه دەپ قارالغانىدى. هالبۇكى، خىتاي ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە موهتاج ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار هەرىكەتكە ئۆتتى.

خىتايدىكى ئۇچۇر تەمىنلىگۈچىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان ئاق ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، خىتاي ئىستىخباراتچىلىرى كىلىنتون هۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خىتايغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى ئىختىلاپتىن خېلى ئوبدانلا خەۋەردار بولۇپ، ئۇلار (خىتايلار) ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خىتايغا مايىل بىرلەشمە شەكىللەندۈرمەكچى ئىكەن. خىتايلار دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىهەتچىسى تونى لېيك (Tony Lake) ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى سەندى بېرگېر (Sandy Berger)نىڭ خىتايغا قارىتا نىسبەتەن دوستانە كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. خىتاي يەنە يەرشارىلىشىش ۋە ئەركىن سودا (بۇ ئىككىلىسى خىتايغا پايدىلىق) تەرەپدارى بولغان دۆلەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ رەئىسى روبېرت رۇبىن (Robert Rubin) غا ۋە ئوخشاش كۆز قاراشتىكى ئىقتىسادىي مەسلىهەتچىلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى لاۋرا تايسون (Laura Tyson)، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىسادشۇناسى، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ خەلقئارا ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى لاۋرېنس سامېرس (Lawrence Summers) قاتارلىقلارغا كۆز تىكىپ، ئۇلارنى يېنىغا تارتىشقا تىرىشقان.

خىتاي هۆكۈمىتى مەزكۇر شەخسلەرنى يۆلەپ، ئۇلار بىلەن خىتاينىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ سودا ساهەسىدىكى ئالاقىسىنى قولايلاشتۇرۇش ۋە خىتاينىڭ ۋاشىڭتوندىكى مەنپەئەتىنى زورايتىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. خىتاي ئەمەلدارلىرى تەسىر كۈچى زور ئامېرىكا سودىگەرلىرىگە (زور سوممىلىق) سودا توختاملىرىنى تەڭلىگەن. كىلىنتوننىڭ سايلام پائالىيىتىگە كەتكەن ئاساسلىق خىراجەتلەرنى تەمىنلىگەن بايلار پرېزىدېنت كىلىنتوندىن خىتايغا بوئىن ئايروپىلانى سېتىپ بېرىش پىلانىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكىنى ياكى ئامېرىكانىڭ سودا

سۈئىي ھەمراھىنى خىتاينىڭ راكېتاسى ئارقىلىق قويۇپ بېرىشكە ــــ بۇنداق قىلغاندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نەچچە يۈز مىليون دوللارنى تېجەپ قالاتتى ــــ توسقۇنلۇق قىلماسلىقنى بىۋاستە تەلەپ قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، «خەلقنىڭ مەنپەئەتى»نى چىقىش قىلغان ھالدا، دۆلەت مەجلىسىدە (خىتايغا قارىتىلغان) يېڭى قوللاش تەدبىرلىرى ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك قىلىنىۋاتاتتى.

1993 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ھازىر خىتايلار تەرىپىدىن «كىلىنتون سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتىلىدىغان ۋەقەدە، بۇ (خىتايغا مايىل) ئىتتىپاقداشلار پرېزىدېنت كىلىنتونغا خىتايغا قارشى پوزىتسىيەسىنى يۇمشىتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغاندا، كىلىنتون ئىلگىرىكى ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا، دالاي لاما بىلەن قايتا كۆرۈشمىدى. (خىتايغا قارىتىلغان) ئېمبارگولار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خىتاي كىلىنتون ھۆكۈمىتىدىكى خىتايغا مايىل نۇرغۇن ئەمەلدارلارنىڭ «يىراقنى كۆرەر»لىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ «خىتاينىڭ دوستى» بولغانلىقى سەۋەبلىك خىتايدىكى قارار چىقارغۇچىلار بىلەن تېخىمۇ قويۇق ئالاقىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ تۇرغاچقا، بۇ كىشىلەر داۋاملىق ماختىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي (دۆلەت ئىچىدىكى) قارشى پىكىردىكىلەرنى باستۇرۇشنى خۇپىيانە داۋاملاشتۇرىۋەردى (22).

ھەممە نەرسە ئەسلى ھالىتىگە قايتقاندى ياكى شۇنداقتەك كۆرۈنەتتى. ئامېرىكا يەنە بىر قېتىم خىتاينى مەلۇم مەنىدىكى ئىتتىپاقداش دەپ قارىدى. ئامېرىكا تيەنئەنمېندىكى باستۇرۇشنى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان، ئۆتكۈنچى بۇرۇلۇش دەپ قارىدى. بىزگە لازىمى پەقەتلا سەبىر ئىدى. ئەمما، خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىنكاسى تامامەن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى زومىگەر دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە خىرس قىلغۇچىغا قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئويدان بىلەتتى.

***

1999 – يىلى 5 – ئاينىڭ 7 – كۈنى، جۈمە، كىلىنتوننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ۋەزىپە مۇددىتى توشۇشقا ئاز قالغاندا، ئامېرىكا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى باشلاپ، سېربىيە ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە ھۇجۇم قوزغىدى. ئىككى B-2 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان نوب نوستېر (Knob Noster)دىكى ۋايتمەن ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىن سېربىيەنىڭ پايتەختى بېلگرادقا قاراپ ئۇچتى. ئۇچقۇچىلار «بېلگراد ئىسكىلاتى #1» دەپ بەلگە قويۇلغان ئورۇنغا JDAM بومبىسىدىن بەشنى تاشلىدى. نىشانغا ئالاقىدار سان – سىپىرلار مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ۋە قايتا – قايتا تەكشۈرۈلگەنىدى. لېكىن، ھېسابلاش نەتىجىسىنىڭ ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا، ھەتتا ئېچىنىشلىق دەرىجىدە خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ بومبىلار يېرىم كېچىدە خىتاينىڭ سېربىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە تەگكەن بولۇپ، ئەلچىخانا خىزمەتچىلىرىدىن ئۈچى شۇ بومباردىماندا ئۆلگەنىدى.

بۇ ۋەقە مەن ئاق ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ تەخمىنەن ئون يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى. ئۇ يېشىل خانىمدەك ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ، مەن ئۇنى كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان ئادەمكەن دەپ ئويلاپ ياقتۇرۇپ قالغانىدىم ۋە ئۇنى پات – پات يوقلاپ تۇراتتىم. خىتاي ئەلچىخانىسى بومباردىمان قىلىنغان كۈنى كېچىسى، مەن ئۇنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ (بۇ ئىش ئۈچۈن) كەچۈرۈم سورىغانلىقىغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە سورىدىم.

ئەلۋەتتە، بېلگرادتىكى بومباردىمان قورقۇنچلۇق ۋەقە ئىدى. مەن بۇ سەۋەبلىك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى ئىنكاسلارنى قايتۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم – يۇ، يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئىشلارنىڭ زادى قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلمىگەنىدىم. خىتاينىڭ غەرىزى ھەققىدە باشقا بىر ئاگاھلاندۇرۇش تاپشۇرۇۋالغان ئامېرىكا ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرىمۇ بۇنى مۆلچەرلىيەلمىگەن ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى.

ئاق ئەپەندى دەرھال بېلگراد بومباردىمانىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ ئىلگىرى تىلغا ئالغان يېڭى ئاشقۇن مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلىشى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، «(خىتايدا ئامېرىكاغا قارشى) ئۇزاقتا سوزۇلغان مالىمانچىلىق يۈز بېرىدۇ» دېدى.

مالىمانچىلىق؟ تاسادىپىي ۋەقە ئىكەنلىكى شۇنچە ئېنىق تۇرغان، يۇقىرى دەرىجىلىك ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى ئاللىقاچان كەچۈرۈم سوراپ بولغان تۇرسىمۇ، يەنە شۇنداق بولارمۇ؟

ئاق ئەپەندى پەرىزىدە چىڭ تۇردى. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئامېرىكاغا قارشى كۈچلەرنىڭ زورىيىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى ۋە بىزنى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرغانىدى. دەل (ئاق ئەپەندى پەرەز قىلغان) شۇ ۋاقىتتا، ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جېيمىس ساسېر (James Sasser) ئۆزىنىڭ بېيجىڭدا قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆردى.

ئاق ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، خىتاي بۇنى تاسادىپىي ۋەقە دەپ قارىماستىن، ئەكسىچە زومىگەر دۆلەتنىڭ <تەڭرىقۇت داڭقىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى سورىغان> رەقىبىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۇرۇنۇشى دەپ تونۇيدىكەن. «ئۇلار بۇنى ئامېرىكانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە خىتاينىڭ ئىرادىسىنى سىناپ كۆرگىنى دەپ چۈشىنىدۇ» دېدى ئۇ.

مالىمانچىلىق باشلانغاندا، باش ئەلچى ساسېر ئاق ئەپەندىنىڭ <(بۇ ئىشتا) خىتايدىكى قاتتىق قوللارنىڭ چۈشەنچىسىگە ۋە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر زېھنىيىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنىدۇ> دېگەن چۈشەنچىسى ئاساسىدىكى پەرىزىدىن بىخەۋەر ئىدى. ساسېر (ئامېرىكانىڭ ئەلچىخانىسى تۇرۇشلۇق) كوچىنىڭ ئۇچ مىل (تەخمىنەن **4.8** كىلومېتىر) نېرىسىدىكى خىتاي سىياسىي بيۇروسىنىڭ مەخپىي مەجلىسخانىسىدىكى ۋەزىيەتتىنمۇ خەۋەرسىز ئىدى. مەزكۇر مەجلىسخانىدا، ئامېرىكانىڭ بېلگىرادتىكى ئەلچىخانىغا قىلغان «ھۇجۇمى» ئوپئوچۇق ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق، دەپ جەزملەشتۈرۈلۈۋاتاتتى. بىر نەچچە سائەتلىك بومباردىماندىن كېيىن، يۈزلىگەن خىتاي پۇقراسى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئەلچىخانىغا تاش، تۇخۇم، بەرەنگە ئېتىپ، ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىن «قىساس» ئېلىشقا چاقىرىق قىلىۋاتاتتى.

ئاشۇ يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ساسېر ئىشخانىسىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئۇ بىنادىن ساق - سالامەت چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقى تېزلا مەلۇم بولدى. ئەلچىخانىنىڭ سىرتىدىكى قارشىلىقكۆرسەتكۈچىلەرنىڭ سانى نەچچە ئون مىڭغا يەتكەچكە، ئامېرىكانىڭ خىتايدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بۇ ئەمەلدارى نەچچە كۈنگىچە بىناغا قاپسىلىپ قېلىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرالمىدى، يۇيۇنالمىدى. ئۇ توڭلىتىپ قۇرۇتۇلغان ھەربىيچە يېمەكلىكلەرنى يەپ، ئەدىيالمۇ يوق ھالەتتە داق يەردە ئۇخلىدى.

**5-** ئاينىڭ **9** – كۈنى، يەنى يەكشەنبە كۈنى كەچتە، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ چېقىلغان دېرىزىسىدىن ئىككى دانە بېنزىن بومبىسى ئاتقان، نەتىجىدە ئەلچىخانا ئىچىگە ئوت كېتىپ قوغدىغۇچىلار ئوت ئۆچۈرگۈچ بىلەن ئاران ئۆچۈرۈۋالغان. ئەلچىخانىغا يېقىنلا يەردىكى باش ئەلچىنىڭ ئۆيىدە بولسا، ئاشخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن بېتون پارچىلىرى ئېتىلغان، بۇ ۋاقىتتا ئۆي ئىچىدە ساسېرنىڭ ئايالى ۋە ئوغلى بار ئىدى. ساسېر يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرىغا تېلېفون ئۇرۇپ ئالالمىغان. ئۇ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە: «مەن ئۇلارنىڭ ئەلچىخانىمىز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى تولۇق ئاڭقىرالىغان – ئاڭقىرالمىغانلىقىنى بىلمىدىم» دېگەنىدى **(23)**.

باش ئەلچىنىڭ يەكۈنىگە، ئەڭ كەمدە ئارزۇسىغا زىت ھالدا، خىتاي رەھبەرلىرى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. خىتايدا ئىستىخبارات ئامايىشلار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ، شۇ ۋەجىدىن شۇنىڭدىن ئون يىل ئاۋۋال تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىش خىتاي رەھبەرلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەنىدى. شۇ كۈندىكى (ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدىكى) نامايىشقا خىتاي ئىستىخبارات دائىرىلىرى تەرىپىدىن قانداق ياخشى سەھنە ھازىرلاپ بېرىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئۆمەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئەلچىخانا ئالدىغا كەلگەن ۋە ناھايىتى تەرتىپلىك ماڭغان. بۇلار ئونلىغان بۇددىست راھىبلار ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغان تىبەت راھىبلىرى، داۋجياۋ مۇرىتلىرى، ئاندىن كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى، پروتېستانت ۋە مۇسۇلمانلار ئىدى.

كېيىنكى كۈنى، يەنى 5 – ئاينىڭ 10 – كۈنى دۈشەنبىدە، ساقچىلار باشتىن – ئاخىر نامايىشچىلارنى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا 25 فۇت (تەخمىنەن يەتتە يېرىم مېتىر، ت) كېلىدىغان جايغىچە كەلگىلى قويدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى «ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنى يوقىتايلى!» دەپ ۋارقىراپ، خىتاينىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئوقۇغان. (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى) ياشلار بېتون پارچىلىرىنى تۆمۈر قالپاق كىيگەن ئەسكەرلەرنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ، ئەلچىخانىنىڭ ئىچىگە ئاتقان (24). بىر مەھەل، ئەلچىخانا خىزمەتچىلىرى نامايىشچىلارنىڭ ئەلچىخانا بىناسىغا ئۇسۇپ كىرىشىدىن قورقۇپ، مەخپىي ھۆججەتلەرنى يىرتىشقا باشلىغان. ئەڭ ئاخىرىدا، دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جياشۈەن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ئامېرىكا باش ئەلچىسىگە تېلېفون قىلغان. ئۇ بومباردىمان ھەققىدە «ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى»غا قويىدىغان تۆت شەرتنى بارلىقىنى ئېيتقان، بۇلاردىن بىرى «ئاشكارا ۋە رەسمىي كەچۈرۈم سوراش» ئىدى (25).

ئەمەلىيەتتە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياخشى بىلگىنىدەك، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ئىش ھەققىدە تەكرار كەچۈرۈم سوراپ بولغانىدى. شۇ دۈشەنبە كۈنى، پىرېزىدېنت كىلىنتون مۇخبىرلارنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سوراپ: «مەن كەچۈرۈم سورايمەن، مەن بۇ ئىشتىن ئەپسۇسلاندىم. لېكىن، مەنچە تراگېدىيەلىك خاتالىق بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئارىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش بەكمۇ مۇھىم. ئامېرىكا بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش مەيدانىنى داۋاملاشتۇرىدۇ» دېدى (26).

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە بۇ ئىشقا قايتۇرغان ئىنكاسى، ساسېرنىڭكىگە ئوخشاشلا چۆچۈش ۋە مەڭدەپ قېلىش بولدى. گەرچە مەن باشتىلا ئاق ئەپەندىنىڭ خىتاينىڭ كەلگۈسى ئىنكاسى ھەققىدىكى پەرىزىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، يەنىلا شۇلارغا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولدۇم، بولۇپمۇ خىتاينىڭ بومباردىمانغا قايتۇرغان رەسمىي ھۆكۈمەت تەرەپ ئىنكاسى قاتتىقلاشقانسېرى بۇ خىل ھېسسىياتىم تېخىمۇ كۈچەيدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات ئورگىنى بولغان «خەلق گېزىتى» بېلگىرادتىكى (خىتاي) ئەلچىخانىنىڭ بومباردىمان قىلىنغانلىقىنى «ۋەھشىيانە جىنايەت»، «ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى»نى «باش جىنايەتچى» دەپ ئاتىدى. («خەلق گېزىتى»دىكى) ئۇزۇن باش بەت ماقالىسىدە ئامېرىكا كونكرېت سەككىز تۈرلۈك شەكىلدە ناتسىست گېرمانىيەسىگە ئوخشىتىلغان. مەسىلەن، مەزكۇر ماقالىدە شۇنداق دېيىلگەن: «ئامېرىكانىڭ ئۆز مەركەزچىلىكى ۋە جاھانغا خوجا بولۇش قەستى (ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭكىگە) ئۆز ئەينى ئوخشايدۇ... ئەگەر بىز دۇنيادىكى قايسى دۆلەت ناتسىست گېرمانىيەسى ئۆتمۈشتە قىلغاندەك «يەرشارىنىڭ خوجىسى» بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ دەپ سورىساق، بۇ سوئالنىڭ پەقەت بىرلا جاۋابى چىقىدۇ، ئۇ بولسىمۇ زومىگەرلىك تەرغىباتچىسى ئامېرىكادۇر» (27).

ئون يىل ئاۋۋال تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىش جەريانىدا، شۇ يەرگە ۋاقىتلىق تىكلەنگەن خىتاي نۇسخىسىدىكى «ئەركىنلىك ئىلاھى» ھەيكىلىگە روشەن سېلىشتۇرما بولغان ھالدا، خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى بۇ قېتىم ئامېرىكانى كەمسىتىدىغان تەشۋىقات تاختىلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى. مەسىلەن، بۇنىڭ ئىچىدە پىكاسسونىڭ 1937 – يىلىدىكى ئۇرۇشقا قارشى رەسىمى «گېرنىكا»نىڭ ئۇستىگە قىزىل بوياق چېچىلغان كۆچۈرۈلمىسىمۇ بار ئىدى. ئۇلار يەنە قاتتىق قەغەزدە «ئەركىنلىك ئىلاھى» ھەيكىلىنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياساپ، ئۇنىڭغا بىل كىلىنتوننىڭ رەسىمىنى چاپلىغان. ئەمما بۇ قەغەز «ھەيكەل»دىكى بىل كىلىنتوننىڭ قولىدا مەشئەل ئەمەس، قان تامچىپ تۇرغان بومبا بار ئىدى (28).

ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكى بىزلەر خىتاينىڭ قىلمىشى ھەققىدە تۈرلۈك خۇلاسىلەرگە كەلگەندۇق. بەزىلەر بۇنى خىتايچە سەزگۈرلۈك ياكى تەرسالىقنىڭ مەھسۇلى دېيىشسە، يەنە بەزىلەر خىتاي باشقا ئىشلاردا ئامېرىكانى تېخىمۇ

كۆپرەك يول قويغۇزۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق جار سېلىۋاتىدۇ دېيىشكەنىدى. لېكىن، ئېسىمدە قېلىشىچە، ھېچكىم خىتاينىڭ بۇ ئىنكاسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر بىر پىلان بارلىقىنى كۆرۈپ يەتمىگەنىدى. ھېچكىم بۇ ئىش سەۋەبلىك، بىزنىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىمىزگە قايتىدىن قاراپ چىقىشىمىز كېرەكلىكىنى ئويلىمىغانىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ھېچكىم (بۇ ئىش سەۋەبلىك) ئاق ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىگە ئەسلىدىكىدىن بەكرەك ئىشىنىپ كەتمىگەنىدى.

**2001** – يىلى، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى **1999** – يىلى بېلگىرادتىكى بومباردىماندىن كېيىن خىتاي سىياسىي بيۇروسىدا چاقىرىلغان جىددىي يىغىننىڭ نەچچە مىنۇتلۇق يېرى خاتىرىلەنگەن مەخپىي ھۆججەتنى قولغا چۈشۈردى **(29)**. بۇ ھۆججەتتە خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكا توغرىسىدىكى ھەقىقىي كۆز قارىشى ئاشكارىلانغان. (مەزكۇر ھۆججەتتە) سىياسىي بيۇرونىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ ئەھۋال ھەققىدىكى كۆز قارىشى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان تاقابىل تۇرۇش چارىلىرى بايان قىلىنغان. ئەگەر بۇ ئارىدا (يەنى ئاق ئەپەندىنىڭ پەرىزى بىلەن ھۆججەتتىكى سۆزلەر ئارىسىدا) پەرق بار دېيىلسە، ئاق ئەپەندى ھۆكۈمەتنىڭ ئەشەددىي مىللەتچىلىكىنى يېنىكرەك سۈپەتلەپ قويغانىكەن.

جياڭ زېمىن «ئامېرىكا بۇ ۋەقە ئارقىلىق خىتاينىڭ خەلقئارالىق كىرىزىس ۋە توقۇنۇشلارغا، بولۇپمۇ تۇيۇقسىز ۋەقەلەرگە قانداقراق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى» دېگەن. ئۇ (ئامېرىكانىڭ) ھاۋا ھۇجۇمى «تېخىمۇ چوڭ نەيرەڭ»نىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان. سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىدىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق ئەرباب لى پېڭ «يولداشلار! قانلىق ئەلچىخانا ۋەقەسى يەككە مەسىلە ئەمەس، شۇنداقلا بۇ خىتاي خەلقىگە قىلىنغان ھاقارەت ۋە خىرسلا ئەمەس؛ بۇ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلانغان ئاغدۇرمىچىلىق سۈيقەستىدۇر. بۇ ۋەقە باشقا ھەرقانداق تەرىپىدىن بەكرەك، ئامېرىكانىڭ بىزگە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزگە سالماقتا، ئۇ ھەرگىزمۇ بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس» دېگەن. مۇئاۋىن باش مىنىستىر لى لەنچىڭ: «كەلگۈسىدە، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى (قوراللىق) روبىرو تىركىشىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» دېگەن. ئۇمۇ «پىرېزىدېنت كىلىنتون (خىتاينىڭ بېلگىرادتىكى ئەلچىخانىسىنى) بومباردىمان قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خىتاينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى؛ خىتاينىڭ خەلقئارالىق كىرىزىس ۋە توقۇنۇشلارغا قايتۇرىدىغان ئىنكاسىنىڭ سالمىقىنى، خىتاي خەلقىدىن قانداق ئىنكاس چىقىدىغانلىقىنى، خىتايدىكى جامائەت پىكرىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆز قارىشىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا قانداق تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى» دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ ھۆججەتكە كۆرە، خىتاي رەھبەرلىرىدىن بىرەرسىمۇ ئامېرىكا تەرەپتە تۇرۇپ گەپ قىلمىغان، بۇ ئىشنىڭ تاسادىپىيلىق بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدىمۇ ھېچكىم ئېغىز ئاچمىغان. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى پىرېزىدېنت كىلىنتوننى ئەيىبلەشتىن ياكى ئامېرىكادىن بۇ ھەقتىكى ئۇقتۇرۇشنامىنى سوراشتىن ۋە ئامېرىكا ئەلچىخانىسى ئالدىدا كەڭ كۆلەملىك ئوقۇغۇچىلار نامايىشى قوزغاشتىن بۇرۇن بىر نەچچە سائەت ساقلاپ تۇرۇش ھەققىدىمۇ تەكلىپ بەرمىگەن. **1973** – يىلىدىن بۇيان ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان (خىتاينى يۆلەش) پىلانلىرىمىزنىڭ «مېۋىسى» مانا مۇشۇ بولغانىدى.

***

ھەتتا، مەزكۇر ھۆججەت بىزنىڭ مەغرۇرلۇقىمىزنى ۋە خىتايغا بولغان ئۈمىدۋارلىقىمىزنى تەۋرىتىپ قويغانىدى. بىز خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەسلىدىنلا ئاپئاشكارا بىر ئىش دەپ قارايتتۇق، لېكىن (خىتايدا) ئۇلارنىڭ تەسىرىنى چەكلەيدىغان ۋە چەكلىيەلەيدىغان ئەقلى – ھوشى جايىدا، سوغۇققان ئىنسانلار تېخىمۇ كۆپ دەپ ئويلايتتۇق.

خىزمەتداشلىرىم (خىتاي بىلەن ئارىمىزدا) ئىشەنچ ئورنىتىش ۋە ئۇقۇشماسلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن قايتىدىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك دېيىشكە باشلىدى. ئۇزاقتا قالمايلا، جياڭ زېمىن ۋە ھەرقايسى جايدىكى «خىتاينىڭ دوستلىرى»مۇ «ئۇقۇشماسلىقنى ئازايتىپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىش» دېگەن گەپنى دەپ يۈردى. بىزنىڭ يەكۈنىمىزچە، خىتاينىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى» (بىز ئۈچۈن) زىيانسىزدەك قىلاتتى. بىز ئاخىرى «خىتاي ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى غەربكە قارشى كىشىلەر ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇرسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ يادرولۇق رەھبەرلىرى ئۇلارغا ئوخشاش قاراشتا ئەمەس» دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى بەردۇق.

نۇرغۇن ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى ئامېرىكاغا قارشى ئالامەتلەرنى پەقەتلا نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى. ھەتتا (خىتاينىڭ) ئامېرىكاغا قارشى ئىكەنلىكىنىڭ بەزى ئىسپاتلىرى باستۇرۇپ قويۇلغانىدى. **1990** – يىلى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ۋىرجىنىيا (**Virginia**) شىتاتىدىكى رېستونغا جايلاشقان تەرجىمە مەركىزىگە قىلغان خىزمەت زىيارىتىمدە، مەن ئۇلاردىن «نېمە ئۈچۈن دوكلاتلىرىڭلاردا خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكاغا قارشى ئۆزۈن نۇتۇقلىرى كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ؟» دەپ سورىغانىتىم (**30**). چۈنكى، ئامېرىكانىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى مۇشۇ تەرجىمە مەركىزىدىن چىققان تەرجىمىگە تايىنىپ تۇرۇپ، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئوي – خىياللىرى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولاتتى، چۈنكى ئارىمىزدا خىتايچە ئوقۇيالايدىغان ۋە خىتايچىدىكى نازۇك ئۇقۇملارنى چۈشىنەلەيدىغانلار بەكلا ئاز ئىدى.

«بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي. (يۇقىرىنىڭ) مىللەتچىلىككە ئالاقىدار نەرسىلەرنى تەرجىمە قىلماسلىق يوليورۇقى بار» دېگەنىدى ئۇ يەردىكى تەرجىمان.

ئۇنىڭ جاۋابى مېنى گاڭگىرىتىپ قويغاچقا، «نېمىشقا؟» دەپ سورىدىم مەن.

«باش شىتابنىڭ خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىدىكىلەر ماڭا: بۇنداق قىلساق (يەنى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكاغا قارشى نۇتۇقلىرىنى ئۆز پېتى تەرجىمە قىلىپ دوكلاتلارغا كىرگۈزسەك) ۋاشىڭتوندىكى كونسېرۋاتىپلار ۋە سول قانات كىشىلىك ھوقۇق قوللىغۇچىلىرىنىڭ قېنى قىزىپ كېتىپ، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر يېتىشى ئېنىق، دېگەنىدى» دېدى ئۇ.

ئەنە شۇ ۋاقىتتىمۇ مېنىڭ خىتاينىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىم پات – پات تەۋرىنىپ تۇرسىمۇ، تەلتۆكۈس يوقىمىغانىدى. ئاق ئەپەندىدىن ۋە خىتاي سىياسىي بيۇروسى يىغىنىغا ئالاقىدار مەخپىي ھۆججەتتىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلارغا قارىماستىن، مەن يەنىلا خىتايغا تولۇق گۇمان بىلەن قارىغۇچىلاردىن ئەمەس ئىدىم. نۇرغۇن ئىستىخبارات مەنبەلىرى بۇنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىل ئىكەنلىكىنى، بۇ مەزگىلدە يىراقنى كۆرەر ئامېرىكا سىياسەتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى خىتايدىكى مۇقەررەر دېموكراتىيە يۈزلىنىشىگە، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي يېتەرسىزلىكلىرىگە ۋە خىتايدىكى قاتتىق قوللارنىڭ يەتمىشىنىڭ قارىسىنى ئالغان، ھەتتا سەكسەن ياشلارغا كىرىپ قالغان قېرىلار ئىكەنلىكىگە مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەكلىكىنى، ۋاشىڭتون سەبىر قىلىپلا تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئۇزاققا قالماي مۆتىدىل ئىسلاھاتچىلارغا ئورۇن بوشىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغاندەك قىلاتتى. بۇنچە كۆپ ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ بىردەك خىتاي ئىستىخباراتى تەرىپىدىن كونترول قىلىنالىشى مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ جاسۇسىمىز يېشىل خانىم تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار باشتىن- ئاخىر بۇ خىل ئۈمىدىمىزنى كۈچلەندۈرۈپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇ بىزگە خىتاينىڭ ئامېرىكا ئۈچۈن تەھدىت بولمايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ خىتايدىكى تېخىمۇ رادىكال، تېخىمۇ خەتەرلىك سىياسىي ئېلېمېنتلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن كوممۇنىستلارنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېھتىياجىمىز بارلىقىنى تەكرار – تەكرار ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ دوكلاتلىرى ۋە خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن بولغان ئاتالمىش يېقىن مۇناسىۋىتى تاكى ئۇ **2003** – يىلى **4** – ئاينىڭ **9** – كۈنى فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانغا قەدەر ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى (**31**).


ئۇنى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خىتايدىكى بىر ئۇچۇر تەمىنلىگۈچىسى پاش قىلغانىدى. ئۇ فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىن ئالغان 1.7 مىليون دوللار كىرىمنى (باج تۆلەش ئۈچۈن) مەلۇم قىلمىغانلىق جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۆزى خىتايغا يەتكۈزگەن مەخپىيەتلىكلەرنى (ئامېرىكاغا) ئاشكارىلاش جەھەتتە ھەمكارلىششقا ماقۇل بولغان. فېدېراتسىيە سوتچىسى «ئەدلىيە تارماقلىرى يېشىل خانىمنىڭ FBI دىكى باشقۇرغۇچىسىغا قويغان چەكلىمىلەر سەۋەبلىك، يېشىل خانىمنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن FBI دىن گۇۋاھچى چاقىرىش ھوقۇقى دەخلى – تەرۇزغا ئۇچرىغان» دەپ قاراپ (يېشىل خانىم ھەققىدە ئېچىلغان) ئەرزنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ھەققىدە قايتا ئەرز سۇنۇلغان ۋە ھەمكارلىششقا ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈن كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۈچ يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان (32).
فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىكى باش تەپتىش مەزكۇر دېلو ھەققىدىكى دوكلاتىدا خاتا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن بولغان خىتاي ئۇچۇر تەمىنلىگۈچىلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىغا قىزىل بەلگە قويىدىغان سىستېما بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئىستىخبارات ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى دېيۋىد سزېيدى (David Szady) مۇخبىرغا بۇ دېلو فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ «ئۆزىنىڭ ئۇچۇر تەمىنلىگۈچىلىرىنى ياخشى تىزگىنلەش، ئۇلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈش» زۆرۈرىيىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى دېگەن (33). فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئۆزىنىڭ يېشىل خانىمنىڭ يالغان مەلۇماتلىرى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئەزەلدىن ئاشكارىلاپ باقمىدى. تاكى فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ دوكلاتى ئاشكارىلانغانغا قەدەر كىشىلەر ئۇنىڭ خىتايغا مەخپىيەتلىك يەتكۈزگەنلىكى بىلەن ئىزچىل ئامېرىكانى (خىتايدىن خەۋپسىرىمەسلىك ئۈچۈن) پەپىلەشدىن قايىسىسىنىڭ زىيىنىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. (خىتاي) قاتتىق قوللىرىنىڭ زامانىۋى«قىزىل قىيا ئۇرۇشى»غا ئالاقىدار باھا – ئوبزورلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلارنىڭ بۇنداق خاتالىقنى ئۆتكۈزۈشى ئادەتتىكىلا ئىش، ئەلۋەتتە.

**(داۋامى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېسىلىدۇ. بوشلۇق ئېھتىياجى بىلەن ئىزاھاتلار قىسقارتىلدى. ئىزاھاتلار ئۈچۈن ئەسلى كىتاپنىڭ 258-268 بەتلىرىگە قارالسۇن)**

ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار :

**ھېكمەتيار ئىبراھىم**

**ئەنۋەر قاراقۇرۇم**




ئۇيقۇدىن ئويغانغىنىڭىزدا تۇنجى قىلىدىغان ئىشىڭىز قايسى؟

مۇنچىغا چۈشەمسىز، ئېلخەت ساندۇقىڭىزغا قارامسىز، ياكى شېكەرلىك بولكا ئۈچۈن ئاشخانا تارتمىڭىزغا قول سوزامسىز؟

مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن چىشىڭىزنى چوتكىلامسىز يوق؟

ئىشقا قايسى لىنىيە بىلەن بارىسىز؟ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈگۈرەش ئۈچۈن تەنھەرىكەت ئايىغىڭىزنى كىيەمسىز ياكى ئىستاكانىڭىزغا ئىچىملىك قۇيۇپ، تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماق يەمسىز؟

مەشھۇر پىسخولوگ ( William James) ۋىلىيام جېيمىس 1892 -يىلى مۇنۇ قۇرلارنى يازغان ئىدى:«بىزنىڭ پۈتكۈل هاياتىمىز – ئېنىق قېلىپقا ئىگە بولغانلىقى مۇددەتتە – بىر ئوچۇم ئادەتلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.»

مەن بۇ پىكىرنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى بۇ توغرا پىكىر. بىزنىڭ ھەر كۈنلۈك تالالاشلىرىمىزنىڭ زور كۆپچىلىكى قارىماققا ياخشى ئويلاشتىن كېلىپ چىققان قارارنىڭ مېۋىسىدەك بىلىنىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ كۈندىلىك تاللىشىمىزنى بەلگىلەيدىغىنى بىزنىڭ ئادەتلىرىمىزدۇر. گەرچە، ھەر بىر ئادەت ئۆز ئالدىغا تولىمۇ كىچىك مەنا ئىپادىلىسىمۇ، بىراق سىرتتا قانداق تاماق بۇيرۇتۇشىمىز، خىراجەت قىلىشىمىز ياكى ئىقتىساد قىلىشىمىز، تەنھەرىكەت ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت ئاجرىتىشىمىز، پىكىر قىلىش شەكلىمىز ۋە ئىشلەش ئادىتىمىز قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سالامەتلىكىمىزگە، ئۈنۈمدارلىقىمىزغا (productivity)، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزغا ۋە خۇشاللىقىمىزغا مىسلىسىز دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ديۇك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ 2006-يىلى ئېلان قىلغان تەتقىقات دوكلاتلىرىدىن بىرىدە، كىشى ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ قىرىق پىرسەنتىدىن كۆپرەكى رېئال شەكىلدە قارار قىلىش نەتىجىسىدە ئەمەس، كىشىنىڭ ئادىتى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىقىدىكەن.»(1)

ئادەت دېگەن – ھەر بىر كىشىنىڭ مەلۇم جەھەتتە بىلىپ تۇرۇپ تاللايدىغان، ئاندىن ئۇ ھەقتە ئويلىنىپ يۈرۈشنى توختىتىپ، ھەر كۈنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئىشتۇر. ھەر بىرىمىز قانچىلىك تاماق يېيىش، ئىشخانىغا بارغاندا قايسى ئىشقا دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈش، قانچىلىك دەرىجىدە ئىچىملىك ئىچىش ۋە قانداق چاغدا يۈگۈرگىلى چىقىش دېگەندەكلەرنى ھاياتىمىزنىڭ مەلۇم بىر پەيتىدە ئاڭلىق رەۋىشتە قارار قىلىۋالىمىز. بىز قارار چىقىرىشنى توختاتقىنىمىزدا، ئادەتلىرىمىز ئاپتوماتىك ھالدا ئىشقا چۈشىدۇ. مانا بۇ نېرۋىلىرىمىزنىڭ تەبئىي خۇسۇسىيىتىدۇر. ئادەتلەرنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىش نەتىجىسىدە، ئادەتلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز خالىغان شەكىلدە قايتىدىن شەكىللەندۈرەلەيسىز.

بۇ ماقالە چارلىز دۇھىگ (Charles Duhigg) يازغان «ئادەتنىڭ كۈچى» ناملىق كىتابتىن ئالغان ئىلھاملىرىمنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. تۆۋەندە كىتابتىكى ئۆزۈم ياقتۇرغان مۇھىم ئىدىيەلەر ۋە قايىل قىلارلىق كۆزىتىشلەرنى سۇنماقچىمەن.

سىز بۇ ماقالىدىن تۆۋەندىكى مەزمۇنلار توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئېرىشەلەيسىز:

* ئادەتنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقى

* مەيلى «ياخشى ئادەت» ياكى «ناچار ئادەت» بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر قانداق ئادەتنىڭ بىر ئورتاق نۇقتىسى مەۋجۇت ئىكەنلىكى

* ياخشى ئادەت بەرپا قىلىش ۋە يامان ئادەتتىن قول ئۈزۈشنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق ئاددىي ئۇسۇلى

ئادەت قانداق شەكىللىنىدۇ؟

ئالىملارنىڭ دېيىشىچە، ئادەتلەر مېڭىنىڭ توختاۋسىز رەۋىشتە (ئەقلىي ياكى جىسمانىي) ئېنېرگىيىنى تېجەش يولىنى ئىزدىشى سەۋەبلىك شەكىللىنىدۇ. مېڭە ئۆز فۇنكسىيىسىگە قويۇپ بېرىلگەندە، ئومۇمەن ھەر قانداق تەكرارلىنىشنى ئومۇمەن دېگۈدەك ئادەتكە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى، ئادەتلەر بىزنىڭ ئەقلىي ئېنېرگىيىمىزنىڭ خورىشىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇ خىلدىكى خوراشتىن ساقلىنىش ئىقتىدارى يۈكسەك ئەۋزەللىككە ئىگە. بىر ئىقتىدارلىق مېڭە بىزنى ئادەتتىكى ئىش-ھەرىكەتلەر توغرۇلۇق ئويلىنىپ ئولتۇرۇشىمىزدىن خالاس قىلىدۇ. مەسىلەن، بىز مېڭىش، نېمە يېيىش توغرۇلۇق ئويلىنىپ ئولتۇرمايمىز. بۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئەقلىي ئېنېرگىيىمىزنى (يۇقارقىدەك ئادەتتىكى ئىشلارغا سەرپ قىلىپ يۈرمەستىن) كەشپىياتلار، سۇغۇرۇش سېستىمىسى، ھەتتا، ئايروپىلان ياساش ياكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى لاھىيىلەش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلالايمىز.

دۇھىگ كىتابتا ماساچۇستىس تېخنولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئادەت شەكىللەندۈرۈش ئىلمى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار تەجرىبىلەرنى بايان قىلغان.

تەتقىقاتچىلار بۇ تەجرىبىلەرنى ئىشلەشتە بىر گۇرۇپپا چاشقانلارنى ئوبيېكت قىلغان بولۇپ، (تەجرىبىلەردىن بىرىدە) تەتقىقاتچىلار چاشقانلارنى ئازدۇرما يولغا كىرگۈزۈپ، چاشقانلارنىڭ ئىزدەپ تېپىشى ئۈچۈن، ئازدۇرما يولنىڭ ئاياقلىشىش نۇقتىسىغا بىر پارچە شاكىلات قويۇپ قويغان.

شۇنداق قىلىپ، تەتقىقاتچىلار تەجرىبىسىنى باشلىغان ...

دەسلىپىدە، چاشقانلار دىققەت تارتقۇدەك ھېچقانداق ئالاھىدە ھەرىكەت قىلمىغان. ئازدۇرما يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن چاشقانلار دەسلىپىدە ھەممە يەرنى پۇراپ، تاملارنى تاتىلىغان. پات-پاتلا مېڭىشتىن توختىۋالغان، ئاندىن مۇشۇ سىياقتا يولنى داۋام قىلغان.

بىراق، تەتقىقاتچىلار كېيىنراق ئالاھىدە بىر ئەھۋالنى بايقىغان: چاشقانلار ھەر قېتىم ئازدۇرما يول قاتارىنىڭ بىر بېشىدىن يەنە بىر بېشىغا يېتىپ بارغۇچە، ئۇلارنىڭ ئەتراپنى پۇراشنى بارغانچە ئازايغان، شۇنداقلا تاملارنى تاتىلاشمۇ بارغانچە ئازايغان، ھە دېگەندىلا توختىۋېلىشمۇ ئوخشاشلا ئازايغان. شۇنداق قىلىپ، ھەر ئازدۇرما يول قاتارلىرىنى قانچە بەك تاماملىغانسېرى، مېڭىشى شۇنچە تېزلەشكەن.

تەتقىقاتچىلار چاشقانلارنىڭ ئازدۇرما يول قاتارلىرىدىن بىر نەچچىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئازدۇرما يول قاتارلىرىدىن غەلىبىلىك ھالدا ھالقىپ ئۆتكەنسېرى، ئۇلارنىڭ زېھىن ھەرىكىتىنىڭ تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى بايقىغان. چاشقانلارنىڭ ئازدۇرما يول قاتارىدا مېڭىشى راۋانلاشقانسېرى، ئۇلاردا ئازدۇرما يولدىن قانداق قىلىپ ئۆتۈپ كېتىش توغرىسىدىكى زېھىن ھەرىكىتى ئازىيىشقا باشلىغان ۋە ئەتراپنى پۇرىمايدىغان، تاملارنى تاتىلىمايدىغان، توختىۋالمايدىغان بولغان. ئاقىۋەتتە، چاشقانلار ھېچقانچە ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا، سۈرئىتىنى بارغانچە تېزلەتكەن.

تەتقىقاتچىلار چاشقانلارنىڭ بۇ خىل ئاپتوماتىكلىشىشتا، مېڭىسىدىكى «غول نېرۋا تۈگۈنى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھۆجەيرىگە تايىنىدىغانلىقىنى بايقىغان بولۇپ، بۇ ھۆجەيرە سەۋەبلىك چاشقانلارنىڭ سۈرئىتى تېزلەشكەنسېرى، مېڭىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى شۇنچە ئازايغان.

«نېرۋا غول تۈگۈنى»ئىش-ھادىسىلەردىكى ئۆلچەم قېلىپلارنى ئەسلەش ۋە شۇنىڭغا بىنائەن ھەرىكەت قىلىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ھۆجەيرە مېڭە ئۇخلاش ھالىتىدە تۇرغان تەقدىردىمۇ، ئادەتلەرگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ئۆزىدە ساقلاشقا مەسئۇل.

(بىلىش كېرەككى،) ئىنساننىڭ مېڭىسىمۇ يۇقارقىغا ئوخشاش خىزمەت قىلىدۇ. بۇ باسقۇچ «بۆلۈملەش» باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. مېڭە «بۆلۈملەش» ئارقىلىق (مەسىلەن) چىش چوتكىلاش، ئاياغ بوغۇچىنى چېگىش، ياكى ماشىنا قويۇش ئۆيىگە ماشىنا ئەكىرىش قاتارلىق بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى ئاپتوماتىك ھالدا دائىمي تەرتىپكە ئۆزگەرتىدۇ.

شۇنى تەكىتلەيمىزكى، مېڭىمىز كۈچ سەرپ قىلىشىمىزنى ئازايتماقچى بولۇپ، توختاۋسىز ھالەتتە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى ئىزدەيدىغانلىقى سەۋەبلىك، ئادەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا بىز ئادەتنى قانداق شەكىللەندۈرىمىز؟

**ئادەت ھالقىسىنىڭ كۈچى: ھەر قانداق شەكىلدىكى ئادەتلەرنى باشلىشىمىزدىكى (ياكى توختىتىشىمىزدىكى) ئۈچ قەدەم باسقۇچ**

مېڭىمىزدىكى بۇ جەريان ئۈچ باسقۇچقا بۆلىنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، بىر ئەسلەتمە، بىر ئىنكاس قوزغايدىغان ئىش مېڭىمىزگە ئاپتوماتىك ھالەتكە ئۆتۈشنى ۋە قايسى خىل ئادەتنى قوللىنىشنى خەۋەر قىلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، دائىمي تەرتىپ شەكىللىنىدۇ. بۇ دائىمي تەرتىپ جىسمانىي جەھەتتىن بولۇشىمۇ، ئەقلىي جەھەتتىن بولۇشىمۇ ۋەياكى ھېسسىي جەھەتتىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۈچىنچى باسقۇچتا، مۇكاپات بولىدۇ، ئۇ مېڭىمىزنىڭ مۇئەييەن ئادەت ھالقىسىنىڭ كەلگۈسىدە ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ناۋادا سىز ھەر قانداق شەكىلدىكى يېڭى ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرمەكچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى ئۈچ فورمۇلانى ئېسىڭىزدە تۇتۇۋېلىڭ:

ئەسلەتمە + دائىمي تەرتىپ + مۇكاپات = ئادەت

يېڭى ئادەتلەر مۇشۇ ئۈچ باسقۇچقا باغلىق:

**1.** ئەسلەتمە: مېڭىڭىزگە قايسى ئادەتنى ئىشلىتىشنى دەپ بېرىدىغان قوزغىغۇچتۇر. **2.** دائىمىي تەرتىپ: ئادەتلەرنىڭ ئىش قىلىشىڭىز، تەپەككۇرىڭىز ۋە ھېس-تۇيغۇڭىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىشىدۇر. **3.** مۇكاپات ( **reward** ) : مۇئەييەن بىر ئادەتنىڭ قانچىلىك قىممەتى بارلىقى ۋە شۇ ئادەتنىڭ ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقىنى قارار چىقىرىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇنداقتا، ھاياتىڭىزدا ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۇرۇشىڭىز ئۈچۈن بۇ ئادەت ھالقىسىنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىڭىزنى دەپ بېرەي.

## ھاياتىڭىزدا ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى: بىر ئەسلەتمە تېپىپ چىقىش — مۇكاپاتنى بەلگىلەش

«ناۋادا سىز ھەر ئەتىگىنى يۈگۈرۈشنى خالىسىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاددىي كۆرسەتمە (تەنھەرىكەت ئايىقىڭىزنىڭ بوغۇچىنى دائىم ئەتىگەنلىك ناشتىدىن بۇرۇن ئېتىش، ياكى تەنھەرىكەت كىيىمىڭىزنى كارىۋىتىڭىزنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇش دېگەندەك) ۋە ئېنىق مۇكاپات (چۈشلۈك تاماق، ماڭغا مۇساپىڭىزدىن كەلگەن غەلىبە تۇيغۇسى، ياكى يۈگۈرەشتىن كەلگەن ئېندورفىن- **endorphin**) نى بەلگىلىۋېلىشىڭىز زۆرۈر. بىراق، نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىر ئەسلەتمە ياكى بىر مۇكاپات، ئۆز ئالدىغا يەككە ھالدا يېڭى بىر ئادەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. پەقەتلا، مېڭىڭىز مۇكاپات توغرۇلۇق ئويلىغىنىدا – ئېندورفىنغا بولغان تەلپۈنۈش ياكى ئۇتۇق تۇيغۇسى – يۈگۈرەش ئۈچۈن ھەر سەھەر يۈگۈرەش ئايىغىڭىزنىڭ بوغۇچىنى ئېتىشىڭىز ئاپتوماتىك ھالدا ئىشقا ئاشىدۇ. ئەسلەتمە بىر دائىمىي تەرتىپنى قوزغىتىشتىن سىرت، مۇكاپاتقا بولغان تەلپۈنۈشنىمۇ قوزغىتىشى كېرەك.»

ئادەت يېتىلدۇرۇش ھەر بىرىمىز ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان ئاددىي فورمۇلاغا ئاساسلانغان. سىز سەھەردە تۈنجى بولۇپ قىلىشنى خالايدىغان ئىشىڭىزنى ئادەتكە ئايلاندۇرغىڭىز بار دەپ قارايلى. ئۇنداقتا:

* سىز ئىشنى – تەنھەرىكەت ئايىقىڭىزنى ئىشىكنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇش دېگەندەك - بىر ئەسلەتمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن باشلايسىز.

* بۇ ئەسلەتمە دائىمىي تەرتىپنى قوزغىتىشى كېرەك. بۇ خىل ئەھۋالدا، سىز ھەر كۈنى سەھەردە بەدەن چېنىقتۇرۇشىڭىز كېرەك.

* ئاندىن، مۇئەييەن بىر مۇكاپاتنى تاللىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، ھەر قېتىملىق بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن كېيىن مېۋە شەربىتى ئىچىش دېگەندەك.

* ئاخىرىدا، چېنىقىش زالىدىكى ھېرىپ-چارچاشتىن كېيىن ئۆزىڭىز ئىچكەن مېۋە شەربىتىنىڭ ھوزۇرىنى ئويلاش ئارقىلىق، ئۆزىڭىزنى مۇكاپاتنى ئارزۇلايدىغان قىلىسىز.

* ئىستەك ئادەتنى بەرپا قىلىدۇ. ئادەتلەرنىڭ بۇنچە كۈچلۈكلىكىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەتلەر نېرۋا خاراكتېرلىك ئىستەكنى پەيدا قىلىدۇ. ئىستىكىڭىزنى غىدىقلايدىغان نەرسىنى تېپىپ چىقىشىڭىز تېخىمۇ ئاسان ھالەتتە ئادەت شەكىللەندۇرۇشىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

* ئۆزىڭىز يېتىلدۇرمەكچى بولغان ئادەت توغرۇلۇق ئويلىنىڭ، ۋە ئۇنى يېزىۋېلىڭ.

* ئەسلەتمىڭىز توغرۇلۇق ئويلىنىڭ ۋە ئۇنى يېزىۋېلىڭ.

* ئاخىرىدا، سىز بۇ يېڭى ئادەتنى شەكىللەندۇرۇۋاتقاندا مۇكاپاتنىڭ ئۆزىڭىز ئېرىششنى كۆزلەيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭ.

نەقىل مەنبەلىرى:

**Neal, David T., Wendy Wood, and Jeffrey M. Quinn. "Habits–A repeat performance." Current Directions in Psychological Science 15.4 (2006): 198–202.** ↩

ھېكمەتيار ئىبراھىم ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلدى




# خىتاينىڭ رايونلۇق ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش سەۋەبلىرى



جاستىن جېيكوبز

چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە تەھلىل قىلىنغاندا، خىتاينىڭ (شەرقىي تۈركىستاننى) «شىنجاڭ ئۆلكىسى»دىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قىلىپ ئۆزگەرتىش قارارىنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئاددىيچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ پەقەت بۇ يەرنىڭ 1884- يىلىدىن بۇرۇنقى مەمۇرىي ھالىتىگە خاس بولغان پەرقلەندۈرۈپ ئىدارە قىلىش سىياستىنىڭ روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ئىدى. كوممۇنىستلارنىڭ بۇ قارارى پەقەت ئۇزۇندىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىشىدىنلا ئىبارەت ئىدى. 1909 – يىلى، چىڭ ئوردىسى خىتاي تارىخىدىكى تۇنجى ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بارغاندا، باشقا ھەممە ئۆلكىلەرنىڭ ئۆز پارلامېنت ۋەكىللىرىنى نامزات كۆرستىش ۋە سايلىشىغا يول قويۇلغان بولسىمۇ، پەقەت شەرقىي تۈركىستانلا ئۆزىنىڭ «ئالاھىدە شارائىتى» سەۋەبلىك بۇ سايلامغا قاتناشمىغان. كېيىنچە، گەرچە گومىنداڭ دائىرىلىرى رەسمىي ھۆججەتلەردە شەرقىي تۈركىستاننى «شىنجاڭ ئۆلكىسى» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى سىياسەت تۈزگۈچىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ «ئالاھىدە» بولۇۋېلىشى ۋە شۇ سەۋەبلىك خىتاينىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن بىرلەشمەيۋاتقانلىقىدىن ۋايساشقانىدى. (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا تەيىنلىگەن) ھۆكۈمەت رەئىسى ۋۇ جوڭشىننىڭ چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى ئۈرۈمچىدىكى مۇھىم ئورۇنلارغا قويۇشنى رەت قىلىشىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق كىشىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش شەرقىي تۈركىستاننى تېخىمۇ بەك «ئالاھىدە» كۆرستىپ قويىدۇ دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقىدىن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ۋۇ جوڭشىن ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى «گومىنداڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ <ئالاھىدە> ھالىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى، شۇ ئارقىلىق سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ خىل ئالاھىدە ئەھۋالدىن پايدىلىنىش ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىتا ھوشيار تۇرۇشى كېرەك» دەپ قارايتتى.

دېمەك، شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىنلا ئالاھىدە بىر رايون ئىدى ۋە بۇ تېگى – تەكتىدىن ئېيتقاندا يامان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. دەرۋەقە، پەرقلەندۈرۈش سىياستى ــ ئېتنىك ۋە ماكان جەھەتتىكى پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتىگە يېتىشنى نىشان قىلىدۇ. مەسىلە پەقەت خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالاھىدە ئەھۋالدا، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر كېلىشتۈرگۈچىلىك ۋە قانۇنىي مەنبەلىك ئىقتىدارىنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالمىغاندىلا ئاندىن كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ بىر ھالقىلىق نۇقتا. جاڭ جيېشى مەسئۇد سەبرىگە ئوخشاش كىشىلەرنى (شەرقىي تۈركىستانغا) ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە قويۇشتىن ئەنسىرىمىگەن.

جاڭ جيېشى ئۇچۇن مەسئۇدنىڭ بۇ ئورۇنغا (باشقىلار تەرىپىدىن ئەمەس) گومىنداڭ تەرىپىدىن قويۇلغانلىقىنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ نەزىرىدە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىنى ئىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قەتئىي قوبۇل قىلغىلى بولمايتتى، گەرچە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆپلىگەن ئاشكارا باياناتلىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق دەرىجىسى مەسئۇد سەبرىنىڭكىگە قارىغاندا خېلىلا تۆۋەن بولسىمۇ.

خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىشنى گېنېراللىسمۇس (جاڭ جيېشى) قالدۇرغان يەردىن باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بېيجىڭنىڭ (يەنى خىتاي كومپارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ) مۇئەييەن ساھەلەردىكى پەرقلەرنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ پەرقلەرنى خىتاي دۆلىتىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئامال تېپىشى لازىملىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ ھەر قانداق بىر دۆلەت ئۈچۈن مۇرەككەپ «دارۋازلىق ئويۇنى» ئىدى. فرانسىن ھېرش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇشۇ خىل جەريانىنى «قوش ئاسسىمىلاتسىيە» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ خىل «ئاسسىمىلاتسىيە»دە بىر مىللەت ئەزالىرى دۆلەت بەلگىلەپ ۋە رەسمىيلەشتۈرۈپ بەرگەن بىر يۈرۈش ئېتنىك ئالاھىدىلىكلەرنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىگە «ئېنىقلىما» بەرگەن ئەشۇ دۆلەتكە ساداقەت بىلدۈرەتتى.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەنە شۇنداق بىر يېڭى دۆلەت ئىدى. كوممۇنىستلار پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ، گومىنداڭ دەۋرىدىكى «قەبىلە» ۋە «ئۇرۇقداشلىق» دېگەن ئاتالغۇ ئورنىغا 56 مىللەتنى قانۇنىيلاشتۇردى. ئۆز نۆۋىتىدە، بۇ مىللەتلەر خىتاي بەلگىلەپ بەرگەن، مىللىي پەرقلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دۆلەت ئورگانلىرىغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بېيجىڭغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈردى. يوقتىن بار قىلىنغان بولسۇن ۋە ياكى گومىنداڭ دەۋرىدىن مىراس قالغان بولسۇن، ھەر بىر مىللەت ئۆزىنى بىر قېرىنداش 56 ئاكا – ئۇكىلارنىڭ بىرى قاتارىدا كۆرۈشى كېرەك ئىدى: كۆرۈنۈشى (مەدەنىيەت، تىل، قاتارلىقلار) ئوخشاش بولمىسىمۇ ھەممىسى بىر دادىنىڭ (يەنى خىتاي دۆلىتىنىڭ) باللىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېيجىڭنىڭ ياردىمىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈرۈشتە بىرلەشكەن ئىدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ھىرش ئەڭ دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان «مىللەتلەر ئىمپېرىيەسى» دېگەن ئاتالغۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگىمۇ ماس كېلەتتى. بۇنىڭ مەقستى، پەرق سىياسىتىنىڭ مەركىزىي رايوننىڭ بايلىق ۋە ھوقۇققا ئېرىشىشىنى قانداق ئاسانلاشتۇرىدىغانلىقىنى كۆزىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىكى بىردىنبىر ئوخشىماسلىق بۇ يەردىكى «پەرق» نىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىدا ئىدى. چىڭ ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمدارلىرى يولغا قويغان ۋە بىر قىسىم گومىنداڭچىلارمۇ قوللىغان كونسېرۋاتىپ مىللىي ئېسىلزادىلەرنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزۇش سىياسىتىنىڭ ئورنىغا ئەمدى (خىتاي كومپارتىيەسى دەۋرىدە) مىللەتلەرنى ياقىلاش سىياسىتىگە ئالاقىدار سۆز – ئىبارىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغانىدى.

بۇ سىياسەت، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ۋە شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارىلىشىشىنى ئاقلىشىغا تولىمۇ ماس كېلەتتى، بۇ خۇددى خىتاي مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ 20 يىل بۇرۇنقى سىياسىتىگە ئوخشايتتى.

دېمەك، كوممۇنىستلارنىڭ تۇتقان يولى سوۋېتنىڭكىگە بەكلا ئوخشايتتى. (بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى ئاساسلىق پەرق شۇكى، خىتايدىكى «قېرىنداش» مىللەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەمەس، بەلكى خىتاينى «دادا» ئورنىدا كۆرۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ بىر ئوخشىماسلىق ئاقىۋەتتە ئالەمشۇمۇل پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. گەرچە، بۇ 56 مىللەتنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تۈزۈلمە جەھەتتىكى مەنبەسى سوۋېت ئەندىزىسى بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى پەقەت ۋە پەقەت خىتاي كومپارتىيەسىلا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە قانۇنلاشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇقمەن، دېيەلەيتتى. مانا بۇ، گومىنداڭ كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ زادىلا قولغا كەلتۈرەلمىگەن سىياسى بۆسۈش ئىدى. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش كوممۇنىستلارنى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئالاھىدە بىر سىياسى تۈزۈلمىنى، يەنى «خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزىم»نى قۇرۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. گەرچە بۇ ئاتالغۇ ماۋ

زېدوڭ دەۋرىدىن كېيىنكى لېنىنىزىملىق دۆلەت باشقۇرۇش بىلەن بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىز بۇ ئاتالغۇنىڭ 1950 - يىللاردىكى مىللىي (ئېتنو) – سىياسىي پروگراممىلاردا دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئەپلىك ۋە ئۆزگىرىشچان شەرھ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «تېخىمۇ تەرەققى قىلغان باشقا دۆلەتلەر ئاللىقاچان يولغا قويغان سىياسەتلەرنى خىتاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا يولغا قويدۇق» دېيىشىگە يول ئېچىپ بەردى. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەكسىچە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللەتلەرگە (كەلگۈسىدە) ئايرىلىپ چىقىپ كېتىش ھوقۇقى بولغان «مىللىي جۇمھۇرىيەت» بېرىش خىيالى قەتئىي يوق ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېتىبار قىلىش سىياسىتى (**Коренизация**، «يەرلىكلەشتۈرۈش سىياسىتى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مىللىي سىياسەت بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى غەيرىي رۇس مىللەتلىرىنى ئۆزلىرى تەۋە سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇ سىياسەتكە كۆرە، فېدېراتسىيە تۈزۈمى ئاستىدا غەيرىي رۇس مىللەتلىرىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى كۈچلەندۈرۈلەتتى. سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە، مەزكۇر سىياسەت رۇسلارنىڭ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان.بۇ سىياسەت ھەتتا رۇس مىللىتىنىڭ ئۆزىگىمۇ تەسىر قىلغان. مەسىلەن، ئۇكرائىنادىكى (رۇسلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) بارلىق بالىلاردىن ئۇكرائىن تىلىنى ئۆگىنىش تەلەپ قىلىناتتى. بولشېۋىكلار 1913 – يىلى بۇ سىياسەتنى بېكىتكەن. ئەينى يىلى، لېنىن ستالىننى ۋېيناغا ئەۋەتكەن. ستالىن موسكۋاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەزكۇر سىياسەت ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىنى لېنىنغا دوكلات قىلغان. كېيىن بۇلار ستالىننىڭ «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» دېگەن ماقالىسىدە خۇلاسىلەنگەن. مەزكۇر سىياسەت رۇس كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار)نىڭ 12 –قۇرۇلتىيىدىن كېيىن كونكرېت ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان، ۋىكىپېدىيا؛ ئەگەر مەزكۇر سىياسەت شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنغان بولسا، بىز خىتايچە ئۆگىنىشنىڭ ئورنىغا، خىتايلار ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشى كېرەك بولغان بولاتتى، مۇھەررىردىن) ئەندىزىسىدىن بۇ قەدەر چەتنەپ كېتىشنى ئاقلاشقا توغرا كېلەتتى، چۈنكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاينىڭ باشقا ھەرقانداق يېرىدىكىلەرگە قارىغاندا سوۋېت مودېلى بىلەن بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى.

بۇنداق ۋەزىيەتكە ئېلىپ كەلگەن سىياسەتنى «خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوۋېت ئېتىبار قىلىش سىياسىتى» دېيىش ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. بۇ سىياسەتنى يەتكۈزگۈچى جۇ ئېنلەي بولۇپ، ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا (ئاتالمىش) «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلۇپ ئىككىنچى يىلى مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك بىر لېكسىيە بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بولشېۋىكلارنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى رۇس بولمىغان بەزى خەلقلەرگە «ئۆزىگە تەۋە» مىللىي جۇمھۇرىيەتلىرىنى بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى، رۇسىيە دۆلىتى ياۋروپادىكى باشقا ئېمپېرىيەلەرگە ئوخشاش «مۇستەملىكىچى»لىكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، چاررۇسىيەدىن قالغان «مۇستەملىكىچىلىك» ئەنئەنىسىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، بولشېۋىكلار ئۆزلىرىنىڭ باشقا ياۋروپا ئېمپېرىيەلىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇپ بېرىشى مىللىي – سىياسىي ئىلغارلىقىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، بۇنداق بولمىغاندا ھېچكىم بولشېۋىكلارنىڭ يېڭى دۇنيا تەرتىپى ئورنىتىش ھەققىدىكى قەسەملىرىگە ئىشەنمىگەن بولاتتى. ئەمما، خىتاي بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. «ھەممىگە مەلۇمكى، مۇستەملىكىچىلىك غەربتىن كەلگەن» دەيدۇ جۇ ئېنلەي. شۇ سەۋەبتىن، خىتاي مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قۇربانىلا بولىدۇكى، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچى بولمايدۇ. (خىتايغا كۆرە) مۇستەملىكىچىلىك «غەربكىلا خاس» ھادىسە بولغاچقا، مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا يول قويۇش مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئۆز گۇناھىنى

تونۇغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ خىتايغا ماس كەلمەيدۇ. جۇ ئېنلەي يەنە شۇنداق دەيدۇ «غەربتىكى كۆچلەر ئۆز زېمىنىدىن بەكلا يىراقتىكى يەرلەرنى بېسىۋالغان، (بۇنىڭ ئەكسىچە) خىتاينىڭ ماكان (زېمىن) ۋە ئىنسانىي دائىرىسى خۇددى دائىم چوڭىيىپ ۋە كىچىكلەپ تۇرىدىغان ئەمىبا (يەككە هۇجەيرىلىك بىر ئورگانىزم) غا ئوخشاش بولۇپ، بۇ زېمىندىكى خىتاي ۋە خىتاي بولمىغان خەلقلەر «تەبىئىي يوسۇندا» ئارىلىشىپ ۋە راۋاجلىنىپ كەلگەن».

مانا بۇ «خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوۋېت ئىتىبار بېرىش سىياسىتى»نىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىنىشى ئىدى. خىتاي غەربچە مۇستەملىكىچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئاز سانلىق خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ياۋروپا، ھەتتا رۇسىيە تارىخىدىن ئەمەس، چوقۇم خىتاي تارىخىدىكى تەجرىبىلەردىن كېلىشى كېرەك ئىدى. جۇ ئېنلەينىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي تارىخىدىكى مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، خىتايدىكى خەلقلەر تەبىئىي ۋە ئىناق ھالدا ئارىلىشىپ، راۋاجلىنىپ كەلگەن بولۇپ، خىتاي غەرب تارىخىغا خاس بولغان زوراۋانلارچە بېسىۋېلىش يولىنى تۇتمىغان ئىمىش. دەل مۇشۇ خىل «زوراۋانلارچە بېسىۋېلىش» بولشېۋىكلارنى بۇ خىل غەربچە قەبىھلىكنى داۋالايدىغان دورا سۈپىتىدە مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇش يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر قىلغان. «ئەمما، خىتاي بۇ خىل قەبىھلىكتىن يىراق بولغاچقا، بۇ خىل دورا ھاجەتسىز بولۇپلا قالماستىن،بەلكى (ئىشلىتىلگەن تەقدىردە) ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، خىتايدىكى خىتاي بولمىغان ھەر قانداق خەلقلەرگە مۇستەقىللىق ياكى مىللىي ئاپتونومىيە بېرىش خۇددى ساغلام بىر كىشىگە ئۇنىڭدا بولمىغان بىر كېسەل ئۈچۈن دورا بەرگەندەك ئىش بولىدۇ» دەپ تەكىتلەيدۇ جۇ ئېنلەي. بۇ كوممۇنىست رەھبەرلىرى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئوخشىتىش ئىدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە خىتاينىڭ كېڭەيمىچى غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ كېيىنكى ھۇجۇمىغا بولغان مۇداپىئەسىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولاتتى.

خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوۋېت ئىتىبار قىلىش سىياسىتى يېڭىدىن قۇرۇلماقچى بولغان ئاپتونوم رايوننىڭ نامىنى نېمە دەپ ئېلىش ھەققىدىكى مۇزاكىرىلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ماۋ زېدوڭ «شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى» دەپ ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رايوننىڭ ساھىبى ئىكەنلىكىنى رەسمىي يوسۇندا ئېتىرازغا ئالماسلىقنى مۇۋاپىق كۆردى. كوممۇنىست ھۆكۈمىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇرلار بولسا، «ئۇيغۇر» نامىنى ئالماسلىقتىن بەكرەك «شىنجاڭ» نامىنى ئېلىشقا بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلىدى. بۇرھان شەھىدى بۇ ھەقتە دېڭ شياۋپىڭغا مۇنۇلارنى دېگەندە نۇرغۇن كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۇرگەنىدى: «شىنجاڭدىكى بەزى مىللەتلەر بۇ ئىككى خەتنى (يەنى خىتايچە « 新 疆 » دېگەن خەتنى) ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ». ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى، «يېڭى زېمىن»، «يېڭى چېگرا» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدىغان « 新 疆 » ئاتالغۇسى بۇ رايوننىڭ خىتاينىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن بولغان، ئوڭايلا مۇستەملىكىچىلىك ياكى ئىمپېرىيالىزمنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىغىلى بولىدىغان بىر مۇناسىۋەتتىن (يەنى بۇ يەر ھەقىقەتەن يېقىندا بېسىۋېلىنغان دېگەندىن) بېشارەت بېرەتتى. ئۇ «شىنجاڭ» دېگەننىڭ ئورنىغا «تىيانشان» دېيىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. «تىيانشان» دېگىنى بۇ زېمىننى شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلىدىغان تەڭرىتېغىنىڭ خىتايچە نامى ئىدى.

ماۋزېدوڭ بۇنىڭغا قوشۇلماي، «شىنجاڭ» ئىبارىسىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇردى. بىر ئايدىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ ئۇيغۇر كادىرلارغا مۇنۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى: «<شىنجاڭ> دېگەن بۇ ئىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ھېچقانداق ھاقارەت مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ، شۇڭا ئۇنى <تىيانشان> دەپ ئۆزگەرتىش مۇۋاپىق ئەمەس». ماۋزېدۇڭ مۇرەسسە سۈپىتىدە، بۇنىڭغا «ئۇيغۇر» سۆزىنى قىستۇرۇشقا قوشۇلغان، ئەمما «شىنجاڭ» سۆزىنىڭ ئۆز ئورنىدا، قۇرنىڭ بېشىدا تۇرۇشىنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە غەلىتە بىر بىرىكمە ئاتالغۇ ۋۇجۇدقا كەلگەن. گەرچە بۇ يېڭى «ئاپتونوم رايون»

ئۇيغۇرلارغا «مەنسۇپ» بولسمۇ، بۇ رايون خۇددى شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى يېڭى دۇنيا مۇستەملىكىلىرىگە بېرىلگەن ناملار (مەسىلەن، يېڭى ئەنگلىيە، يېڭى جەنۇبىي ۋېلىس دېگەنلەرگە ئوخشاش) غا ئوخشاپ قالىدىغان بىر خىتايچە ئىسىم بىلەن ئاتالدى.ماۋ زېدوڭنىڭ بۇ ھەقتىكى مەنتىقىسىگە رەددىيە بەرگىلى بولمايتتى: خىتاي «ئىمپېرىيالىزىمچى بولمىغىنى» ئۈچۈن، «شىنجاڭ» دېگەن بۇ نامنى خىتاينىڭ ئىمپېرىيالىزىمچىلىق تارىخىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىغىلى بولمايتتى. «شىنجاڭ» دېگەن سۆزنى ئىلىۋېتىش ئەمەلىيەتتە خىتاي خۇددى غەربتىكى ئىمپېرىيالىست كۈچلەرگە ئوخشاش ئىش قىلدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ھالبۇكى، بۇ يېڭى نام پەقەت **20** - ئەسىردە خىتاي سىياسەتچىلىرىنىڭ ئوخشاش دەۋردە ئىمپېرىيە چەتئەللەردىن ئىمپورت قىلغان «ئەڭ ياخشى ئۇسۇللار» بىلەن خىتاي ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەسىرىگە ئۇچرىغان خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈرۈش جەھەتتىكى نۇرغۇن قېتىملىق پراگماتىك ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىرى ئىدى، خالاس. «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېيىش بۇنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسا، «شىنجاڭ» كېيىنكى قىسمىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى.

ئەگەر كوممۇنىستلارنىڭ چېگرا رايون «ئاپتونومىيەسى» ھەققىدىكى شەرھىسى بۇنىڭ ئارقىسىدىكى گېئوپولىتىك پراگماتىزمنى ھەر قانداق ئۇسۇلدا تىلغا ئېلىشنى ئۇستىلىق بىلەن بىكار قىلغان بولسا، يەنى خىتاينىڭ خارلىنىش تارىخى فېدېراتىپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ياكى بۆلۈنۈپ چىقىش ھوقۇقى بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش قارارىغا باھانە بولغان بولسا، بىزدە «بېيجىڭ نېمىشقا ئۆز ئۇسلۇبىدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك <ئاپتونومىيە> بېرىشنى قارار قىلدى؟» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. مەيلى شىڭ شىسەي، ياكى گومىنداڭچىلار بۇنداق قىلىشنى توغرا تاپمىغانىدى؛ كوممۇنىستلارنىڭمۇ سوۋېت مودېلىنى «خىتاينىڭ ۋەزىيىتى»گە ماسلاشتۇرىدىغان ۋىجدانىي بۇرچى يوق ئىدى.پۈتۈنلەي ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شىڭ شىسەي يولغا قويغان مىللىي مەدەنىيەت مودېلى (ئېتنوكۇلتۇرال مودېل، بۇ يەنە ئاۋسترو – ماركسىزىملىق پروگرام دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىلغار مىللەتچىلىك (ئېتنوپوپۇلىزم) نەزەرىيىسىنى تۇتقا قىلىپ بۆلگۈنچىلىكتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىدى. نېملا دېگەن بىلەن، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاپتونومىيە خىتاي دۆلىتىگە «ئۆز قول ئاستىدىكى خەلقنىڭ مىللەتچىلىكىنى قوللىغۇچى»لىقتىن ئىبارەت بىر رولنى بېرىپ، ئۆز ۋاقتىدا يەنە ئەشۇ «ئاپتونومىيە»نىڭ ئىگىلىرىگە سىياسى ئاكتىپچانلىق بىلەن بۇرۇندىن بار بولغان مىللى تېررىتورىيە كاتېگورىيەسىنى بىرلەشتۈرۈشى ئۈچۈن لازىملىق بولغان مەمۇرىي ۋاستىلەرنى بەرمەيتتى. بىز پەقەت بېيجىڭنىڭ شېڭ شىسەينىڭ پروگراممىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالىماسلىقى شېڭ شىسەينىڭ (ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) نۇرغۇنلىغان كوممۇنىست كادىرلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاۋسترو – ماركسىزىملىق پروگراممىغا بولغان قارشىلىقى بولسا بۇ مودېلنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ دەۋردىكى سىياسى قۇرۇلمىسىدىكى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ھالىتى سەۋەبىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ گۇمان قىلىمىز.

سەۋەبىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ئاخىرىدا غەيرى بىر خىل مىللىي – سىياسىي ھاكىمىيەت بارلىققا كەلدى. ئۇ رايونلۇق ئاپتونومىيە بىلەن قانائەتلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي بولمىغان خەلقلەرنى مىللىي ئاڭ – تونۇشقا ئىنتىلىشكە رىغبەتلەندۈردى. جەمئىيەتشۇناس روجېرز برۇبېيكېر كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇنىڭ نۇرغۇن ئىنسانلار ۋە نۇرغۇن ئەھۋاللارغا نىسبەتەن ھېچبىر قۇتراتقۇلۇق رولى بولماسلىقى مۇمكىن. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا نىسبەتەن مىللىي سىياسەت ئاڭقىرىش تەس بولغان، ناھايىتى مۇرەككەپ بىرنەرسە بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. ئەمما، بەزى ۋاقىتلاردا مىللىي زىددىيەت ئالدىنقى ئورۇنغا چىقىدۇ. بۇنىڭدا بىزنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى خىل ئەھۋال بار: بىرى، كۆچمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز ۋە زور مىقداردا ئېقىپ كىرىپ، يەرلىكلەرنىڭ بۇرۇندىن بار بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىگە دەخلى يەتكۈزدى، دەپ قارىلىشى؛ ئىككىنچى، مەلۇم بىر رايوننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى بىر مىللەتكە پايدىلىق ھالەتتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەڭداشسىز بولغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مىللەتلەر تەرىپىدىن بۆلۈنۈش ھالىتىگە ئۆزگىرىشى.

**1950** – يىللىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپ قىسمىدا بۇ ئىككى خىل ئەھۋال تېخى كۆرۈلمىگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ يەرنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ ۋە قازاقلار يېڭىدىن زور ساندا ئېقىپ كىرگەن خىتاي كۆچمەنلىرىگە دۇچ كەلدى. ئۈرۈمچىدىكى زاۋۇتلار بۇنىڭغا سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى خىتاي ۋە خىتاي بولمىغان ئىشچىلار بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئالاقىدار كەم ئۇچرايدىغان شەھەرلىك پارتكوم دوكلاتىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىش بىزنى يېڭىدىن قۇرۇلغان خىتاي دۆلىتىنىڭ مىللىيەتچىلىك نەزەرىيەسىگە قارىتا، دەرھال نەتىجىسىنى كۆرگىلى بولىدىغان ئۇسۇل بىلەن تەمىنلىدى.

جاستىن جېيكوبزنىڭ
Xinjiang and the
Modern Chinese State
ناملىق كىتابىدىن
مۇھەممەد ئۇيغۇر تەرجىمە قىلدى.




# بېلگىيە ئۇيغۇرلىرى

بېلگىيە ياۋروپانىڭ غەربىگە جايلاشقان، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغان، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئاساسى كۈچلۈك، زېمىنى كىچىك دۆلەت. پايتەخت بېريۇسېل ياۋروپانىڭ پايتەختى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى ئورگىنى، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتى قاتارلىق ئورگانلار بېريۇسېلغا جايلاشقان. 1830-يىلى مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ تا هازىرغىچە بۇ دۆلەتتە ئۈچ خىل تىل رەسمىي دۆلەت تىلى بولۇپ كەلمەكتە. شىمالدا گوللاندىيە تىلى، جەنۇبتا فىرانسۇز تىلى، شەرقتىكى ئۇپېن ئۆلكىسىدە گېرمان تىلى ئىشلىتىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك يۇقىرىقى ئۈچ رايوندا ئۈچ مەمۇرى هۆكۈمەت، پايتەخت بىرۇسېلدا بىر مەركىزى هۆكۈمەت مەۋجۇت. يەر كۆلىمى 30530 كۋادرات كىلومېتىر. بېلگىيەنىڭ يەر كۆلىمى شەرقى تۈركىستاننىڭ 1/59ى گە تەڭ. ئاهالىسى 11.5 مىليون بۇلۇپ، يېرىمدىن كۆپرەكى خىرىستىيان دىنى بىلەن رىم كاتولىك دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ.

بېلگىيەگە ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ 2000- يىلىنىڭ بېشىدا كەلگەن بولۇپ، ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مەملىكەتلەردىن كىلىشكە باشلىغان. 2010-يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندىن بېلگىيىگە كېلىشكە باشلىغان ئۇيغۇرلار كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيگەن. نۆۋەتتە بېلگىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تەخمىنىي مۆلچەردە ئىككى مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇ ساننىڭ توقسان پىرسەنتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار، ئون پىرسەنتىنى ۋەتەندىن كەلگەن ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بېلگىيىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بېلگىيىدە ئۇيغۇرلار بېريۇسېل، ئانتۋېرپېن، گېنت قاتارلىق ئاساسلىق چوڭ شەهەرلەرگە ۋە ئەتراپىغا كۆپرەك ماكانلاشقان.

بېلگىيەدىكى ئۇيغۇرلار مائارىپ تەربىيلىنىشى جەهەتتە بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ۋەتەندە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، بىر قىسمىلىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. بېلگىيەگە كەلگەندىن كېيىن يۇقۇرىلاپ ئوقۇپ ئالىي مەكتەپلەردە بوغالتىرلىق، دورىگەرلىك، داۋالاش قاتارلىق كەسىپلەردە ئوقۇۋاتقان، شۇنداقلار بۇ كەسىپلەردە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئۇيغۇرلارمۇ مەۋجۇت. 2-ئەۋلاد ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئاساسەن ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇۋاتىدۇ.

خىزمەت جەھەتتە، بېلگىيىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا، بەزى ئۇيغۇرلار شەخسى شىركەتلەردە ئىشلەيدۇ. بىر قىسملىرى ئۆز ئالدىغا ئېگىلىك تىكلەپ، ئۆز ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا مېڭىۋاتىدۇ. بېلگىيەدە تىل ئۆگىنىش بەك ئەرزان ھەتتا ھەقسىز بولغاچقا، تىرىشچان ئۇيغۇرلىرىمىز تېزراق بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇش ئۈچۈن تېز سۈرئەتلىك تىل ئۆگىنىش سىنىپلىرىغا تىزىملىتىپ، تىل ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

بېلگىيەدە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يىللاردىن بىرى ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائى ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ كەلدى. مىللىيچە پۇراقتىكى توي تۆكۈنلەر، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بولۇۋاتقان چوڭلار مەشرىپى، ئايالllar مەشرىپى، ياشلار يىغىلىشى، پۇتبول مۇسابىقىسى، دالا پائالىيىتى، نۇرۇز خاتىرىلەش، روزا ۋە قۇربان ھېيتلاردا تەرەپ- تەرەپتىن قېرىنداشلار كېلىپ ئۆز-ئارا كۆرۈشۈپ بىرگە پائالىيەت قىلغاچ سۆھبەتتە بولىدۇ. ھېيت كۈنلىرىدە توپ بولۇپ ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ.

2017-يىلى بېلگىيە ئانا تىل گۇرۇپپىسىدىكى ھەيئەت ئەزالارنىڭ مەسلەھەتى ئارقىلىق قۇرۇلۇپ ئىنتايىن ئاز ساندىكى باللار بىلەن باشلانغان ئانتۋېرپېن شەھىرىدىكى بېلگىيە ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى ئېلىپبە سىنىپىنى ئېچىپ بىر نەچچە كىچىك پەرزەنتلەرنىڭ ئېلىپبە ساۋادىنى چىقاردى. ھازىر بۇ مەكتەپتە ئوندىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ھەپتە ئاخىرىدا ئوخشىمىغان سەۋىيە بويىچە بۇ مەكتەپنىڭ داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا كۈچ چىقىرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر مۇئەللىملەردىن ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئالماقتا. ئىقتىساد ۋە ئورۇن قىيىنچىلىقى سەۋەبلىك مەكتەپنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىمۇ بىر قىسىم قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرىۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئانا تىل گۇرۇپپىسىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ۋە بىر قىسىم مىللەتپەرۋەر ئاتا-ئانىلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ھەر يىلى باللار پائالىيىتنى ئېلىپ بېرىش ئۈزۈلۈپ قالمىدى. بۇنداق پائالىيەتلەردە پەرزەنتلىرىمىز ئۆز يېشىغا ماس كەلگۈدەك نومۇرلارنى مەسلەن شېئىر ئۇقۇش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، ئېتوت ئورۇنداش ۋە كىچىك تىپتىكى تىياتىرلارنى تەييارلاش نومۇر ئورۇندايدۇ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىق باللارغا سەھنىدە مۇكاپات تارقىتىلىدۇ.


بېرىيۇسېلغا جايلاشقان ياۋروپا پارلامېنتىدا پات-پات ئۇيغۇرلارغا ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ۋەزىيىتىگە ئائىت يىغىنلار ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ئورۇن جەھەتتىكى قولايلىقلىق سەۋەبلىك بۇنداق يىغىنلارغا ئۇيغۇرلار ھەرقېتىم بېرىپ قاتنىشىپ تۇرىدۇ. ھەر يىلى تىبەتلەر بىلەن بىرلەشمە نامايىشلار ۋە ئۇيغۇرلار ئۆزى ئۇيۇشتۇرغان چوڭ تىپتىكى نامايىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى ھالالردا بۇ خىل نامايىشلارغا بېلگىيەگە قوشنا بولغان گېرمانىيە، گوللاندىيە ۋە فىرانسىيەلەردىن قېرىنداشلىرىمىز كېلىپ قاتنىشىپ تۇرىدۇ. 2018-يىلى 27-ئاپرېل دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىشىدا بېرىيۇسېلدا بولغان چوڭ نامايىشقا بىرىيۇسېل شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۈچۈرىدىن قارىغاندا 2700 ئەتراپىدا ئادەم قاتناشقان بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ قاتناشقان نامايىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ يىل 1-ئۆكتەبىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتيى، بېلگىيە ئۇيغۇر جەمىيتى ۋە بىر نەچچە خەلقارالىق تەشكىلاتلار بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان بېرىيۇسېل نامايىشىدىمۇ خېلى قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي بېلگىيە ۋە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدىن كەلگەن مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرلار بۇ نامايىشقا قاتناشتى.

2008-يىلى بېلگىيەدە قۇرۇلغان ۋە ھازىرغا قەدەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيتى بېلگىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن بېلگىيەدە ئوخشىمىغان ساھەلەردە ھەرىكەت قىلىۋاتقان تاپاۋەتسىز ئۇنۋېرسال تەشكىلاتتۇر. ئۆتكەن ئۈچ- تۆت يىلدىن بۇيان بۇ تەشكىلات ھەرىكەتلەندۈردىغان ئادەم كۈچى يوق سەۋەپلىك پاسسىپ بىر مەزگىلنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى. بۇ جەرياندا بېلگىيەدە ھەر قايسى جەھەتتىن ئاممۋىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەر باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا خېلىلا جانسىز بولدى. بۇ يىل ئاپرېلدا

ئېلىپ بېرىلغان سايلامدىن كېيىن، ياشلار ئىچىدىن چىققان ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىز ياشار يالقۇن تەشكىلات رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، باشقا ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئىقتىدارلىق ۋەتەنداشلار بىلەن بۇ تەشكىلاتنى بىرلىكتە ماڭغۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئىدى. تەشكىلات بىر قىسىم قىينچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خېلى كۆپ ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قىلدى. مەسلەن، بېلگىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، بىر نەچچە دۆلەت ئەلچىخانىلىرى، تەتقىقاتچىلار، ياۋروپا پارلامېنت ۋە يەرلىك پارتىيەلەرنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئالاقىدە بولۇش ئارقىلىق، ھازىرقى ۋەزىيىتىمىز ھەققىدە ئۇچۇر بەردى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى، كۆپلىگەن مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. دەۋا سېپىمىزدا كۈچ چىقىرىۋاتقان پېشقەدەم پائالىيەتچىلىرىمىزنى تەكلىپ قىلىپ، لېكسىيە ئورۇنلاشتۇردى. ئامىمىۋى يىغىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئىخچاملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بېلگىيەدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائى پائالىيەتلەردە بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك جانلىنىش مەنزىرىسى كۆرۈلدى.

بېلگىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ دۆلەتلەردە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى تەربىيلىنىش ئەھۋالى ۋە مۇھىت بىزنىڭ ۋەتەن بىلەن ئوخشىمىغانلىق سەۋەپلىك ئارلىقىمىزدا مەلۇم نىسپەتتە كۆز قاراش پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇرتىلدا سۆزلىشىش ئارىمىزدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىق قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ئارا يىغىلىشلار ۋە باشقا پائالىيەتلەردە رۇس تىلىدا سۆزلىششىنى خالايدۇ. ۋەتەندىن چىققان قېرىنداشلار بار يەردە ئامال بار ئۇيغۇرچە سۆزلىششكە ئۇرۇنۇپ باقىدۇ يۇ سۆزلەپ يەنىلا رۇسچىغا كېتىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشلىرى بىلەن ئۇيغۇرچە سۆزلەشمەك خېلى تەس بىر ئىش. بەزى قېرىنداشلىرىمىز ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشنى ماڭا نەچچە قېتىم دېگەن، ئەمما ئارىلىق ۋە ۋاقىت شارائىتى سەۋەپلىك بۇمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى، 7-8 يىلنىڭ ئالدىدا چوڭراق بىر ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىدىغان مەكتەپ قۇرۇش ھەققىدە پىكىرلەرمۇ بولغان، ئەمما رېئاللىق شۇ بولدىكى بۇگۈنگىچە قىلالمىدۇق. بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىنتايىن مىللەتسۆيەر ئادەملەر. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچىنى ياخشى بىلمەسلىك ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ ئۆگىنىشكە ئانچە بەك قىزىقىپ كەتمەسلىكى ئارلىقىمىزدىكى ئۆز ئارا ئالاقە ۋە بېرىش-كېلىشلەرگە زور چەكلىمە پەيدا قىلماقتا. بۇلار سىياسى تېمىلارغا ئانچە قىزىقمايدۇ. بىزگە قارىغاندا كۆپ ئەمىلىيەتچان ۋە ياردەمچان كېلىدۇ.


ماتېرىيالنى بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەمىنلىگەن




**ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇستازلىق ئالىمى ھاجى مىرزاھىد كېرىمى 2018-يىلى بەشىنچى ئايدا تۇتۇلغان ۋە مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن خىتاينىڭ تۆھمەتلىرى سەۋەبلىك ئون بىر يىللىق كېسىلگەن. شۇ چاغدا ئۇ 78 ياشتا ئىدى.**

«ئالىمنىڭ پۇت-قوللىرىنى باغلاش مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ قاناتلانغان پىكرىنى باغلاش مۇمكىن ئەمەس» — ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

**ھاجى مىرزاھىد كېرىمى 1939-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھىرىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قەشقەر شەھىرىدە پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1955-يىلدىن 1958-يىلغىچە ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» نىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. مىرزاھىد كېرىمى مۇشۇ جەرياندا ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان. شەرقىي تۈركىستانغا ئىپلاس قەدىمىنى قويغاندىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاندا قان تۆكۈش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش قاتارلىق ۋەھشىيانە قىلمىشنى كۈنسېرى كۈچەيتىۋاتقان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان رەزىل سىياسىتى سەۋەبلىك، مىرزاھىد كېرىمى 1959-يىلى ئېلان قىلغان «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق» ناملىق شېئىرى يۈزىسىدىن ئون ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتقان. كېيىن قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، ئاندىن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1993-يىلى كېسەللىك سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىققان.**

**ياپونىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيسى، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئىختىيارى مۇخبىرى ھاجى قۇتلۇق قادىرى ئەپەندىنىڭ 2017-يىلى ئالتىنچى ئايدا ئەدىب ھاجى مىرزاھىد كېرىمى بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە، ھاجى مىرزاھىد كېرىمى مۇنداق دېگەن:«1959-يىلى تۆتىنچى ئايدىن باشلاپ، 1972-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنىگىچە (ئون ئۈچ يېرىم يىل) تۈرمىدە ياتتىم. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن قالپاق بىلەن مەھەللىدە بەش-ئالتە يىلدەك كوچا سۈپۈردۈم.»**

شائىر مىرزاھىد كېرىمى 1959-يىللىرى يازغان «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق» ناملىق شېئىرى سەۋەبلىك قاماققا مەھكۇم قىلىنغان. ھاجى قۇتلۇق قادىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە بۇ شېئىرنىڭ تۇنجى مىسراسىنى يادقا ئوقۇپ بەرگەن:

ئاسمان كۆزىدىن تامچىلايدۇ ياش،
شۇنچە جىمجىت ئەتراپ گويا غەپلەتتە.
ياپراقسىز دەل-دەرەخ يولۇمغا سىرداش،
ئېيتىڭچۇ! تەبىئەت نېمە ھەسرەتتە؟

ئەدىب ھاجى مىرزاھىد كېرىمى تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە بىر قىسىم مۇھىم تېمىلارنى قەلەمگە ئالغان ئىستىپداتلىق يازغۇچىلىرىمىزدىن بىرىدۇر. «سەئىدخان» (ساۋۇت داۋۇت بىلەن بىرلىكتە يازغان)، «سۇلتان ئابدۇرېشىتخان»، «يۈسۈپ خاس ھاجىب»(ئىككى جىلدلىق)، «مىرزا ئابابەكرى» قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى ئاپتورنىڭ نەچچە ئون يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش مېۋىسىدۇر. ئاپتور يۇقىرىقى رومانلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سەلتەنەتلىك ھاياتىنى، دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسىنى، ئىسلام ئىچىدە ھۆر، ئەركىن ۋە بەخت-سائادەتلىك ياشىغان شانلىق تارىخىنى تارىخىي چىنلىقتىن چەتنەپ كەتمىگەن ئاساستا بەدىئىيلەشتۈرۈپ بايان قىلغان. ئاپتورنىڭ شانلىق تارىخىمىز ۋە تارىخى شەخسلىرىمىز باش تېما قىلىنغان يۇقارقى ئەسەرلىرى خىتاي زۇلمى ئاستىدا قاتتىق ئېزىلىۋاتقان، ئىنسانىي قەدىر قىممىتى بىلەن ھۆر ياشاشقا چەكسىز ئىنتىلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئويغاق، ۋىجدانلىق، ۋەتەنپەرۋەر شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن كاتتا سوۋغات بولغانلىقى بەرھەق. ھەر قانداق مىللەتنىڭ زىيالىيلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى خەلقىنىڭ ئېڭىنى يېتەكلەش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ئۇستاز ھاجى مىرزاھىد كېرىمى يۇقىرىقى تارىخىي رومانلىرى ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئېڭىنى يېتەكلەش مەقسىدىگە يېتىپلا قالماي، خەلقىنىڭ مىللىي ئويغىنىشىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەشھۇر ئالىمىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1923-1995) «ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن كىشى، ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن كىشى بىلەن ئوخشاش» دېيىش ئارقىلىق، ئۆز تارىخىمىزنى بىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر بىر ئويغاق قەلەم ساھىبى ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆتمۈشىگە نەزەر سېلىش، شانلىق تارىخىدىن مەدەت ئېلىش، تارىختىكى ئاچچىق قىسمەتلىرىدىن ساۋاق ئېلىش جەھەتلەردە ئەسلا بوشاڭلىق قىلغان ئەمەس. زومىگەر، مۇتېھەم ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ياۋۇزلارچە باستۇرۇشلىرىنىڭ قارشىسىدا ئۆز كىملىكى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن چېلىڭ تۇرۇۋاتقان، خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىگە قارشى ئۈن-تىنسىز مۇجادىلە قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسە - مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزدىن كېيىن - ئۇستاز مىرزاھىد كېرىمگە ئوخشاش ۋىجدانلىق، ئويغاق ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە يېزىپ چىققان كىتاب-ماقالىلىرىدىن ئالغان روھىي ئوزۇقتۇر.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن قادىرى قاتارلىق مۇتەۋەرلىرىمىز ياققان ئويغىنىش ۋە مەرىپەت مەشئىلىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلاردىن بىرى ھېسابلانغان پېشقەدەم ئۇستازىمىز مىرزاھىد كېرىمى نەچچە ئون يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە يېزىپ پۈتتۈرگەن تارىخىي رومانلىرى ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئويغىنىش يولىدىكى قاراڭغۇ زۇلمەتلەرگە قارشى ھەقىقەت گۈلخانىنى ياققان. ئۇستاز مىرزاھىد كېرىمى تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدىن سىرت، شېئىرىيەت، ھېكايىچىلىك ۋە رومانچىلىق ساھەسىدىمۇ ئۇتۇق قازانغان، ئەسەرلىرى ئىلىم ساھىبلىرى ۋە ئىلمىسۆيەر ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلغان مول-ھوسۇللۇق ئەدىبتۇر.

ئىشەنچىلىك خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەدىب ھاجى مىرزاھىد كېرىمى 2018-يىلى بەشىنچى ئايدا تۇتۇلغان ۋە مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن قانخور خىتاينىڭ تۆھمەتلىرى سەۋەبلىك ئون بىر يىللىق كېسىلگەن. مەلۇم بولۇشىچە ئۇنىڭ كېسىلىشىگە «يۈسۈپ خاس ھاجىب» قاتارلىق رومانلىرى ۋە تون كىيدۈرۈش مۇراسىمىدا قىلغان سۆزى سەۋەب بولغان.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 2017-،2018-يىللىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدىن ئون تۆت كىشى تۇتقۇن قىلىنغان. شائىرنىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا تەۋە تۇتقۇن قىلىنغان شەخسلەر ئىچىدە مەسلىسى ئەڭ ئېغىر كىشى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. شائىر ھاجى مىرزاھىد كېرىمى تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر سەرخىللىرى ئارىسىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ شەخسلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇستاز ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ كېيىم-كېچەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوغلى نۇرئامان مىرزاھىدمۇ تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۇتۇلۇشىغا دادىسىنى تۇتقىلى كەلگەن ساقچىلار بىلەن «گەپ تالاشقانلىقى» سەۋەب بولغان. (2)

قەشقەر زىيالىيلىرىنىڭ ئاقساقىلى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ پەخىرلىك ئۇستازى، قەشقەر خەلقىنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى ھېسابلانغان ئۇستاز ھاجى مىرزاھىد كېرىمى **1993**-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدىن پېنسىيىگە چىققان. ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن تىنىمسىز قان-تەر تۆكۈشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىنسانىي بۇرچى ھېسابلايدىغان كىشىلەر ھەممە مىللەتتە ئانچە كۆپ بولمايدۇ. ئۇستاز ھاجى مىرزاھىد كېرىمى دەل ئۇيغۇر ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن قان-تەر تۆكۈش يولىنى تاللىۋالغان ئاز ساندىكى ئەدىبلىرىمىزدىن بىرىدۇر. ئۆزى ئىشغال قىلىنغان زېمىنلاردا ۋەتەن-مىللەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلارنى كۆزدىن يوقىتىشتا تارىختىي پەللە ياراتقان قانخور خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا قەدەم باسقان يۈز ئەللىك يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان قانچىلىغان قەھرىمانلىق ئوغلانلىرىمىزنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىپ، جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى پەقەت ۋە پەقەت بىر ئاللاھلا ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ جەسۇر، قەھرىمانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھالدا خىتاينىڭ قولىدا جان ئۈزدى. بىزنىڭ ئەڭ قەھرىمانلىق نەرسىلىرىمىز خىتاينىڭ قولىدا نابۇت بولدى. خىتاينىڭ بۇ قىرغىنچىلىق ۋە زۇلۇملىرىدىن سەكسەن ياشقا كىرگەن مۆتىۋەر ئۇستازىمىز ھاجى مىرزاھىد كېرىمىمۇ مۇستەسنا قالمىدى.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇستاز ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ مىللەت ئۈچۈن قىلغان ئىلمىي خىزمەتلىرىگە چوڭقۇر رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنچە خەتەرلىك ۋەزىيەتتىمۇ دادىسى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقالىغان نۇرئامان مىرزاھىدقا ئوخشاش جەسۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ئاپىرىن ئوقۇيمىز. تارىخ ھەق ئۈچۈن شام بولۇپ كۆيگەن، ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ زۇلۇمغا ئۇچرىغان، دىن ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلىش يولىدا ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان ھەر بىر پەخىرلىك ئوغلانىنى ئۆز شانلىق سەھىپىسىدە نامىنى مەڭگۈ ياشىتىدۇ. ئۇستاز ھاجى مىرزاھىد كېرىمى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق خەلقىمىزنىڭ خىتاي زۇلمىدىن تېزراق قۇتۇلۇشىنى، ھەممەيلەنىنىڭ بەخت-سائادەتلىك ھايات ئىچىدە قەدىر-قىممىتى بىلەن ياشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئوغۇل-قىزلىرىمىزنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن ۋە سانىنى كۆپەيتىپ بەرسۇن.

نەقىل مەنبەلىرى:

(1) ھاجى مىرزاھىد كېرىمى:«يۈسۈپ خاس ھاجىب»(1-قىسىم، 786-بەت)

(2) ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى تارتقاتقان ھاجى مىرزاھىد كېرىمىگە ئالاقىدار خەۋەر.

https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/siyaset/mirzahit-oghli-11292018171237.html?searchterm:utf8:ustring=%20نۇرئامان





# لاگېردىكى يۇمشاق دېتال ئالىمى — ئالىم ئەھەت

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ كومپيۇتېردىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەتىنى ئىنچىكە ھالدا نامايەن قىلىشقا تىرىشىمەن.»-ئالىم ئەھەت*(1)*

«بىز يىلتىزىمىز بىر، ھەر شاخقا بۆلۈنۈپ كۆكلىگەن دەرەخكە ئوخشايمىز، مەيلى قانداق كۆكلەيلى، خەلقىمە سايە بېرەلىسەكلا بولدى.»-ئالىم ئەھەت*(2)*

**ئۇيغۇرلاردا ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىمنى مىللەت ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلدۇرالىغان سەرخىللىرىمىز ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۆگەنگەن بىلىمى ئارقىلىق يۇقىرى مائاش، پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىچارە مىللىتى ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمىگەن ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ بىر تۈركۈمى دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدە خىزمەت ۋە تۇرمۇشى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن بولسا، يەنە بىر قىسمى زالىم خىتاي ۋەتىنىمىزدە قۇرغان جازا لاگېرلىرىدا ئېغىر خورلۇق ۋە ئازاب ئىچىدە خورلانماقتا. ئىلىم ئىگىلەش يولىدا ئەڭ زور چىدام بىلەن ئالىغا ئىلگىرىلىگەن، ئۆگەنگەن بىلىمى ئارقىلىق خەلقىگە ئىنتايىن چوڭ مەنپەئەت كەلتۈرگەن، شۇنداقلا بىلىمنى ئىقتىسادقا ئايلاندۇرالىغان ئاز ساندىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ بىرى دەل مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدا ناھەق ئازاب چېكىۋاتقان پەخىرلىك ئوغلانىمىز ئالىم ئەھەدتۇر.**

**ئالىم ئەھەت 1974-يىلى 6-ئاينىڭ 14-كۈنى شايار ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1980-يىلدىن 1991-يىلغىچە شايار ناھىيەلىك 1-باشلانغۇچ ۋە 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1991-يىلى 9-ئايدا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» ماتېماتىكا فاكۇلتېتى ھېسابلاش ماتېماتىكىسى كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1995-يىلى 9-ئايدىن 1996-يىلى 7-ئايغىچە بېيجىڭ تەبئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1996-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ تاكى 2018-يىلى خىتاي ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنگە قەدەر «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» ماتېماتىكا ۋە سىستېما پەنلىرى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇ قوللىنىشچان ماتېماتىكا كەسپىدە ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخى، يۇمشاق دېتال ئىنژېنېرلىق كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى، چوڭ مەلۇمات ۋە ئۈچۈر قېزىشتا ئىنژېنېرلىق كەسپكارلىق سالاھىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈچۈر تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات يۆنىلىشى تەبئىي**

تىلنى بىر تەرەپ قىلىش بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرىدىكى تىل-يېزىقتا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن يۇمشاق دېتاللارنى لايىھەلىگەن، ھەقسىز تارقاتقان ۋە مەھسۇلات سۈپىتىدە بازارغا سالغان.

1997-يىلى 6-ئايدا، ئالىم ئەھەت ئاكىسى ياسىن ئەھەت بىلەن ھەمكارلىشىپ «كومپيۇتېر ئىنگلىز تىلى» دېگەن كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» نەشر قىلغان بۇ كىتابتا ئۇچۇر تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك 1000 جۈملە، 3000 غا يېقىن سۆز-ئىبارە ۋە ئاتالغۇنى ئېلان قىلغان.

ئالىم ئەھەت 17 يېشىدىلا كومپيۇتېر پىروگراممىسى يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، 25 يىلدىن ئارتۇق يۇمشاق دېتال لايىھەلەش تەجرىبىسىگە ئىگە. ئۇ ++C/C قاتارلىق نۇرغۇن پىروگراممىلاش تىللىرىنى پۇختا بىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزى قول سېلىپ نۇرغۇن ئەمەلىي مەھسۇلاتلارنى لايىھەلەپ بازارغا يۈزلەندۈرگەن. 1998-يىلى 6-ئاينىڭ 14-كۈنى (يەنى 24 يېشىدا) «ئۇيغۇرسوفت» شىركىتىنى قۇرۇپ ختاي تەرىپىدىن لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنگە قەدەر بۇ شىركەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن.

1999-يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «كومپيۇتېر ژۇرنىلى» ناملىق ژۇرنال ئالىم ئەھەتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئالىم ئەھەت «ئۇيغۇر سوفت ئەلكاتىپ»، «ئۇيغۇر سوفت كوررېكتورى»، «ئۇيغۇر سوفت چوڭ لۇغىتى» قاتارلىق يۇمشاق دېتاللىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىلىم-پېنىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ زامانىۋىي دۇنيادا پۇت دەسسەپ تۇرۇشىغا زور تۆھپە قوشقان. ئالىم ئەھەدىنىڭ يەنە بىر چوڭ تۆھپىسى شۇكى، 2012-يىلى 12-ئايدا، مىكروسوفت Windows قاتارلىق 30 غا يېقىن يۇمشاق دېتاللارنى ئورگان تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ يەرلىكلەشتۈرگەن، 6000 غا يېقىن كومپيۇتېر ئاتالغۇلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

ئالىم ئەھەت 1998-يىلى شەرقىي لوندون ئۇنىۋېرستىتىنىڭ كومپيۇتېر ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇش چاقىرىقىغا ئېرىشكەن، بىراق، بۇ ئوقۇش پۇرستىنى رەت قىلىش يولىنى تاللىغان. ئالىم ئەھەت ئەپەندى 2006-يىلى «ئىقتىساد مۇنبىرى» پروگراممىسىدىكى سۆھبەتتە، رىياسەتچىنىڭ بۇ ئوقۇشنى نېمە ئۈچۈن رەت قىلغانلىق سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:«ئەلۋەتتە شۇ ۋاقىتتا كەلگەن چاقىرىق ئاسان قولغا كەلمىگەن. شىركەت قۇرۇپ دەل ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ چاقىرىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدىم. ئەمەلىيەتتە، مەن بارىدىغان <شەرقىي لوندۇن ئۇنىۋېرستىتى> ناھايىتى داڭلىق ئۇنىۋېرستىت ئىدى. لېكىن، مەن شىركەت قۇرىدىغان چاغدا شىركىتىمنىڭ ئىسمىنى مىللەتنىڭ نامى بىلەن باشلىغاچقا، شىركەت ئىسمىنى «ئۇيغۇر يۇمشاق دېتال شىركىتى» دەپ قويغاچقا، ئۇلۇغۋار پىلان بىلەن باشلىغان ئىشىمنى تاشلاپ، ئوقۇشقا كەتسەم، پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇمشاق دېتال ساھەسىگە كۈچ چىقىرالمايدىغاندەك بىر خىل يامان مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كېلىپ تۇرۇۋالدى. شۇ سەۋەبلىك، كېيىنمۇ بولسىمۇ بارارمەن دەپ، بۇ چاقىرىقنى ۋاقتىنچە رەت قىلدىم.»

ئالىم ئەھەت  ئەپەندى 2011-يىلى 11-ئاينىڭ 30-كۈنى تەكلىپ بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلىگەن لېكسىيىسىدە قىلغان سۆزىدە، ئەينى چاغدا كومپيوتېرغا «كونا يېزىق» نى كىرگۈزۈش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەچكە، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېزىقىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، لاتىن يېزىقى ئىشلىتىش ياكى بولمىسا كومپيوتىر تاختىسىدا 26 ھەرپ كونۇپكىسى بولۇش ئالاھىدىلىكىگە بويسۇنۇپ، ئۇيغۇرچە بىر قىسىم ھەرپلەرنى كومپيوتېر يېزىقىدا ئىپادىلىمەي تاشلىۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەنلىكىنى،  بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان:«مەقسەت توغرا، ئەمما يۆنىلىش توغرا بولمىغان. ئەگەر ‹كومپيوتىرغا ئۇيغۇنلاشتۇرالمىدۇق، يېزىق ئالماشتۇرايلى› دەپ يېزىق ئالماشتۇرغان تەقدىردە، كومپيۇتېردا خەت كىرگۈزۈش ھەل بولغان بىلەن، نۇرغۇن ساھەدە ئۈزۈلۈپ قېلىش، نۆلدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، يېزىقىمىز ئادەتتىكى يېزىق ئەمەس، ئۇ مىڭ يىللاردىن بۇيان مەدەنىي ھاياتىمىزغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان يېزىق. ئازراق تېخنىكىلىق قىيىنچىلىققا ئۇچراپلا ئۇنى ئالماشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.»


مىللىتىنىڭ راۋاجى، ۋەتىنىنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن ھەق يول ئۈستىدە يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھەرىكەت قىلغان ھەر-بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى بىز ئۈچۈن سۆيۈملۈكتۇر. ۋەتەن-مىللەتكە پايدىلىق خىزمەتلەرنى قىلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرۈشنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا، بېشىمىزدىكى نۇرغۇن كەلگۈلۈكلەرنىڭ بىزگە ئارقىسىنى قىلىپ كېتىپ قالغانلىقى بايقايمىز. ئالىم ئەھەت كەبى ئوغلانلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرنى ئۇنۇتمايمىز ۋە بۇنىڭ سورىقى ئۈچۈن ھەق يولدىكى ھەرىكەتلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىمىز.

نەقىل مەنبەلىرى:

(1) 2006-يىلى «ئىقتىساد مۇنبىرى» پروگراممىسىدىكى سۆزىدىن ئۆزۈندە.

(2) 2011-يىلى بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا سۆزلىگەن لېكسىيىسىدىن

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# گيۇتې مۇسۇلمانمىدى؟

شەيخ ئابدۇلقادىر مۇرابىت تەرىپىدىن يېزىلىپ، ۋېيمار مۇسۇلمانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەمرى هاجى ئەبۇبەكىر رىيگېرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن. 1995 - يىلى 19 - دېكابىر.

گيۇتى «چېركاۋ (خىرىستىيان دىنى) ئەقىدىسىدە ناهايىتى كۆپ بىمەنىلىك مەۋجۇت» دېگەن (1).

ئۇ ئۆزىنىڭ «دىۋان»ىدا، خىرىستىيانلارنىڭ ئاللاھ ئىنسانغا هاياتنىڭ هەر دەقىقىسىدە ئاتا قىلىۋاتقان نەرسىلەرگە قارىماستىن، كېيىنكى هاياتنىلا كۈتۈپ تۇرىدىغان (پاسسىپ) هايات پوزىتسىيەگە قارشى هالدا، كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتنى قەدىرلەشنى تەكىتلىگەن.

گيۇتى «دىۋان»دىكى بىر شېئىرىدا خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى قاراشلىرىنى رەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغان:

«ئىيسا ئازادلىك ئىلكىدە، سالماقلىق بىلەن ئويلاندى،
پەقەتلا بىر يېگانە ئىلاھ؛
ئۇ (ئىيسا)نى ئىلاھ قىلىۋېلىش،
زىتتۇر ئىلاھىي خاھىشقا؛
بۇ ھەقىقەت يېيىلغاي شۇ ۋەجىدىن،
زەپەر قۇچتى مۇھەممەد ئارقا - ئارقىدىن،
شۇ يېگانە ئىلاھ بىكىتكەن مۇددەتتە،
ھۆكۈمراندۇر ئۇ ئىلاھ جىمى ئالەمگە (2).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملاردىن ـــ ئاللاھ ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت ۋە سالام يوللىغاي ـــ سىرت، گيۆتى شېئىرلىرىدا يەنە ئىبراھىم، مۇسا ۋە داۋۇد ئەلەيھىسسالاملارنى ئاللاھنىڭ يەككە – يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ (يەنى شۇنى ئەھلى جاھانغا بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن) ۋەكىللىرى (ئەلچىلىرى) سۈپىتىدە تىلغا ئالغان.

بۇنىڭدىن باشقا، گيۆتىنىڭ كرېست بەلگىسىدىن قاتتىق يىرگىنىدىغانلىقىمۇ مەلۇمدۇر. ئۇ بۇ ھەقتە شۇلارنى يازغان:

سەن كەلدىڭغۇ بىر بەلگە بىلەن،
مەن پەقەتلا ياقتۇرمايدىغان.
پۈتۈن بۇ يېڭى قۇرۇق گەپلەر،
ئاپارماقچىسەن شىرازغا مېنى!
ئەجابا يەنە جاھىللىق بىلەن،
كۆيلەمدىم ئاشۇ ئىككى ياغاچ (كرېست)نى؟

بۇنىڭدىن باشقا، گيۆتى يەنە ئۆزىنىڭ «دىۋان»ىدا «ئۈۋېقۇدىكى يەتتە كىشى» (قۇرئان كەرىمدىكى سۈرە كەھفتە بايان قىلىنىدىغان، غاردا پاناھلىنىپ، ئاللاھ تەرىپىدىن 309 يىل ئۇخلىتىپ قويۇلغان يەتتە كىشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. تېخىمۇ تەپسىلىي مەزمۇن ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ 18 – سۈرىسىگە قاراڭ،ت) دېگەن شېئىرىدا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى (ئىلاھ ئەمەس) پەيغەمبەر دېگەن:

«ئېفىسىستا ئۆتتى نۇرغۇن يىل،
پەيغەمبەر ئىيسانىڭ ئۆگۈتلىرىنى ئۇلۇغلاش بىلەن» (3).

## گيۆتى ۋە ئىسلام

گيۆتى ياش ۋاقتىدا شەرقشۇناسلىقنى تەتقىق قىلماقچى بولغان. لېكىن، دادىسى ئۇنىڭ قانۇن كەسپىدە ئوقۇشىنى ئارزۇ قىلغان. گيۆتى ئەڭ دەسلەپ ئەرەبىستانغا ساياھەت قىلغان (مايكېيلىس **Michaelis** ۋە نيېبر **Niebuhr**) لارغا تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆز سەپىرى توغرىسىدا ئېلان قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەپتۇنلۇق ئىلكىدە ئوقۇيتتى. ئۇ **1814 ~ 1815** – يىللىرى، يەنى «دىۋان»نى يازغان مەزگىللەردە شەرقشۇناسلىق پىروفېسسورلىرىدىن پاۋلۇس، لورسباك ۋە كوسىگارتېنلارنىڭ قولىدا ئەرەبچە ئوقۇش – يېزىشنى ئۆگەنگەن. گيۆتى قۇرئاننىڭ ئەرەبچە قولىيازمىسىنى كۆرگەن ۋە قۇرئان توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەرەبچە ئۆگىنىش ئىشتىياقى ھەسسىلەپ ئاشقان. ئۇ ئەرەبچە قىسقا دۇئالارنى كۆچۈرگەن ۋە «باشقا ھېچقاندا تىلدا، روھ، سۆز ۋە ھەرپ بۇ قەدەر مۇكەممەل شەكىلدە مۇجەسسەملەشكەن ئەمەس» دەپ يازغان (4).

گيۆتى **70** يېشىدا ئۆزىنىڭ «قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسماندىن بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنغان ئاشۇ كېچىنى ھۆرمەت بىلەن تەبرىكلىگۈسى» بارلىقىنى يازغان (5). ئۇ يەنە «بۇ كىتابنىڭ ئاجايىب تەسىرچانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ... بۇ كىتاب مەڭگۈ ئۆزىنىڭ تەسىرچانلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ» دېگەن (6)

گيۆتىنىڭ **1771 ~ 1772** – يىللىرى قېتىرقىنىپ قۇرئان تەتقىق قىلغان مەزگىللەردىكى ۋە كېيىنكى قولىيازمىلىرى ھازىرمۇ ۋېيماردىكى گيۆتى ۋە شىلېر ئارخىپخانىسىدا ساقلانماقتا.

گيۆتى قۇرئان كەرىمنىڭ **J.V.**ھامىر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان (بۇ نۇسخىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ **G.**سېيىل تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە نەسرىي نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن) گېرمانچە تەرجىمىسىنى ۋېيماردا كېنەز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ۋە مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئۈنلۈك ئوقۇغان. شىلېر ۋە ئايالى شاھىت سۈپىتىدە بۇ ئىشتىن خەۋەر بەرگەن (7).

گيۆتى يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ (لاتىنچە،

ئېنگلىزچە، گېرمانچە ۋە فرانسۇزچە) بارلىق تەرجىمىلىرىنى مۇكەممەل ئەمەس دەپ قاراپ، توختىماستىن يېڭى تەرجىمە نۇسخىسىنى ئىزدىگەن. ئۇ «دىۋان»دا شۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ئەبەدىي ساقلىنامدۇ؟ مەن بۇنىڭغا شەك قىلمايمەن!...ئۇ كىتابلارنىڭ كىتابىدۇر،مەن مۇسۇلمانلىق بۇرچى سەۋەبلىك بۇنىڭغا ئىشىنىمەن»(8)

ئۇ ئەرەبچە قوللانمىلارنى، ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىنى، ساياھەتنامىلەرنى، شېئىرلارنى، مەجمۇئەلەرنى، پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ــ ئاللاھنىڭ رەھمەت – سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن ــ نىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىگە دائىر كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە شۇ ھەقتە شەرقشۇناس ئالىملار بىلەن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالماشتۇرغان.

گېۇتى «دىۋانى ھافىز»نىڭ ھامىېر تەرىپىدىن (1814 - يىلى) تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغان ۋە قۇرئاننىڭ شۇ دەۋردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «غەرب – شەرق دىۋانى»نى يېزىشىغا ئىلھام بولغان. ئەلۋەتتە، ئۇ «دىۋان»ىدىكى شېئىرلارنىڭ نۇرغۇنلىرىدا قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرخىل ئايەتلىرىدىن ئىلھام ئالغان (9).

گېۇتى سۇلتان سەلىمدىن جالالىدىن رۇمى، ئابدۇراھمان جامى، ھافىز، سەئدى، ئەتتار قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەبچە قولىيازمىسىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىنى، دۇئا كىتابلىرىنى، بىر پارچە ئەرەبچە – تۈركچە لۇغەتنى، قۇل ئازاد قىلىش، ئېلىم – سېتىم، پايدا، جازانە – ئۆسۈم قاتارلىقلارغا ئالاقىدار كىتابلارنى ئېلىپ قايتقان.

1813 – يىلى كۈزدە، ئىسپانىيەدىن قايتقان بىر گېرمان ئەسكىرى قۇرئان كەرىمدىكى ئاخىرقى (114 -) سۈرە ــ «ناس» سۈرىسى يېزىلغان ئەرەبچە قەدىمىي قولىيازمىنى گېۇتىغا ئالغاچ كەلگەندە، ئۇ بۇنى تاسادىپىيلىق دەپ قارىماستىن، ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە بېشارىتى دەپ چۈشەنگەن. ئاندىن گېۇتى ئۇنى يېنا (Jena) ــ گېرمانىيەنىڭ بىر شەھىرى)دىكى پروفېسسورلارنىڭ ياردىمىدە ئۆزى كۆچۈرۈپ چىقماقچى بولغان. ئۇلار 1814 – يىلى يانۋاردا، قولىيازمىنىڭ مۇندەرىجىسىنى ئۇنىڭغا تېپىشىپ بەرگەن.

گېۇتىنىڭ ئىسلامغا بولغان ئىجابىي پوزىتسىيەسى شۇنىڭدىن بۇرۇن گېرمانىيەدە ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇ 1814 – يىلى 2 – ئاينىڭ 24 – كۈنى مۇنداق دېگەن: «شائىر (گېۇتى) ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقى ھەققىدىكى گۇمانلارنى ئىنكار قىلمايدۇ» (10).

گېۇتىنىڭ قۇرئاننىڭ تىل گۈزەللىكى ۋە مۇقەددەسلىكىگە بولغان زىيادە قىزىقىشىدىن سىرت، ئۇ يەنە قۇرئاندىكى دىنىي تەلىماتلارغا مەپتۇن بولغان. ئاللاھنىڭ قەتئىي مەۋجۇتلۇقى ۋە يەككە – يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ تەبىئەت ۋە مەخلۇقاتنىڭ يارىتىلىشىدىكى نامايەندىلىرى گېۇتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىزدىنىش تېمىلىرىدىن بىرى بولغان. گېۇتى ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قۇرئان تەتقىقاتى داۋامىدا، يەنى 1771 ~ 1772 - يىللىرى قۇرئاننىڭ ئەرەبچىدىن گېرمانچىغا بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى نۇسخىسىنىڭ بەزى يەرلىرىنى تۈزىتىپ چىققان.

گېۇتى قۇرئاندىكى ئىنسانغا تەبىئەت ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن ھادىسىلەردىن ئىلاھىي قانۇننى كۆرۈپ يېتىشنى ئۆگىتىدىغان ئايەتلەرنى يېزىۋالغان. ئۇ «Gottes Gr'e im Kleinen»دا «بىز تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كىچىك شەيئىلەردىن تونۇپ يېتىشىمىز لازىم» دەپ، سۈرە بەقەرەدىكى «ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ» دېگەن ئايەت (26 – ئايەت)نى نەقىل قىلغان.

ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر ئارقىلىق خىتاب قىلىشى گېۇتىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلغان ۋە ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ــ ئاللاھنىڭ رەھمەت – سالاملىرى ئۇ كىشىگە بولسۇن ــ پەيغەمبەرلىكىنى ئىقرار قىلغان.

ئۇ 1819 – يىلى بىر پارچە خېتىدە «قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان قىلىپ) ئەۋەتتۇق» دېگەن ئايەتنى نەقىل قىلغان [سۈرە ئىبراھىم 4 – ئايەت] (11).

ئۇ بۇ ئايەتنى كارلايىلغا يازغان خېتىدە يەنە تەكرارلاپ «قۇرئاندا ئاللاھ ھەر قەۋمگە شۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتقان» دېگەن (12).

بۇ ئايەت گېۇتىنىڭ 1827 – يىلى ئېدىنبۇرگدا نەشر قىلىنغان «German Romance» دېگەن مەجمۇئەنىڭ 4 – جىلدىغا بېسىلغان بىر پارچە

ئەسىرىدە يەنە تەكرارلانغان (13)ھەق دىن پەزىلەتلىك ئەمەللەر بىلەن تونۇلىدۇ. بۇ جەھەتتە گيۆتى (ئىسلامدا بۇيرۇلغان) سەدىقە بېرىش، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم بېرىش تەشەببۇسلىرىنى تولىمۇ ياقتۇرغان. ئۇ «دىۋان»دىكى بىر نەچچە شېئىرىدا «بېرىشنىڭ خۇشاللىقى»، «ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇيالىساڭ، توختىماي بېرىپ تۇرىدىغان بولىسەن» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن (14).

گيۆتى يەنە ئۆزىنىڭ «تاسادىپىيلىق»نى رەت قىلىدىغانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى – تەقدىر ھەققىدە بارغانسېرى كۈچىيىپ بارغان ئېتىقادى (15) ۋە بۇنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدىكى «ئەگەر ئاللاھ مېنى بىر قۇرت قىلىپ يارىتىشنى ئىرادە قىلغان بولسا، چوقۇم مېنى قۇرت قىلىپ ياراتقان بولاتتى» (16)؛ «ئۇلار («دىۋاندا ئىشلىتىلگەن يوشۇرۇن ئوخشىتىشلارنى دېمەكچى) ھەق ئىسلامنى، يەنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە بولغان مۇتلەق بويسۇنۇشنى، قەتئىي ئېتىقادنى ۋە ھېچكىمنىڭ ئاللاھ تەقدىر قىلىپ بولغان ئىشتىن ساقلىنالمايدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ» (17) دېگەندەك چۈشەنچىلەر ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش پوزىتسىيەسى بىلەن نەتىجىلەنگەن. گيۆتى ئۇنى (ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئىرادىسىنى) چوقۇم شۈكۈر قىلغان ھالدا قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك، قارشى چىقىشقا بولمايدىغان بۇيرۇق دەپ قارىغان. بۇ ھەقتىكى مەشھۇر مىساللارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ «Egmont»، «Dichtung und Wahrheit»، «Urworte Wilhelm Meisters» ۋە «Orphisch Wanderjahre» دېگەن ئەسەرلىرىگە قاراڭ.

بۇنىڭ جانلىق مىساللىرىدىن بىرى شۇكى، ئايالى كىرىستىيان (Christiane) ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قاتتىق قايغۇرىدۇ ۋە مارىياننى ۋون ۋىلېمېر (Marianne von Willemer) غا ئۆيلەنمەكچى بولىدۇ. ئۇ مارىياننى ۋون ۋىلېمېر بىلەن ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىققاندا پەيتۇنى بۇزۇلۇپ قالىدۇ. گيۆتى بۇنى نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمەسلىك توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش دەپ قاراپ، دەسلەپكى نىيىتىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇ «ئەنە شۇ ۋەجىدىن، بىز ئىسلامنىڭ (ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە مۇتلەق بويسۇنۇش) ئىچىدە تۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن (18). ئۇ يەنە «مەن سىزگە پەقەت <مەن ئىسلامنىڭ ئىچىدە تۇرۇشقا تىرىشىۋاتىمەن> دېگەندىن باشقىنى دېيەلمەيمەن» دېگەن (19).

1831 – يىلى خولېرا ۋاباسى تارقىلىپ نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلغاندا ئۇ بىر دوستىغا تەسەللى بېرىپ: «ھېچكىم باشقىلارغا نەسىھەت قىلالمايدۇ، ھەركىم ئۆز ئىشىغا ئۆزى قارار چىقىرىشى كېرەك. ئۆزىمىزنى قانداق شەكىلدە رىغبەتلەندۈرۈشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ھەممىمىز ئىسلام ئىچىدە (تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇپ) ياشايمىز» دېگەن (20).

گيۆتى 1972 – يىلىدىكى فىرانسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە ئىشىنىشنىڭ ئەڭ ساپ مىسالى ئىسلام دىنىدىدۇر، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نىڭ دىنى بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى پاكىت بولالايدۇ» دېگەن (21).

گيۆتى ئاللاھنىڭ يەككە – يېگانىلىقى ھەققىدە «يەككە – يېگانە تەڭرىگە ئىمان ئېيتىش روھنى يۈكسەك ماقاملارغا كۆتۈرىدۇ» دېگەن (22).

خۇلاسە:

يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ماددىي پاكىتلارنى تەكشۈرگەن ۋە گيۆتىنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن توماس كارلايىل (Thomas Carlyle) ۋە شىلېر (Schiller)نىڭ ئالاقىدار يازمىلىرى ئارقىلىق بۇ پاكىتلارنى دەلىللىگەندىن كېيىن، ھەرقانداق ئىككىلىنىش ۋە شەك – شۈبھىدىن خالىي ھالدا شۇنداق يەكۈنگە كېلىش مۇمكىنكى:

گيۆتى «بۇ ئالەمنى بىر ئىلاھ ياراتقان، ياراتقۇچىنىڭ يارالغۇچىغا باغلىنىدىغان تەرىپى يوق (يەنى ئاللاھ مەخلۇقاتقا ھېچبىر جەھەتتە موھتاج ئەمەس، مەخلۇقاتنىڭ ئىش – پائالىيەتلىرى ئاللاھقا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ت)» دېگەن چۈشەنچىنى ئۆمۈر بويى تەرغىب قىلىپ ئۆتكەن.

ئۇ ئۆمۈر بويى كۇفۇر دىيارىدا ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى شاھادەت (ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى)نى جان – دىلى بىلەن قوبۇل قىلغان ۋە بۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ئاللاھنىڭ رەھمەت – سالاملىرى ئۇ كىشىگە بولسۇن — نىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان.ئۇ ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج ئىبادەتلىرى ھەققىدە تەلىم ئېلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ناھايىتى ئاز پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ جۈمە نامىزىغا قاتناشقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىسلامنى ئۆزىنىڭ دىنى دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.سەھىھۇل مۇسلىم، سەھىھۇل بۇخارى ۋە باشقا سۈنەن توپلاملىرىدىكى سەھىھ ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە يەككە – يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋە بەندىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش ئىسلامغا كىرىشنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىشىكى، شۇنداقلا كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئاچقۇچتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياۋروپانىڭ ئەڭ كاتتا شائىرى، گېرمان تىلىنىڭ پەخرى گيۆتىنىڭ ئىسلام تۈپرىقى ئەندالۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە) زۇلمەتلىك قىسمەتكە دۇچ كەلگەندىن كېيىن ياۋروپادا ئۇيقۇ ھالىتىدە قالغان ئاللاھنى تونۇشقا بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ يېقىنقى زامان ياۋروپاسىدا كىشىلەر ئارىسىدا ئويغىنىشقا باشلىغان مەزگىللەردىكى تۇنجى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى

## مەنبەلەر

**Reference:**

**(1) Conversations with Eckermann, 11.3.1832**
**WA I, 6, 288 ff (2)**
**WA I, 6, 269 (3)**
**Letter to Schlosser, 23.1.1815, WA IV, 25, (4) 165**
**Notes and Essays to the Divan, WA I, 17, (5) 153**
**WA I, 7, 35/36 (6)**
**Schiller's letter to Knebel, 22.2.1815 (7)**
**WA I, 6, 203 (8)**
**(9) Mommsen, p. 269-274**
**(10) WA I, 41, 86**
**(11) Letter to A.O. Blumenthal, 28.5.1819, WA IV, 31, 160**
**(12) 20.7.1827, WA IV, 42, 270**
**(13) WA I, 41, 307**
**(14) WA I, 6, 70**
**(15) conversation with chancellor M¬ller, 12.8.1827, WA I, 42, 212, WA I, 32, 57**
**(16) WA I, 6, 113**
**(17) WA I, 7, 151ff**
**(18) WA IV, 27, 123**
**(19) Letter to Zelter, 20.9.1820, WA IV, 33, 240**
**(20) Letter to Adele Schopenhauer, 19.9.1831, WA IV, 49, 87**
**(21) WA I, 33, 123**
**(22) Noten und Abhandlungen zum West-stlichen Divan, chapter Mahmud von Gasna, WA I, 7, 42**



# ئىككى تۈرلۈك بىرىكمە يۇرا ۋە

## خىتاينىڭ *DNA* سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئارقىسىدىكى رەزىللىكلەر

لى يىپىڭ



لى يىپىڭ (李一平) نىڭ 2019- يىلى 9- سېنتەبىردە، ئۆز يۇتۇب قانىلىدا سۆزلىگەن سۆزى.

كۆپچىلىك ياخشىمۇ سىلەر؟ مەن ھازىر بەزى ئۇچۇرلارنى سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. بۇ ئۇچۇرلارنى بىزنىڭ «ئومۇمىي خەلق ئادالىتى» ئەترىتىمىز بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئەسلى مەزمۇنىنى **Chen jin** ئۆز ۋىدىيوسىدا ئېيتىپ ئۆتكەن.

بۈگۈن مەن دۆلەت ئىچىدىكى بەزىبىر دوستلاردىن ئىسپاتلارغا ئېرىشتىم. بۇنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. بۇ ئۇچۇرلار نۇرغۇن ئادەملەر ئۇچۇن ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە. چۈنكى نورمال ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز بۇ زالىملارنىڭ، بۇ مۇستەبىتلەرنىڭ قەبىھلىكىنىڭ دەرىجىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. بىراق بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىمىز، بۇ رەزىللىكلەرنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلارنى قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇڭا كۆپچىلىك بۇنىڭغا ئىشىنىڭلار، چوقۇم ئېھتىيات قىلىڭلار. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ناتسىست گېرمانىيەسى مۇشۇنداق قەبىھ جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن. ئۇلار ئالتە مىليون يەھۇدىنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قاماپ، ئۇلارنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلغان، ھەتتا تاغدەك دۆۋىلەنگەن جەسەتلەرنىڭ ئالتۇن چىشلىرىنى يۇلۇۋالغان. ئاندىن ئۇلارنى چوڭ تىپتىكى يېپىق مەشلەرگە سولاپ، كۆيدۈرۈپ يوق قىلغان. شۇ چاغلاردا بۇ خىل ۋەھشىيلىكلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە ئانچە كۆپ ئادەم ئىشەنمىگەن. تاكى ئامېرىكا ئارمىيىسى، ئىتتىپاقداش ئارمىيە ناتسىست گېرمانىيەسىنى غۇلىتىپ، ئۇلىرى ئىشغال قىلغان شۇ رايونلارغا بېسىپ كىرىپ، ئاشۇ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى، ئاشۇ چوڭ تىپتىكى مەش-ئوچاقلارنى، ئاشۇ چوڭ تىپتىكى كوللېكتىپ جەسەتلەر كۆمۈلگەن ئازگاللارنى تاپقۇچە، بۇ ۋەھشىيلىكلەرنى سىنىغا ئېلىپ ۋە رەسىملەرگە تارتىپ دۇنياغا ئاشكارىلىمىغۇچە، بۇ خىل ۋەھشىيلىكلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە ئانچە كۆپ ئادەم ئىشەنمىگەن. ناتسىستلار ئۆلتۈرۈپ ئۈلگۈرمىگەن، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئاشۇ توپ-توپ يەھۇدىلارنى، كۆمۈپ ئۈلگۈرمىگەن ئاشۇ توپ-توپ جەسەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن كىشىلەر بۇ ۋەھشىيلىكلەرنىڭ يۈزبەرگەنلىكىگە ئىشەنگەن. نيۇرنبېرگ سوتىدا

يەھۇدىلار قىرغىنچىلىقى كۆرسىتىلگەن سىنلار ۋە رەسىملەر ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، كىشىلەر قاتتىق چۆچۈگەن. بۇ دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ۋەھشىي ھاكىمىيەت، مۇشۇنداقمۇ ۋەھشىي ئىنسانلار بولامدۇ - ھە؟ ئەمەلىيەتتە راستلا بولغان. ئەمما، ناتسىست گېرمانىيەسى بۇ جەھەتتە يالغۇز ئەمەس. بۇنداق ۋەھشىيلىكلەر نۇرغۇن دۆلەتلەردە بولغان، بولۇپمۇ كوممۇنىست دۆلەتلەردە بولغان. خىتايدىمۇ بۇرۇن يۈز بەرگەن، ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ.

دەسلەپكى 30 يىلدا، خىتايدا زور جىنايەتلەر ئېلىپ بېرىلغان. ئىنچلىق مەزگىلىدىلا نەچچە مىليون گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، ئەسكەرلەر قىرىلغان. ئىنچلىق مەزگىلىدە ئۇلار ئاللىقاچان تەسلىم بولۇپ بولغان تۇرۇقلۇق، ھېچقانداق قارشىلىق قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ئاممىنى قوزغىتىپ تۇرۇپ، گومىنداڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان مىليونلىغان يەر ئىگىلىرى، بايلار ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىنكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى زىيالىلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىپ، نەچچە مىليون ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. بەزىلەر :«بۇ پەقەت دەسلەپكى 30 يىلدا يۈز بەرگەن ئىشلار. بىراق، كېيىن ئۇلار بۇ خاتالىقلارنى تۈزەتتى، ئېخىمۇ ئاقىلانە، ئېخىمۇ مەدەنىي بولۇپ كەتتى. ئىسلاھات ئېلىپ باردى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتتى...» دېيىشى مۇمكىن. راست شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ پەقەت ھەرىكەت شەكلىدە ئۆزگىرىش بولدى، ئۇلارنىڭ پىسخىكىلىق ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. قانداق پىسخىكىلىق ھالەت ئۇ؟ ماۋ زېدوڭ بۇرۇن كوممۇنىستلاردا ئورتاق بولغان ئاشۇنداق بىر خىل ئاڭنى ناھايىتى ئىپىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ نېمە دېگەن؟ ئۇ ئەينى دەۋردىكى سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە، يادرو قوراللارنىڭ تەھدىتى بولغان مەزگىللەردە : «بىز قورقمايمىز، بىزدە ئەڭ كۆپ نەرسە ئادەم – 800 مىليون ئادەم بار. يېرىمى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، شۇ ئۆلگەن يېرىمىنى ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىپ، قالغان يېرىمى ئارقىلىق ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن، سوۋېت رېۋىزىئونىزمى بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىۋېرىمىز» دېگەن. مانا بۇ ئىپىك ھالدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆز قارىشى.مۇشۇ خىل كۆز قاراش بولسىلا، ئۇلار ئادەمنىڭ ھاياتىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ، ئۇلار پۈتۈن خەلقنى ۋە ئۇلارنىڭ مال-بىساتىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، سىياسى ھوقۇقىنى قوغدايدىغان قورال، دەپ قارايدۇ. ماۋ زېدوڭ ئۆلگەندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار ئوخشاشلا بۇ خىل پىسخىكىلىق ھالەتكە ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. دېڭ شياۋپىڭ 1989- يىلىدىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى باستۇرۇشتىن خېلى بۇرۇنلا: «بىز ھاكىمىيەتنىڭ يىگىرمە يىللىق تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 200 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرسەك ئەرزىيدۇ» دېگەن. مانا بۇ ماۋ زېدوڭ ئىدىيەسىنىڭ داۋامىدۇر. دېڭ شياۋپىڭمۇ ئۆلدى. بىراق، ئۇنىڭ سىياسىتى، كۆز قاراشلىرى يەنە داۋاملىشىۋاتىدۇ. كېيىن، جياڭ زېمىن ھاكىمىيىتى فالۇنگۇڭچىلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. نەچچە مىليون فالۇنگۇڭچىلارنى تۇتۇپ مېڭىسىنى يۇيدى، دەھشەتلىك قىيىن – قىستاققا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرى تىرىك پېتى كېسىۋېلىندى. پەقەت لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىلا، ھېلىقى ۋاڭ لىجۈن دېگەن ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان چاغدا، بىر تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغان. بۇ ئاتالمىش تەتقىقات ئورنىدا ئىچكى ئەزالارنى تىرىك پېتى كېسىپ ئېلىش تېخنىكىسى تەتقىق قىلىنغان، يەنە تېخى پاتېنتىمۇ ئېرىشكەن. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گۇاڭخۇا ئىنىستىتۇتى ئۇنىڭغا پاتېنت ھوقۇقى مۇكاپاتىنى تەقدىم قىلغاندا، ئۇ :«بۇ نەچچە مىڭلىغان كلىنكىلىق ئەزا كۆچۈرۈش تەجرىبىسىدىن كەلگەن تەتقىقات نەتىجىسى» دەپ ئوچۇقتىن ئوچۇق ئېيتقان. مانا بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇ ھاكىمىيەت دېڭ شياۋپىڭ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، بۇ خىل قەلبلەرنى تىترىتىدىغان قەبىھ سىياسەتنى زور كۆلەمدە يۈرگۈزىۋاتىدۇ. ھازىر بۇ قەبىھ سىياسەت پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى. شەرقىي تۈركىستاندا نەچچە مىليون ئادەم يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولىنىپ، قاتتىق خورلىنىۋاتىدۇ، قاتتىق

جازالىنىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. پۈتۈن دۇنيا بۇنىڭغا قارشى چىقىۋاتىدۇ، بۇ ۋەھشىي قىلمىشنى ئەيىبلەۋاتىدۇ. ئامېرىكا مۇشۇ ئىشقا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇپ، دۆلەت سىياسىتى ئارقىلىق كوممۇنىستلارنى جازالاشقا ئۆتتى. مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ئۆتكەن، تارىخقا ئايلىنىپ بولغان بولسا، يەنە بىر قىسمى ھازىر يەنە داۋاملىشىۋاتقان رەزىللىكلەردۇر. ھازىر مەن تۆۋەندە ئېيتماقچى بولغان ئىش بولسا، تېخى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان بىر ئىش.

بىرىنچى ئىش: خىتاي كوممۇنىستلىرى ھازىر بىر خىل «**Zuji**» يەنى «بىرىكمە دورا» دەپ ئاتىلىدىغان، بىر قانچە خىل دورىنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن دورىنى كەشىپ قىلدى. بۇ ئاساسلىقى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، بىرىنچى تۈرى نېرۋىنى كونترول قىلىدىغان دورا. بۇ خىل دورا ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن، ئادەم خۇدىنى يوقىتىدۇ، سىرتقى دۇنياغا بولغان ئىنكاسى سۇسلىشىدۇ. نورمال ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك بەزى ئىنكاسلار، مەسىلەن: نورمال ئادەملەردە ئاجىزلار بوزەك قىلىنغاندا، ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش قاتارلىق ھېس - تۇيغۇلار بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئېشىپ، مەلۇم دەرىجىگە بارغاندا پارتلاپ چىقىدۇ. بۇ ئۆتكەننى كۆپ قېتىملىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن. خىتايلار ئەسلىدە ھەرگىزمۇ بىر قۇل مىللەت ئەمەس، ئەكسىچە قارشىلىق روھىغا ئىگە مىللەت. **2010**- يىلى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شىشۇ (**Shishou**) رايونىدا، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئاشپەز ئۈچۈن نەچچە تۈمەن ئادەم كوچىلارغا چىقىپ، قارشىلىق بىلدۈرگەن. كېيىن نۇرغۇن ئادەم قولغا ئېلىنغان. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چاڭنەن (**Changnan**) رايونىدىمۇ مۇشۇنداق ۋەقە بولغان. خىتاينىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە ئامما ھەرىكەتلىنىپ، زوراۋانلىققا قارشى تۇرغان ھەرىكەتلەر، تەڭسىزلىككە، زۇلۇمغا قارشى تۇرغان ھەرىكەتلەر، ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەتلەر بولغان. خىتاي كومپارتىيەسى بۇ ۋەقەلەرنى «توپىلىشىپ ۋەقە تۇغدۇرۇش» دەپ ئاتىۋالغان. بۇ خىل دورا ئادەملەرنىڭ روھىيىتىدىكى مۇشۇ خىل نورمال قارشىلىقلارنىمۇ يوق قىلىدۇ. بۇ خىل دورا سىزنى تىرىك مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ، سىرتقا دۇنياغا بولغان سېزىمىڭىزنى يوق قىلىدۇ. بۇ تۈردىكى دورىلار ھازىر ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

ئىككىنچى تۈردىكى دورىلار بولسا كىشىنى جىسمانىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرىدىغان دورىلار بولۇپ، بۇ خىل دورىلار تېخىمۇ قەبىھ. بۇ خىل دورىلار سىزنىڭ روھىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، دورىنىڭ تەسىرىدە زەھەرلىك ئېلېمېنتلار بەدىنىڭىزدە ئاستا - ئاستا كۆپىيىدۇ. دەسلىپىدە سىز پەقەت بىئارام بولغاندەك ھېس قىلىسىز، ئەمما سەۋەبىنى تاپالمايسىز. دوختۇرغا كۆرۈنسىڭىزمۇ سەۋەبىنى تاپالمايدۇ، نېمە كېسەل بولغىنىڭىزنى بىلەلمەيدۇ، بىراق بەدىنىڭىزدە بىنورماللىق بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ خىل زەھەرلىك ئېلېمېنتلار يىغىلىپ مەلۇم بىر چەككە بارغاندا، ئىچكى ئەزالىرىڭىز رەسمىي كاردىن چىقىدۇ. مەسىلەن، جىگەر راكى، بۆرەك زەئىپلىشىش ياكى باشقا ھەرخىل شەكىلدىكى كېسەللىكلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ بىرخىل بىرىكمە دورا بولۇپ، راك قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ تۈردىكى دورىلارنىڭ قىرغىن قىلىش كۈچى تېخىمۇ يۇقىرى. خىتاي كومپارتىيەسى ئۆتكەندىكى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، مۇشۇ تۈردىكى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ كېلىۋاتىدۇ ھەم بەزى كىشىلەرنىڭ ئۈستىدە سىناق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆتكەندىكى كۆپلىگەن خەلق ھەرىكىتى پائالىيەتچىلىرى، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى تۈرمىلەرگە سولانغاندا، ئەسلى تېنى ساغلام بولۇپ، تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەللىگە گىرىپتار بولغان ھەم تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالغان. مەسىلەن، كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولغان، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى لىيۇ شياۋبو ئەمدى تېخى **60** ياشقا كىرگەن چاغدا، جىگەر راكى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ تۈرمۈشى ھەرگىزمۇ تەرتىپسىز، ئېگىز - پەس ئەمەس، ئەكسىچە ئىنتايىن تەرتىپلىك ئىدى. بىراق ئۇ «ئۆلگىلىك تۈرمە» دەپ ئاتالغان تۈرمىدە جىگەر راكىغا گىرىپتار بولدى. يەنە بىرسى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى خەلق ھەرىكىتى پائالىيەتچىسى

پېن مىڭ (Pen ming) خۇبېيىنىڭ شاياڭ (Shayang) دېھقانچىلىق مەيدانىغا نەزەربەنت قىلىنغاندا، تۇيۇقسىزلا يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلگەن. ئۇمۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 60 قا كىرگەن ئىدى. يەنە بىرسى بولسا، جياڭسۇدىكى خەلق ھەرىكىتى پائالىيەتچىسى ياڭ تيەنشۈي (Yang tianshui) كۆپ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، بىر ئايغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئۆلگەن. مانا بۇلار خىتاي كومپارتىيەسى تۈرمىلەردە تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىپ ئىشلەتكەن كىشىلەر. يەنە نۇرغۇنلىغان نامىسىز دىنى پائالىيەتچىلەر ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى مۇشۇنداق سەۋەبسىزلا ئۆلۈپ كەتتى. بۇ خىل دورىلار تەتقىق قىلىنىپ چىقىلدى، ئۇلارنىڭ گېپى بويىچە ئاللىقاچان كىلىنكىلىق تەجرىبىدىن ئۆتۈپ، زور كۆلەمدە تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ دورىلار ئاشتۇزى، ئىچىملىك سۇ، ھەرخىل يېمەكلىكلەرگە قوشۇلۇش ئارقىلىق تارقىتىلدى، ھەتتا بەزى دورىلارنىڭ تەركىبىگىمۇ بۇ خىل بىرىكمە دورىلار ئارىلاشتۇرۇلدى. مەقسىتى بىر قىسىم كىشىلەرنى روھىي جەھەتتىن كونترول قىلىش، جىسمانىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىش. بۇ خىل روھنى كونترول قىلىدىغان دورىلار نۆۋەتتىكى ھالدا بىر قىسىم كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خىزمەت تاپالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەلگىلىك بىلىم سەۋىيىسى بار، جەمئىيەتكە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە چۈشەنچىسى بار، ھەم شۇنداقلا ياش، كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بولۇپ، ئاسانلا مەۋجۇت تۈزۈلمىگە قارشى تۇرۇش يولىغا ئاتلىنىپ كېتەلەيدۇ. بۇ خىل كىشىلەرگە روھىي جەھەتتىن كونترول قىلىش دورىلىرى ئىشلىتىلىدۇ. سىلەر بېيىجىڭ، شاڭخەيدىكى بەزىبىر ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار. شۇ يەرلەردىكى نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلاردا مۇشۇ خىل كېسەللىك ھالىتى كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى 20 يىل بۇرۇنقى، ھەتتا 10 نەچچە يىل بۇرۇنقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. ئاشۇ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىرايلىرىدا ھېچبىر ئىپادە يوق، ناھايىتى بىخۇد ھالەتتە، سىرتقى دۇنياغا ھېچبىر ئىنكاسى يوق. ھەقىقەتەنمۇ تىرىك مۇردىلارغا ئوخشاپ قالغان. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقى ئەمەس، بەلكى كومپارتىيە مۇشۇ خىل دورىلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەدىنىدە شۇنداق ئۆنۈمگە ئېرىشكەن. ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرىدىغان دورىلارنى بەزىبىر خەلق ھەرىكىتى پائالىيەتچىلىرىگە، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىگە ۋە بەزى لىبېراللارغا، فالۇنگۇڭچىلارغا ۋە بەزى يەر ئاستى خىرىستىئان دىنى مۇرتلىرىغا ئىشلىتىۋاتىدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ نەزىرىدە بۇلار ئىشنىشكە بولمايدىغان، بالدۇرراق كۆزدىن يوق قىلىش زۆرۈر بولغان كىشىلەر توپىدۇر. خىتاي كومپارتىيەسى ھازىر مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى تۈزۈلمىگە، شىمالىي كورىيە تۈزۈلمىسىگە قاراپ قەدەم ئېلىۋاتىدۇ. بۇ تۈزۈلمىنى رەسمىي يولغا قويغاندا، چوقۇم بىر تۈركۈم ئادەملەرنى كۆزدىن يوقىتىدۇ. خۇددى ماۋ زېدوڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرى «ئەكسىيەتچىل كۈچلەر» دەپ ئاتىۋالغان يەر ئىگىلىرىنى، گومىنداڭنىڭ ھەربىي خادىملىرىنى، دىنىي ساھەدىكى كىشىلەرنى يوق قىلغاندەك. ھازىر شى جىنپىڭ ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىكى تۈزۈلمىنى قايتىدىن بەرپا قىلىۋاتىدۇ. ئۇ مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتتىكى قارشىلىق قىلىش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى بولغان شۇنداق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يوقىتىدۇ. بىرىنچىدىن، ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىككىنچىدىن كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى، دىنى زاتلار، خەلق ھەرىكىتى پائالىيەتچىلىرى، لىبېرال زىيالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ يوقىتىش ئوبيېكتىدۇر. ئۇلار ھازىر تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋاستىلەر بىلەن، يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ ياردىمى بىلەن، مۇشۇ تۈردىكى كىشىلەرنى نىشانلاپ تۇرۇپ دورا بېرىدۇ. شۇڭا كۆپچىلىك چوقۇم ئېھتىيات قىلىڭلار. ئەگەر سىز كۈن-كۈنلەپ روھسىز يۈرسىڭىز، سىرتقى دۇنياغا بولغان ئىنكاسىڭىز سۇسلىشىپ كەتكەن بولسا، پۈتۈن بەدىنىڭىز بىئارام بولۇپ، ئەمما ھېچقانداق كېسەل بايقالمىغان چاغدا، چوقۇڭ ئېھتىيات قىلىڭ، چوقۇم يېمەك - ئىچمىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ. ھەم شۇنداقلا ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى

ھالىتىنىڭ ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ھالەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭغا چوقۇم ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىڭ.

مەن يۇقىرىدا دېگەن بۇ ئىككى تۈردىكى بىرىكمە دورىلار ئاساسلىقى ئالاھىدە تۈركۈمدىكى كىشىلەرنى نىشان قىلغان.

مەن دېمەكچى بولغان يەنە بىر ئىش ـــ بارلىق پۇقرالارغا قارىتىلغان تەدبىر بولۇپ، بۇ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق. تەخمىنەن بىر - ئىككى ئاي بۇرۇن، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەرلەرنىڭ **DNA** سىنى تەكشۈرگەن بولۇپ، بارلىق ئەرلەردىن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى ساقچىخانىلارغا ياكى سەھىيە ئورۇنلىرىغا بېرىپ، **DNA** ئەۋرىشكىسىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. بەزىلەرنىڭ شۆلگەيلىرى ئېلىنغان، بەزىلەرنىڭ قېنى ئېلىنغان. ئۇنداق بولسا ئۇلار بۇنداق غايەت زور **DNA** سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇپ نېمە قىلماقچى؟ بۇنداق چوڭ ھەرىكەت توغرىسىدا خىتاي كومپارتىيەسى ھېچقانداق بىر ھۆججەت چىقارمىدى، كەڭ خەلق ئاممىسىغا بۇ **DNA** سانلىق مەلۇماتلىرىنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق چۈشەنچە بەرمىدى. پەقەت بەزىبىر پۇقرالار سوراپ قالغاندا، مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلار، ئىجراچىلار ياكى ساقچىلار ئاساسلىق مەقسەتنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۈچلەندۈرۈش ئىكەنلىكىنى، مۇبادا بىرەرسى مەلۇم بىر يەردە جىنايەت ئۆتكۈزسە، پەقەت جىنايەتچىنىڭ **DNA** سىنى تەكشۈرۈپ چىقسىلا، قەيەردىن كەلگەن دېگەندەك ئۇچۇرلارنى ئاسانلا تېپىپ، جىنايەتچىنى تېزراق قولغا ئېلىشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. جەمئىيەت ئامانلىقىنى كونترول قىلىش بەلكىم شۇ مەقسەتلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ ئارقىسىغا تېخىمۇ چوڭ مەقسەتلەر يوشۇرۇنغان. بۇ مەقسەتلەر تېخىمۇ قورقۇنچلۇق، تېخىمۇ قەبىھ.

كۆپچىلىككە مەلۇم، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆمرى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆمرىدىن كۆپ ئۇزۇن. خىتايدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر قانچىلىك؟ ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئېلان قىلغىنى **76** ياش. بۇ پەقەت ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئېيتقىنى. خەلق ئارىسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى بولسا پەقەت **65** ~ **66** ياش ئەتراپىدا. بىراق خىتاي كومپارتىيەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى **93** ياشقا يېتىپ بارغان بولۇپ، ئادەتتىكى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشىدىن **26**، **27** ياش يۇقىرى. بۇ ئادەتتىكى پۇقرالاردىن يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، غەرب ئەللىرىدىكى دېموكراتىك دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىدىن **12** ياش يۇقىرى. بۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈر قانداق ئەمەلگە ئاشقان؟ بۇ ئۇلارنىڭ ياخشى كۈتۈنگەنلىكىدىنلا بولغانمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. بۇنىڭ بىر قانچە ئامىللىرى بار. بىرسى ئۇلار ئالاھىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى يەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئادەتتىكى خىتاي پۇقراسىدىن كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە. ئەمما، ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىنى چەتئەلدىكى رەھبەرلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇنداق ئەۋزەللىك يوق. چۈنكى چەتئەلدىكى ئۇ يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ساغلام يېمەكلىكلەردۇر. شۇڭا خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئالاھىدە يېمەكلىكلىرىمۇ چەتئەلدىكى ئادەتتىكى يېمەكلىكلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. يەنى بۇ جەھەتتە ماھىيەتلىك ئەۋزەللىكى يوق. ئۇلارنىڭ داۋالىنىش جەھەتتىمۇ ئادەتتىكى پۇقرالارغا قارىغاندا ئەۋزەللىكى بار. ھەر بىرىنىڭ ھەر يىلى داۋالىنىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن سەرپ قىلغان راسخوتى **20** مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى پۇقرادىن بۇ جەھەتتە ئەۋزەللىكى بار. بىراق، داۋالىنىش شارائىتى ياخشى بولسىلا، قېرىلىقتىن بولغان كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىلى بولۇۋەرمەيدۇ. چەتئەلدىكى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭمۇ داۋالىنىش شارائىتلىرى ئىنتايىن ياخشىغۇ؟ ھەتتا چەتئەلدىكى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭمۇ داۋالىنىش شارائىتلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى، ئۇلار نېمىشقا ئۇنچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ؟ شۇڭا بۇنى پۈتۈنلەي ئېنىق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بەلكىم، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ داۋالىنىش شارائىتى ياخشى بولغاچقا، ئادەتتىكى خىتاي پۇقرالىرىدىن بىر قانچە يىل ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن. ئەمما **20** نەچچە يىل ئارتۇق ياشىيالىشى نورمال ئىش

ئەمەس. چۈنكى ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدىن خالىغان بىرسى كاردىن چىقسىلا، ئادەمنىڭ داۋاملىق ياشىشى تەس. شۇڭا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ بىر مەخپىي رېتسېپى بار، ئۇ بولسىمۇ دائىم ئىچكى ئەزالىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش. ئەگەر بىر ئىچكى ئەزا كاردىن چىقسا، ئۇلار دەرھال يېڭى بىر ئىچكى ئەزا ئالماشتۇرۇپ، هاياتىي قابىلىيىتىنى ياخشىلاپ كەلگەن. ئۇنداقتا بۇ ئىچكى ئەزالار نەدىن كەلگەن؟ باشقىلارنىڭ بەدىنىدىن ئېلىنغان.خىتايدا ئەزا كۆچۈرۈش تېخنىكىسى ئىنتايىن تېز تەرەققى قىلغان. بۇ جەھەتتە ئۇلارنى دۇنيانىڭ ئالدىنقى سەۋىيىسىگە يېتىپ باردى، دېيىشكە بولىدۇ. كۆپلىگەن دۆلەتلەردىكى داۋالانغۇچىلار، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلمىغان مۇستەبىت دۆلەتلەردىكى داۋالانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خىتايغا كېلىپ، ئەزا ئالماشتۇرىدۇ. زىمبابۋېنىڭ ئالدىنقى مۇستەبىت ھۆكۈمرانى مۇگابې (Mugabe) 97 ياشقىچە ياشاپ، تېخى يېقىندا ئۆلدى. ئۇمۇ خىتايغا بېرىپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئالماشتۇرغان. ئەمما ئۇ بۇ ئىشنى قىلغان بىردىنبىر ئادەم ئەمەس. يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، مەن كاناداغا يېڭى كەلگەن چاغلىرىمدا، بىر دوختۇرخانىدا بىر مەزگىل مېدىتسىنا خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يەردىكى بىر دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، دوختۇرخانىدىكى بۆرىكىنى تازىلىتىۋاتقان بىمارلار تۇيۇقسىزلا يوقاپ كېتىپ، بىر - ئىككى ئايدىن كېيىن پەيدا بولۇپ قالغان ھەمدە بۇ دوختۇرغا ئۆزىنىڭ خىتايغا بېرىپ، بۆرەك ئالماشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇنداق ئىش دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇرغان. ئەزا ئالماشتۇرۇشنىڭ خىتايدا غايەت زور كەسپىي زەنجىرى بار. 2015- يىلدىن بۇرۇن خىتاينىڭ سابىق سەھىيە مىنىستىرى خۇاڭ جيېفۇ (Huang jiefu) ئىچكى ئەزالارنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر، دەپ كۆپ قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلغان. كېيىن ئۇلار بىر قانۇن ماقۇللاپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئىشلەتمەيدىغان بولغان. ئەمما بۇ قانۇن ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىنمىغان. بۇ پەقەت سىرتقى دۇنياغا دەپ قويۇش ئۈچۈنلا قىلىنغان ئىش. ئۇلار يەنىلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. زور كۆپچىلىك خىتايلار، يەنى 99.99

پىرسەنت خىتاي ئۆلگەندىن كېيىن ئىچكى ئەزالىرىنى تەقدىم قىلىشنى خالىمايدۇ. ئىچكى ئەزالىرىنى تەقدىم قىلىش بىز خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىمىزغا زىت. ھېچكىم ئىچكى ئەزالىرىنى تەقدىم قىلىشنى خالىمايدۇ. ھازىرغىچە ئىچكى ئەزالارنىڭ كېلىش مەنبەسى يەنىلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردۇر. بىراق ھازىر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر ئورگان ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدىغان بولدى. چۈنكى، ھازىر شى جىنپىڭ ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىكىدەك، كىم جوڭئىل دەۋرىدىكىدەك ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن، غايەت زور مۇستەبىت ھاكىمىيەت سىستېمىسى قۇرماقچى. ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ھۆكۈمران گۇرۇھىغا قاتنىشىشىنى، مەركەزدىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە يەردە ئۆزىگە مۇتلەق سادىق بولغان پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھەربىي ھۆكۈمەت قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئادەملەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقچى. نېمىگە تايىنىپ ئۆزىگە جەلپ قىلماقچى؟ بۇنىڭدا پەقەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتكىلا تايانمايدۇ. چۈنكى خىتاينىڭ ئىقتىسادى كەلگۈسىدە گۇمران بولىدۇ. (بۇ خىل ئەھۋالدا) ئۇلارغا بەزى ئىمتىيازلار بېرىلىشى مۇقەررەر. ئەمما ئالىلىقاچان باي - باياشات، راھەت - پاراغەتتە ياشاپ ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن بۇ ئىمتىيازلارنىڭ ئۈنچىلىك جەلپ قىلىش كۈچى يوق. ئۇنداق بولسا ئۇلار نېمە ئارقىلىق جەلپ قىلىنىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھاياتى ئارقىلىق. ئۇلارغا بۇ سىستېمىغا قاتنىشىپ، شى جىنپىڭغا سادىق بولسا، ئۆمرىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا خېلى ئۇزۇن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تېخىمۇ ياخشى كاپالەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇلارغا «ئىچكى ئەزالىرىڭلار زەئىپلەشكەن، كاردىن چىققان ۋاقىتتا، يېڭى ئەزا بىلەن تەمىنلەيمىز. بىزنىڭ ھازىر غايەت زور ئادەم ئىچكى ئەزالىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىمىز بار، ھايات ئىچكى ئەزا سانلىق مەلۇمات ئامبىرىمىز بار. ۋاقتى كەلگەندە بىز ئىچكى ئەزالارنى ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەقسىملەيمىز. پەقەت مۇشۇ سىستېمىنىڭ ئىچىدە بولساڭلارلا، مۇشۇنداق

**كاپالەتكە ئىگە بولىسىلەر» دەپ ۋەدە بېرىلىدۇ. مانا بۇ كەلگۈسىدە هوقۇق مەركەزلەشكەن مۇستەبىت تۈزۈلمىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىم هالقىلىرىنىڭ بىرى. هازىر DNA تەكشۈرۈشنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىر مەقسەت پۈتۈن مەملىكەتنى بىر ئىچكى ئەزا ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇش. شۇڭا هازىر خىتايدا پەقەت كىشىلىك هوقۇق قوغدىغۇچىلار، خەلق هەرىكىتى قوزغىغۇچىلار، فالۇنگۇڭچىلار ياكى مۇسۇلمانلارلا مۇشۇنداق بىر خىل خەتەرلىك ۋەزىيەتكە يۈزلىنىۋاتقان بولماستىن، خىتايدىكى بارلىق كىشىلەر بۇ خىل خەتەرلىك ۋەزىيەتكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. پەقەت سىز خىتاي كومپارتىيە هۆكۈمران گۇرۇهىنىڭ ئەزاسى بولمىسىڭىزلا، ئۆلتۈرۈلۈش - ۋەيران قىلىنىش ئوبيېكتى بولىسىز، سىز هايات ئىچكى ئەزا ئامبىرىدىكى «سانلىق مەلۇمات» بولىسىز. بىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ هازىرقى ئەهۋالىمىزنى تونۇپ يېتىپ، ۋاقتىدا ئامال تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. DNA تەكشۈرۈشىدىن قاچالايدىغانلار قېچىشى كېرەك، قاچالمايدىغانلار چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش هەممىسىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ساقچىلار كېلىپ مەجبۇرى قان ئالماقچى بولسا، كۆپچىلىك ئىتتىپاقلىشىپ شۇ ساقچىلارنى قوغلاپ چىقىرىش كېرەك. شىركەتلەرنىڭ، سەهىيە ئىدارىلىرىنىڭ خادىملىرى كېلىپ، مەجبۇريي هالدا شۆلگەي ئەۋرىشكىسى ئالماقچى بولسا، چوقۇم ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەسلىك كېرەك. چوقۇم ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى بىتچىت قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ پىلانلىرى ئەمەلىيلىشىپ قالسىلا، پۈتكۈل خىتاي مىللىتىگە نىسبەتەن زور بالا-قازا بولىدۇ. ئۇ چاغدا بىز ئات-ئۇلاغنىڭ، هايۋاننىڭ، تەجرىبە بۇيۇملىرىنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالىمىز، ئاشتاختىنىڭ ئۈستىدىكى گۆشكە ئايلىنىپ قالىمىز، خالىغانچە تالان-تاراج قىلىنىمىز. ئۇلارنى چوقۇم توسۇشىمىز كېرەك.**

**بۈگۈن مۇشۇنچىلىك سۆزلەي. مۇشۇ ئۇچۇرلارنى ئاڭلىغان دوستلارنىڭ، بولۇپمۇ كىشىلىك هوقۇق قوغدىغۇچىلارنىڭ، خەلق هەرىكىتى قوزغىغۇچىلارنىڭ، لىبېرال زىيالىيلارنىڭ ئامال - چارە تېپىپ ـــ ئەلۋەتتە بىخەتەر بولغان شارائىتتا ـــ ئامالىنىڭ بارىچە بۇ ئۇچۇرلارنى تارقىتىشىنى، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە، دوستلىرىغا، قولۇم - قوشنىلىرىغا تارقىتىشىنى، هەممەيلەننىڭ هوشيار تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. هەممەيلەندە مۇشۇنداق هوشيار تۇرىدىغان ئاڭ بولغاندىلا، بىز خىتايلار هايات قالالايمىز، پارلاق كېلەچەككە يېتەلەيمىز. كۆپچىلىككە رەهمەت! كېلەر قېتىم كۆرۈشەيلى!**

مەنبە:

**https://www.youtube.com/watch?v=sK64Kj9X3ck&t=351s**

خىتايچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۈيغۇن





# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ ستالىنغا ئەۋەتكەن مەكتۇپى

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

**1944**-يىلى، **12**-نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى هۆكۈمىتى ھەيئەت ئەزالىرى تاكى **1945**-يىلى **31**-ئۆكتەبىر كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ستالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبەرلىرىگە ئۈچ پارچە مۇھىم رەسمىي مەكتۇپ يوللاپ، ياردەم تەلەپ قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ئۈچ پارچە مەكتۇپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە شەرقىي تۈركىستان هۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى-تاشقى مۇناسىۋەتلىرى ھەم ھەربىي-سىياسىي يۆزلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بولۇپمۇ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى هۆكۈمىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرە ئۆزى بىۋاستە ئىمزا قويۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبىرى يوسىف ستالىننىڭ نامىغا ئەۋەتكەن **1945**- يىلى **22**-ئاپرېل كۈنىدىكى مەكتۇپ ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. ئىلگىرى تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ئەتراپىدا سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي ئارخىپلىرى قاتارىدا مۇتلەق مەخپىي تۇتۇلغان مەزكۇر مەكتۇپ يېقىنقى يىللاردا مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئاشكارىلاندى.

مەكتۇپ ئەسلىدە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلىپ، غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارى لاۋرېنتىي بېرىيا، سوۋېت ئىتتىپاق ئالىي رەھبەرلىرى يوسىف ستالىن ۋە ۋيچېسلاۋ مولوتوف قاتارلىقلارغا يوللاپ بېرىلگەن:

مەكتۇپنىڭ تولۇق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«ھۆرمەتلىك باش قوماندان، مارشال ستالىنغا:

پۈتۈن خەلقلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسىغا يالقۇنلۇق سالىمىنى يوللايمەن.

مەن ۋە تېخى يېقىندىلا خىتاي زۇلۇمىدىن ئازاد بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرى سىز باش مارشالدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ بۇ ئىشتا بىزگە ھەممە تەرەپتىن ياردەم بېرىۋاتقان پەقەت بۈيۈك سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئازاد بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مىليونلىغان كىشىلىرى سىزنى ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئۆز داھىيسى سۈپىتىدە كۆرمەكتە. بىز ھەر دائىم ئۆزىڭىزدىن ھەققانىي ۋە كېرەكلىك ياردەملەرگە ئېرىشىدىغانلىقىمىزغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز. شۇنىڭدەك بىز بارلىق ئەزگۈچىلەرنى ئۆز ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرالايمىز.

مەن ئۇلۇغ سوۋېتلار ئىتتىپاقى تەرەپىنىڭ بىزگە زۆرۈر بولغان قوللاشلىرى ئارقىسىدىلا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. دۇنيا ئەركىنلىك سۆيەر خەلقلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان فاشىستلارنى ئەبەدىي گۇمران قىلغان قىزىل ئارمىيە ۋە ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىغا سالام!

ئۆزۈمنىڭ باشقا بارلىق تىلەكلىرىمنى ھۆرمەتلىك پېتىر ئاندرېيېۋىچقا يەتكۈزدۈم، بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزنىڭ ئىجابىي نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى كۈتمەكتىمەن. شۇنداقلا بىزگە زۆرۈر ياردەم كۆرسىتىۋاتقان ھۆرمەتلىك ۋلادىمىر ستېپانوۋىچنىڭ بىزگە قايتىپ كېلىشىنى تەخىرسىزلىك بىلەن كۈتمەكتىمەن.

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى باشلىقى ئەلىخان تۆرە.

1945-يىلى22 -ئاپرېل. غۇلجا شەھىرى »[1]

**مەزكۇر مەكتۇپنىڭ يېزىلىش شارائىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، 1945-يىلى 2- ئاينىڭ بېشىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىنى خىتاي قوشۇنلىرىدىن تازىلاپ تولۇق ئازاد قىلغاندىن كېيىن، قوراللىق پارتىزان ئەترەتلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى تەشكىلى تەرتىپكە سېلىش، ھەربىي تەييارلىقلارنى كۈچەيتىپ، ئىنقىلابنى تارباغاتاي، ئالتاي، ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەرگە كېڭەيتىشكە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. 1945يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيەسى قۇرۇلۇش بىلەن بۇرۇنقى پارتىزانلىق ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلىپ، مىللىي قوشۇننىڭ رەسمىي مۇنتىزىم ئۇرۇش قىلىش پەيتى باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىڭ ۋە شىخۇدا مۇداپىئە لىنىيەسى قۇرغان خىتاي قوشۇنلىرىنىڭ ئىلىغا ئومۇميۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش خەۋپىمۇ بار ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى دەرھال شىمال ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىش بويىچە خىتاي ئارمىيەسىگە قارشى ھۇجۇم باشلاشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى تېخى مۇنداق بىر ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاشقا ئالدىرىمايتتى. خەلقنىڭ ئىنقىلابى قىزغىنلىقى يۇكسەك پەللىگە چىققان ئىدى. مانا شۇنداق پەيتتە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرە 1945-يىلى 22-ئاپرېل كۈنى ستالىنغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ياردەملىرىگە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، تولۇق ئازاد بولۇشىنى تېخىمۇ قوللىشىنى تەلەپ قىلغاندى.**[2]

**1. ГАРФ. Ф. Р-9401 с/ч. Оп. 2. Д. 95. Л. 352–359.. ( /س 9401-ر. فوند.ئارخىپى دۆلەت رۇسىيە فېدېراتسىيەسى**
**359-352:ياپراق .95 دېلو .2ئالاھىدە پاپكا.چ)**

**2. ГАРФ. Ф. Р-9401 с/ч. Оп. 2. Д. 95. Л. 352–359.. ( /س 9401-ر. فوند.ئارخىپى دۆلەت رۇسىيە فېدېراتسىيەسى**
**359-352:ياپراق .95 دېلو .2ئالاھىدە پاپكا.چ)**

ئەلىخان تۆرىنىڭ مەزكۇر مەكتۇپىدا تىلغا ئېلىنغان پېتىر ئاندرېيېۋىچ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىغا ئەۋەتكەن ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ پولكوۋنىكى ئىدى. ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق باش ھەربىي -سىياسىي مەسلىھەتچىسى گېنېرال مايور ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف ئىدى.

ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئەينى ۋاقىتتا «2-دوم»، يەنى «2-ئۆي» دەپ ئاتالغان غۇلجا نوۋېيگورتقا جايلاشقان قورۇغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇ شۇ جايدا تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ھەربىي-سىياسىي جەھەتتىن مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان بولۇپ، مەزكۇر « 2-دوم» غا تەۋە سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى گۇرۇپپىسى تەركىبىدە ئەلىخان تۆرە تىلغا ئالغان پېتىر ئاندرېيېۋىچمۇ بار ئىدى. پېتىر ئاندرېيېۋىچنىڭ تولۇق ئىسىم-فامىلىسى پېتىر ئاندرېيېۋىچ شابايېف بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ پولكوۋنىكى، شۇنىڭدەك 1940-1943-يىللىرى ئۈرۈمچىدە مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ شىسەي ئارىسىدا تۈزۈلگەن « قەلەي كانلىرىنى ئېچىش كېلىشىمى» بويىچە قۇرۇلغان شىركەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن تەيىنلەنگەن مەسئۇلى بولۇپ خىزمەت ئۆتىگەنىدى. ئۇ 1945-يىلى12 -ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ گېنېرال مايورى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف باشچىلىقىدىكى گۇرۇپپا بىلەن غۇلجىغا كېلىپ پائالىيەت قىلغان.[3] ئۇلار ئەلىخان تۆرە بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرغان.

ئەلىخان تۆرە ستالىنغا مەزكۇر مەكتۇپىنى ئەۋەتكەن بۇ ۋاقىتتا بۇلار ھەر ئىككىلىسى ۋاقىتلىق خىزمەت بىلەن موسكۋاغا قايتقان ئىدى. خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئەلىخان تۆرە پېتىر ئاندرېيېۋىچ شابايېف موسكۋاغا مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەملىرى ھەققىدىكى ئۆز كونكرېت تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەلىخان تۆرە ئۆز مەكتۇپىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىش، مۇستەقىل دۆلەت بايرىقىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا قاداش قىزغىنلىقىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقى،شۇنىڭدەك بۇنىڭ ئۈچۈن ستالىنىنىڭ ياردىمىگە ھەم نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ ستالىننى ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى كۈرىشىگە ھەقىقىي ياردەم بېرىۋاتىدۇ دەپ سەمىمىي ئىشەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار ستالىنىنىڭ 1945- يىلى 11-فېۋرال كۈنىدىكى يالتا يىغىنىدا مانجۇرىيە، يىراق شەرق ۋە موڭغۇلىيەدىكى مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولۇپ، ئەمدى ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن خىتاينى سۆھبەت ئۈستىلىگە ئېلىپ كېلىش مەقسىتىدە ئىكەنلىكى، ئەگەر بۇ مەقسەت كاپالەتكە ئىگە قىلىنسا، ئۆزلىرىنىڭ ستالىندىن كۈتكەن ئارزۇلىرىنىڭ قۇربان قىلىنىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

ستالىن بۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا تەرەپنىڭ يالتا كېلىشىمى بويىچە، خىتاينى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەتكە ئۈندىشىنىڭ نەتىجە بېرىشىنى كۈتۈۋاتقان بولۇپ، ئەلىخان تۆرىنىڭ ياردەم تەلەپلىرى ئۇنى ئانچە قىزىقتۇرمايتتى. ئەلىخان تۆرىنىڭ بۇ خېتىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى 19 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن،

---

3. Письмо Берии Вышинскому и Сталину. 29.04.1945 // ГАРФ. Ф. Р-9401 с/ч. Оп. 2. Д. 95. Л. 334-336 (بېرىيا ۋە ۋىشىنسكىينىڭ ستالىن ۋە مولوتوئوفقا 1945-يىلى، 29-ئاپرېل كۈنى يوللىغان مەلۇماتى . رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى. فوند. ر-9401 س/چ. ئالاھىدە پاپكا.2. دېلو 95. ياپراق 334-335 .)

**سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارى لاۋرېنتىي بېرىيا تەرىپىدىن1945 -يىلى 11-ماي كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىدىن يوسىف ستالىن ۋە ۋىچېسلاۋ مولوتوفقا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.4 بېرىيا يەنە ستالىن ۋە مولوتوفقا ئۆزىنىڭ بۇ مەكتۇپنى يوللىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ مەلۇمات يوللىغان.**

**لاۋرېنتىي بېرىيانىڭ ئەلىخان تۆرىنىڭ مەكتۇپىنى ستالىنغا يوللاپ بەرگەنلىكىگە ئائىت مەخپىي ھۆججەت تۆۋەندىكىچە:**

«مۇتلەق مەخپىي. 2-نومۇرلۇق نۇسخا.

1945-يىلى،11-ماي.

536/ ب نومۇرلۇق.

دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى،

يولداش ئى. ۋ ستالىنغا.

سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارلار كېڭەشى، يولداش ۋ. م مولوتوفقا.

بىزنىڭ غۇلجىدىكى خادىملىرىمىز ئېلىپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرە شاكىرخوجايېفنىڭ مەكتۇپىنى يوللىدىم.

شاكىرخوجايېفنىڭ مەكتۇپىدا تىلغا ئېلىنغان پېتىر ئاندرىيېۋىچ ۋە ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ بىزنىڭ خىزمەتچىلىرىمىزدۇر.

سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى

ل.. بېرىيا

دەلىللىگۈچى: ۋ. پوپوۋا

ئىككى نۇسخا بېسىلدى.

بىرىنچى نۇسخا ئىسمى ئاتالغانلارغا ئەۋەتىلدى

2-نۇسخا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئارخىپىدا ساقلاندى

يولداش گروموف تەرىپىدىن يېزىلدى

ئاساسلىرى: ئىندېكس 54، ن59. 1945-يىلى، 5-ماي

خەتلەر لېئونوۋا تەرىپىدىن بېسىلدى،1945- يىلى، 7--ماي. دەلىللىگۈچى ۋ. پوپوۋا.

بىر نۇسخا يولداش مامۇلوفنىڭ كۆرسەتمىسىدە ئالاھىدە پاپكا ئۈچۈن تەييارلاندى»**5**

**ئەلىخان تۆرىنىڭ مەكتۇپى ۋە مەزكۇر مەكتۇپنىڭ يوللاپ بېرىلگەنلىكىگە ئائىت مۇتلەق مەخپىي مەلۇمات رۇسىيە فېدېراتسىيە دۆلەت ئارخىپىنىڭ 9401- ر فوندىدىكى 2-ئالاھىدە پاپكا، 95-نومۇرلۇق دېلوسىدىن ئورۇن ئالغان. ئەلىخان تۆرىنىڭ خەتلىرى رۇسىيە ئارخىپ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئامېرىكىدىكى ۋودروۋ ۋىلسون مەركىزىمۇ ئەسلى كوپىيەسى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى.**

---

**4. ГАРФ. Ф. Р-9401 с/ч. Оп. 2. Д. 95. Л. 352–359.**رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى.فوند .ر-**9401** س/چ.ئالاھىدە پاپكا**2**. دېلو **95**. ياپراق:
**359-352**

**5. ГАРФ. Ф. Р-9401 с/ч. Оп. 2. Д. 95. Л. 352–359.**رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى.فوند .ر-**9401** س/چ.ئالاھىدە پاپكا**2**. دېلو **95**. ياپراق:
**359-352**

# ئامېرىكا – خىتاي سودا ئۇرۇشى



## سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىمۇ؟



كايىل باس — «Hayman Capital Management» نامدىكى خەۋپتىن ساقلىنىش فوندىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى



گېنېرال سپالدىڭ خودسۇن ئىنىستىتۇتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەزاسى. ئۇ ئامېرىكا -خىتاي مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىساد، دۆلەت بىخەتەرلىكى، ئاسىيا تېنچ ئوكيان ھەربى تەڭپۇڭلۇقى جەھەتلەردە مۇتەخەسسىس

كايل باس (تۆۋەندە «باس» دەپ ئېلىنىدۇ): مەن گېنېرال سپالدىڭنى زىيارەت قىلىۋاتىمەن. گېنېرال سپالدىڭ «مەخپىي ئۇرۇش» ناملىق ئەسەرنى يېقىندا يېزىپ چىقتى. كىتابتا، خىتاينىڭ ئامېرىكا سەرخىللىرىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ قانداق باش كۆتۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان.
گېنېرال، بۈگۈن سىز بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرغىنىمدىن خۇشالمەن.

روبېرت سپالدىڭ (تۆۋەندە «سپالدىڭ» دەپ ئېلىنىدۇ): مەنمۇ خۇشال.

باس: خىتاينىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى، بۈيۈك پىلانلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، قانداق چوڭ ئىستراتېگىيەدە بولۇۋاتقانلىقى توغرۇلۇق، خىتاينىڭ ھەقىقىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن كىتابلار بەك ئاز يېزىلدى. سىزنىڭ خىتاي سەپىرىڭىز توغرىسىدىكى بايانلىرىڭىزنى كىشىلەر ئاڭلاشقا موھتاج دەپ قارايمەن.
سىزنىڭ خىتاي سەپىرىڭىز (دوستانە ھالدا) قۇچاق ئېچىش ۋە خىتاي خەلقىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن باشلانغان. مېنىڭ چامىمچە سىز 2002-يىلى خىتايچە ئۆگىنىشكە قەدەم قويدىڭىز، ئاساسلىقى خىتايغا چوڭقۇرلاپ چۆكتىڭىز. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، سىزنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىڭىز ئۆزگەردى. مەن بۇ سۆھبىتىمىزدە تاماشىبىنلىرىمىزغا خىتايدىكى چاغلىرىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

خوش، ئاۋۋال سىزنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىڭىز توغرۇلۇق تاماشىبىنلارغا ئازراق ئۇچۇر بېرىپ ئۆتەي. سىز بىر ھاۋا ئارمىيە گېنېرالى، B-2 جەڭ ئايروپىلانى ئۇچقۇچىسى، كېيىن سىز ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ شاڭخەيدىكى شتابىدا خىزمەت قىلدىڭىز. بىزگە خىتاي سەپىرىڭىز، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشىڭىز ۋە خىتايغا سىڭىشىشىڭىز توغرۇلۇق بىر ئاز سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز. شۇنداقلا، خىتاينىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيىسىنى ھەقىقىي رەۋىشتە قاچان چۈشۈنۈپ يېتىشكە باشلىغانلىقىڭىز توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

سپالدىڭ: ئەلۋەتتە. 2001-يىلى ئولمستىد فوندى تەرىپىدىن تەتقىقاتچى ئالىم سۈپىتىدە خىتايغا بېرىشقا تاللاندىم. ئولمستىد ئوقۇش مۇكاپات پروگراممىسى تولىمۇ قالتىس پروگرامما. بۇ پروگراممىغا چەتئەلدە ئىككى يىل ئوقۇش ئۈچۈن ھەر يىلى ھەر بىر ساھەدىن ئۈچ ئوفېتسىر تاللىنىدۇ. مانا بۇ چاغدا ئۆز-ئۆزىڭىزگە «ھەي، سېنىڭ قايسى دۆلەتكە بارغۇڭ بار؟» دەپ سوئال قويىسىز. بۇ بەك نوپۇزلۇق پروگرامما بولغاچقا، مەن دەسلەپتە ئۆزۈمنى بۇ پروگراممىغا تاللىنىمەن دەپ ئويلىمىغان. بۇ پروگراممىغا تاللانغاندىن كېيىن، قايسى دۆلەتكە بېرىشنى تاللىشىمغا توغرا كەلدى. (ئۇ 2001-يىلى ئىدى) مەن دۇنيانى كۆزىتىپ، دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ھەمكارلىق مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئەڭ ئىستىراتېگىيىلىك دۆلەتنىڭ، ياكى شۇ چاغدا ئامېرىكا بىلەن ھەممىدىن بەك قارشىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان دۆلەتنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم. خىتاي ھازىرمۇ ھەم شۇنداق.

باس: شۇ يىلى خىتاي دۇنيا سودا تەشكىلاتى (WTO) غا ئەزا بولدى.

سپالدىڭ: توغرا دەيسىز. شۇنداق قىلىپ، مەن پروگراممىغا ئىلتىماس قىلىپ، قوبۇل قىلىندىم. ئۆيگە قايتىم ئايالىمغا ئېيتتىم. ئايالىمغا ئېيتقىنىمدەك، بىز ھاۋا ئارمىيىسىدىن ئايرىلىپلا قالماي، شاڭخەيگە بېرىپ ياشىماقچى ئىدۇق. شۇنداق قىلىپ، بىز كالىفورنىيە شتاتىنىڭ مونتېرىي شەھىرىگە كۆچۈپ كەتتۇق. مەن 2001- ۋە 2002-يىلى دۆلەت مۇداپىئە تىل ئىنىستىتۇتىدا خىتايچە ئۆگەندىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىز شاڭخەينىڭ پۇدوڭ رايونىغا كۆچۈپ باردۇق. پۇدوڭ رايونى شاڭخەينىڭ ئەڭ غەربلەشكەن، ئەڭ زامانىۋىي رايونى ھېسابلىنىدۇ .بۇ رايوننى خىتاي كومپارتىيىسى 1990-يىلى قۇرۇپ چىققان. مەن خىتايدا ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدۈم. خىتايدىكى ئەڭ داڭلىق ئىنژىنېرلىق ئۇنىۋېرسىتېتى ھېسابلانغان تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم، شۇنداقلا خىتاينىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك زىيارەت قىلدۇق. بۇ جەرياندا مەن ئىشەنگۈسىز دەرىجىدىكى تەجرىبىلەرگە ئېرىشتىم. باللىرىم خىتايدىكى ساياھىتىمىزنى ياقتۇردى. مەنمۇ، ئايالىممۇ ياقتۇردۇق. بىز خىتاي خەلقى بىلەن تونۇشتۇق. خىتاي خەلقى تولىمۇ تىرىشچان، چىدامچان، دوستانە خەلق. ئەينى چاغدا مەن بۇ يەرنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم.

مېنىڭ قوشنىلىرىمنىڭ ھەممىسى شائخەي ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدىكى يۈز مەشھۇر شىركەت ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كارخانىچىلار ئىدى. ھەممىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئىدى. بۇ يەردە چەتئەل كارخانىلىرىلا ئەمەس، خىتاي خەلقىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ياخشى ئۇنۇم ھاسىل قىلالايتتى. ئۇلار كۆڭلىرىدىن بەك رازىدەك كۆرۈنەتتى.

قىززىق يېرى شۇكى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا «بىزدە ھېچقاچان دېموكراتىيە بولمايدۇ. چۈنكى، خىتاي خەلقى دېموكراتىيەنى چۈشەنمەيدۇ. دېموكراتىيە كەلسە بۇ يەر مالىمانچىلىققا تولىدۇ» دېيىشتى. ئەينى چاغدا مەن بۇ گەپلەرگە رەددىيە قايتۇرۇشنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. دېڭىز بوغۇزىنىڭ قارشىسىدىكى (دېموكراتىك) تەيۋەن (يۇقاردا دېيىلگەندەك بولماستىن،) ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى گۈللەنگەن ئىدى.

مەن خىتايدا ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن، يەنى 2004-يىلى خىتايدىن ئايرىلىش پەيتى كەلگەندە، ئايالىمغا «ھاۋا ئارمىيىسىدىكى خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىمەن، شائخەيگە قايتىپ كېلىمەن» دېدىم.

باس: خىتاينىڭ ھۆكۈمەت سۈپىتىدىكى يادرولۇق ئىستىراتېگىيىسىنىڭ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يادرولۇق ئىستىراتېگىيىسىنىڭ نېمىلىكىنى قانداق كۆرۈپ يېتىشكە باشلىدىڭىز؟

سپالدىڭ: بۇنى تونۇپ يېتىشىم ئەسلىدە تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىدىكى چېغىمدا باشلانغان. ئون يىلدىن كۆپراق ۋاقىتتىن كېيىن ھاۋا ئارمىيىسى مېنىڭ تەجرىبەم، خىتاينىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى جەھەتتىكى بىلىمىم ۋە خىتاينى باشقا كۆپلىگەن كىشىلەردىن ياخشى چۈشىنىشىم قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، مېنىڭ بېيجىڭدىكى دۆلەت مۇداپىئە مەھكىمىسىگە ھاۋا ئارمىيىسى خادىمى سۈپىتىدە ئىشقا چۈشۈشۈم كېرەكلىكىنى قارار قىلدى.

خىتاي ئىستىراتېگىيىسىنى چۈشىنىشتە بىر قاتار جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولدۇم. بۇ توغرا تونۇش، دېپلوماتىيە تەجرىبىسى ۋە باشقا بىلىملەر جەھەتتە ئۆزۈمنى يېتىلدۈرۈش جەريانى بولدى.

خىتاي ئىستىراتېگىيىسىنى چۈشىنىشىمنىڭ تۇنجى قەدىمى تاشقى مۇناسىۋەت كومىتېتىدا ھەربىي تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىشىم داۋامىدا يۈز بەردى. بۇ چاغدا مەن تۇنجى قېتىم سودا، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە ئاشكارا كۆرۈنۈشكە باشلىدىم. شۇ جەرياندا خىتايدىكى بىر خەتەردىن ساقلىنىش فوندىنى باشقۇرۇۋاتقان مويسىپىت كىشىلەردىن بىرى بىلەن بىر قېتىملىق چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولۇپ قالدۇق. بۇ ئۇچرىشىشىمىز تولىمۇ مەنىلىك بولدى. بىز خىتاينىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق.

ئەينى چاغدا مەن خىتاينىڭ ئىقتىسادى پات ئارىدا بىر ئىزىدا توختايدۇ. بۇلار ئىقتىسادىي ئۆسۈشنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە يەتتى، ئەمدى ئىقتىسادىنى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى تەس، دەپ ئويلايتتىم. ئۇ كىشى ماڭا:«ئۇنداق ئەمەس، خاتالاشتىڭىز. ئۇلارنىڭ پۇل مۇئامىلىسى بىر مەزگىل بىر ئىزىدا توختايدۇ. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرى ئۆرلىمەكچى، ئاندىن تېخىمۇ كۈچەيمەكچى. ئاندىن، ئىقتىسادىي ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە، ئاندىن دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانماقچى» دېدى. «بۇ گەپنىڭ ھېچبىر ئاساسى يوق» دېگەن ئىدىم مەن.

بىزدە ئامېرىكا توغرۇلۇق «بىزنىڭ سېستىمىمىز ئەڭ ياخشى، بىزنىڭ مودېلىمىز ھەممىدىن ئۈستۈن. ئەڭ ئۈستۈنى بىز بولىمىز، خىتاي ھەرگىزمۇ دۇنيانىڭ رەھبىرى بولالمايدۇ» دېگەندەك ئۆزىمىزگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىش مەۋجۇت. بىراق، مېنىڭ خىتايغا بولغان يەنە بىر نۇقتىدىكى تونۇشۇم، ئوچۇقىنى ئېيتسام، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ئاساستا باشلاندى. (كېيىن) مەن بۇ يەردىن خىتايدىكى مۇدرىيەت يىغىنىغا مەسلىھەتچى بولۇش ئۈچۈن يۆتكىلىپ كەتتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەربىي دېپلوماتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. خىتاي ھۆكۈمىتى توغرىسىدا، تېخىمۇ مۇھىمى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى توغرىسىدا چۈشەنچىلەرگە ئېرىششكە باشلىدىم. چۈنكى مەن، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئوقۇشقا باشلىغان ئىدىم.

باس: شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەينى چاغدا سىز ئامېرىكا ھەربىي ساھەسىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەربىيىسىنى باشتىن ئۆتكۈزمىگەن، ئۇلار پەقەتلا خۇلاسىنى ئۆزىڭىزنىڭ چىقىرىشى ئۈچۈن، سىزنى كۆپ مىقداردىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ئىكەن ئۇنداقتا.

سپالدىڭ: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. مەن ئۆتكەن قىرىق يىلدىن بېرى بىزنى يېتەكلەۋاتقان، ئوخشاش كۆز قاراشلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن دىپلوماتلىق ئۆلچىمى بويىچە تەربىيىلەندىم. ماڭا شۇنداق ئۆگىتىلدىكى، ئەگەر سىز خىتايلارغا يىغىۋېلىش لاگېرى ياكى مەجبۇرىي ئورگان كۆچۈرۈش قاتارلىق ئۆزىڭىز ھېس قىلىپ يەتكەن سەلبىي ئەھۋاللارنى ئېيتماقچى بولسىڭىز، بۇنى ھەرگىزمۇ ئوچۇق ئاشكارا دېمەستىن، مەخپىي ھالەتتە دېيىشىڭىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە، خىتايمۇ بىزگە مۇشۇنىڭ ئوخشىشىنى دەيدۇ:«شۇنداق، بىز سىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىدا، دېموكراتىيەگە ۋە ئەركىنلىكتە ئېشىنىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمىز. بىراق، ئۇنداق گەپلەرنى بىزگە ئاشكارا مەيداندا ئەمەس، مەخپىي ھالدا دېيىشىڭلار كېرەك. بۇ ئىككىلىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى. ئەگەر سىلەر بۇنداق ئىشلارنى ئوچۇق-ئاشكارا دېسەڭلار، ئۇنداقتا ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، دېگەنلىرىڭلارغا تېخىمۇ قاتتىق قارشى چىقىمىز. بىراق، بۇ ھەقتە بىزگە ئايرىم گەپ قىلىسىڭلار، ئەلۋەتتە سۆزۈڭلارغا قۇلاق سالىمىز.»

بىزگە قاسماق كىيىملەرنى ئوچۇق يەردە شامالداتماسلىقىمىز ئۇقتۇرۇلدى. ئەينى چاغدا مېنىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىدىكىلەرگە ئېيتقان سۆزۈم بىلەن، ئۇلارنىڭ ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىنى تەكرار ئەسلەپ كۆرسەم، ئەسلىدە بىز ئۇلار بىلەن ئوخشاش گەپنى قىپتىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى دىپلوماتىك تىلنى ئۆز ئەندىزىسىگە چۈشۈرۈۋالغان ئىدى. ھەتتا شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بىز دەۋاتقان گەپلەرنىڭ ھەممىسى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سۆزى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىينەزىرىنى بىزنىڭ نۇقتىئىينەزىرىمىزگە سىڭدۈرۈۋەتكەن ئىكەن.

باس: بۇ ئاجايىپ بىر ئىش. سىز دېمەكچىكى، ئۇلار ئۆزى مەنپەئەتىنى ياقىلايدىغان نۇقتىئىينەزەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى خىتايدا كونترول قىلىپلا قالماي، «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق ۋاسىتىلىرىنى دۇنياغا تارقىتىش ئارقىلىق، دۇنيانىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىنىمۇ كونترول قىلىشقا تىرىشتى. سىز ماڭا خىتايلارنىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ دىپلوماتىك تىلىنى كونترول قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىسىز. ھەتتا، ئۇلارسىز ئۇ يەردىكى چاغدا سىزنىڭ بايانلىرىڭىزنى كونترول قىپتۇ.

سپالدىڭ: شۇنداق. ئۇلار دائىملا تىلغا ئالىدىغان، شى جىن پىڭ توختىماي تەكرارلايدىغان سۆزدىن بىرى «يەرشارىلىشىش» تۇر، شى جىن پىڭ داۋوس يىغىنىدا دائىملا «بىز يەرشارىلىشىشقا موھتاج، بىز ئېچىۋېتىلگەن بازارلارغا موھتاج، ھەر كىم چىقىشىپ ئۆتۈشكە موھتاج، بىز چوقۇم ئۆز-ئارا تىجارەت قىلىشىمىز كېرەك» دەيدۇ.

باس: ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى، دۇنيا بازىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئېچىۋېتىلىشى كېرەك. بىراق، خىتاي سىرتقا ئېچىۋېتىلمەسلىكى كېرەك.

سپالدىڭ: مەن تاكى ھېلىقى مۆتىۋەر كىشى بىلەن ئاشۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشقىچە، شۇنداقلا نيۇيوركتىكى چېغىمدا ئۆزۈم كۆرۈشكەن كىشىلەر بىلەن پىكىرلەشمىگۈچە ئۇلارنىڭ مەقسىدىنى چۈشىنەلمىگەن ئىدىم. شۇ خىل كۆرۈشۈشلەر نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشىمدە رول ئوينىغان بولدى.

2014-يىلى كۈزدە، بەش بۇرجەكلىك بىنادا خىتاينى تەتقىق قىلىۋاتقان چېغىمدا، خىتايچە ماقالە-ئەسەر ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. خىتايدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى قانۇنى ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل قانۇن بار. كۆپىنچە كىشىلەر خىتايدا ئىككى خىل قانۇن بارلىقىنى بىلمەيدۇ.

باس: نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

سپالدىڭ: سىز بىر دۆلەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭىزدا، تەبىيلا ئۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى خىيالىڭىزغا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىمىزغا كەلسەك، دۆلەت مىنىستىرلىكى دىپلوماتىك ھوقۇقنى يۈرگۈزىدۇ. دۆلەت مىنىستىرلىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەندە بۇ ئامېرىكىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن، ياكى خىتاي مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە تەڭداش ھېسابلىنىدىغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى (رەھبەرلىكى) بىلەن سۆھبەتلەشكەن چېغىمىزدا، خىتاي ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلغان ئورگان بىلەن ھۆكۈمەت سەۋىيىسىدە روبىرو كەلگەن بولمايمىز.

ئەمدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە كەلسەك، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن بىرى ئەمەس، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار بىر قوراللىق سىياسىي پارتىيەدىن، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوراللىق قىسمىدىن ئىبارەتتۇر.

سىز ئىگىلىك ھوقۇق توغرىسىدا ئويلانغىنىڭىزدا، ئۇلارنى قانداق ھوقۇققا ئىگە دەپ قارايسىز؟ ئۇلار پۇلنى كونترول قىلامدۇ؟ ئۇلار ساقچى تارماقلىرىنى كونترول قىلامدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇلار ئەسكەرلەرنى كونترول قىلىدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھاكىمىيەت تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى – ھەممە نەرسە مۇتلەق ھالدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ.

سىز بىر پرىزدېنت بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چېغىڭىزدا، ئەمەلىيەتتە، خىتايدىكى ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقلۇق شەخس نامى بىلەن ئاتالغان شى جىنپىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلەتتە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى قارار قىلىدۇ.

دۆلەت سېكرېتارىمىز پومپېئو خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىلەن كۆرۈشكىنىدە، ئۇنىڭ كۆرۈشكىنى ئەسلىدە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل ئەمەس. سىز پەقەت خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش شتابىغا بارسىڭىز، ياكى جۇڭنەنخەيگە بارسىڭىز، ئاندىن ھەقىقىي ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى بىلەن كۆرۈشەلەيسىز. خىتايدا جۇڭنەنخەيگە پەقەتلا بەزى ئالاھىدە ھوقۇقلۇق كىشىلەرلا كىرەلەيدۇ. ئۇ يەرگە كىرىش ئۈچۈن، «خىتاي خەلقىنىڭ ياخشى دوستى» بولۇشىڭىز كېرەك.

باس: سىز ئۇ يەرگە كىرىپ باقمىغانمۇ؟

سپالدىڭ: مەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش شتابىغا بىر قېتىم بېرىپ باققان. مېنى ئۇ يەرگە مايكېل پىلىزبېرىي ئېلىپ بارغان ئىدى. مەن بەلكىم خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش شتابىغا قەدەم بېسىپ باققان بىردىنبىر دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلدارى بولۇشۇم مۇمكىن.

باس: شۇ چاغدا قانداق ئىشلار يۈز بەردى؟ مەن ھەرگىزمۇ گەپنى تاغدىن باشلاپ، باغقا چۈشۈپ كېتىدىغان بىرى ئەمەس. ئەمما، مەن سىزنىڭ بىرىنچى قول كەچۈرمىشلىرىڭىزگە بەك قىزىقىۋاتىمەن.

سپالدىڭ: مەن بۇ يىغىنغا قاتنىشىدىغانلىقىمنى بىلگىنىمدە تولىمۇ ھەيران قالغان ئىدىم. بېرلىن تېمى ئۆرۈلۈپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى «مانا ئەمدى، خىتايلار ۋە (دۇنيادىكى) كوممۇنىستىك پارتىيىلەر دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى. ئۇلار ئۆتمۈشتىكى خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىلەردە دائىم باشقا كوممۇنىستىك دۆلەتلەر بىلەن قوش تەرەپلىك ئۇچرىشاتتى. بولۇپمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋجۇت دەۋرلەردە شۇنداق قىلاتتى. نۆۋەتتە، باشقا كوممۇنىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يوق بولدى، ياكى يوق بولۇشقا ئاز قالدى. بۇ ھالەتتە، ئۇلار كىم بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ؟ مەن ھەيران قالارلىق ھالدا شۇنى بايقىدىمكى، بىزنىڭ دېموكراتلار پارتىيىمىز ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىمىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش شتابىدا ئۇلار ئورۇنلاشتۇرغان زىياپەتلەرگە قاتنىشىدىكەن. بۇلار مەن ھېس قىلغان ئىشلاردىن بىرى. مەن بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران قالىمەن.

باس: سىز كوڭگرەس ئەزالىرى ۋە سېناتورلارنىڭ خىتاي كۇلتۇر ئالماشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ باش شتابىغا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى كۆردىڭىز، شۇنداقمۇ؟

سپالدىڭ: كۆرمىدىم. بىراق، خىتاي تەرەپ «بىز سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقە ئورنىتىۋاتىمىز. بىز سىلەرنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەڭلار بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتتۇق، ئۇلار كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. بىز سىلەرنىڭ دېموكراتىك پارتىيەڭلار بىلەن ئالاقە ئورناتتۇق. ئۇلارمۇ كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى» دېگەن ئىدى.

مەن بۇنىڭدىن ھەيرانۇ-ھەس قالدىم. مەن ئىلگىرى بۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارلىق تەربىيىسىدىن سىرت، مەن يەنە باشقا بىر تەربىيىنىمۇ ئالغانمەن. مەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆججەتلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇيمەن، دۇنيادا نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقىنىنى چۈشىنىپ تۇرىمەن.

مەن شۇنى ھېس قىلىپ يېتىشكە باشلىدىمكى، ئەگەر سىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىش قىلىش ئۇسۇلىغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئۇلار سىزنىڭ ئويىڭىزنى كونترول قىلىدۇ، خىتاي توغرىسىدىكى ۋە خىتاي خەلقى توغرىسىدىكى سۆزلىرىڭىزنى كونترول قىلىدۇ. نۆۋەتتە مەيلى ئامېرىكادا بولسۇن، مەيلى خىتايدا بولسۇن، سىز خىتاي دېگىنىڭىزدە بۇنىڭ ئارقىسىدىن تەبئىيلا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئەگىشىپ كېلىدۇ. جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىشقا كەلسەك، مەسىلەن، ناۋادا سىز ئامېرىكادا ئۇيغۇرلار سولانغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ياكى ئىچكى ئەزا ئەتكەسچىلىكى توغرىسىدا ئېغىز ئاچسىڭىز، ياكى كۆڭزى ئىنىستىتۇتلىرىنىڭ نۇتۇق-بايانلارغا چەكلىمە قويۇشى توغرىسىدا سۆز ئاچسىڭىز، شۇنداقلا ئۇنۇېرستېتلاردىكى دىنىي باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى تىلغا ئالسىڭىز، ئىرقچى بولۇپ قالىسىز. ئەسلىدە بۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نۇقتىئىينەزىرى. مەن بۇنى نۇرغۇن قېتىم باشتىن كەچۈردۈم. خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ يەنە بىر نۇقتىئىينەزىرى شۇكى، ناۋادا سىز يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغان ئۇيغۇرلار ياكى ئىچكى ئەزا ئەتكەسچىلىكى توغرىسىدا ئېغىز ئاچسىڭىز، **1.4** مىليارد خىتاي خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان ھېسابلىنىسىز.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنى بۇ ئېسىل خەلق ۋە ئۇلارنىڭ كۇلتۇرى بىلەن نىقابلىۋالغان. بىز **2002**- يىلىدىن **2004**-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاي مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى ئۆگىنىشكە باشلىدۇق ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. شۇڭلاشقا، سىز كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەزىل ماھىيىتى توغرىسىدا سۆز قىلسىڭىز، ئۇلار (بىزنىڭ خىتاي كۇلتۇرى، تارىخى ۋە خەلقىنى ياخشى كۆرىدىغىنىمىزنى سۇيئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ) «سەن خىتاي خەلقىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىسەن» دېيىشىدۇ.

بۇ سۆزنىڭ ئۇنۇمچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى. بۇ ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىدۇ. چۈنكى، (خىتاي كومپارتىيىسى ئۆزىنى **1.4** مىليارد كىشىنىڭ ۋەكىلى دەپ دەۋا قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن) دۇنيا **1.4** مىليارد كىشىنىڭ مەجبۇريي ھالدا ئىچكى ئەزانى سوۆكوۋېلىشنى تەلەپ قىلىشتەك رەزىل ئىشنى قىلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلالمايدۇ-دە.

شۇنداق قىلىپ، مەن خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى مۇخاتىپلىرىمغا «قارا، خىتايدىكى زور كۆپچىلىك كىشى سىلەرنىڭ دەۋاتقىنىڭلار بىلەن چاتىقى يوق، (كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەزىللىكلىرىنى تىلغا ئالسام) مېنى **1.4** مىليارد خىتاي خەلقىنى غەزەپلەندۈردى دېيىشنى توختات» دەيدىغان بولدۇم.

شۇنىسى ئېنىسمدىكى، شاڭخەيدىكى چاغلىرىمدا، ئۇ يەردىكىلەر ئۆز تۇرمۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. مەن مۇشۇنداق بولغانلىقىغا قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن. ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ سىزنىڭ خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسى توغرۇلۇق نېمە ئويلىغىنىڭىز بىلەن ئەسلا چاتىقى يوق.

باس: سىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بىخەتەر رايوننى بەرپا قىلىۋالغانلىقىنى تىلغا ئېلىۋاتىسىز. ئۇلارنىڭ بىخەتەر رايونى ھۆكۈمەت قىلىۋاتقان ھەر قانداق رەزىللىكنىڭ تەنقىدلىنىشىگە «ئىرقچى» لىق قالپىقى كەيدۈرۈش ئىكەن. «بىزنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىمىز بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن. سەن دېگەن بىر ئىرقچى.» بۇ كلاسسىك ئىجتىمائىيەت پسىخلوگىيىسىدىكى كېسەللىك قىلمىشىدۇر.

سپالدىڭ: ئۇلار ئۆزىنى خىتاي خەلقىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇۋالماقتا. ئۇلار پەقەت خىتاي زېمىنىنى ۋە خىتاي خەلقىنى گۆرۈگە ئېلىۋالغاندىلا، ئاندىن خىتاي خەلقىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلالايدۇ. خىتاي خەلقى ئۆز ئاۋازىنى چىقىرىشقا قادىر ئەمەس.

باس: ئىككەيلەن ئىلگىرى پاراڭلاشقان بىر تېمىغا قايتماقچىمەن. چۈنكى، تاماشىبىنلىرىمىز بۇ تېمىغا ئىنتايىن قىزىقىدۇ دەپ قارايمەن. سىز ماڭا مەن ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان، پەردە ئارقىسىدا يۈز بېرىۋاتقان بىر تۈركۈم ئىشلارنى تىلغا ئالغان بولدىڭىز.سىز بېيجىڭ ۋە شاڭخەيدىكى ئامېرىكا ئەلچىخا-

نىسىغا بارغان. مەيلى خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىگە تەۋە ياكى ئەلچىخانىغا تەۋە خىتاي خادىملار بىلەن كۆرۈشكەن چېغىڭىزدا، ئۇلارنىڭ سىزگە بىر گەپنى ئېيتقىنىنى دېدىڭىز. بۇ تېخىچە ماڭا نىسبەتەن ئىشەنگۈسىز گەپ. ئۇلار سىز بىلەن يېپىق شەكىلدە كۆرۈشكەندە، سىزگە خىتاي-ئامېرىكا رىقابىتى توغرىسىدا نېمە دېگەن ئىدى؟

سپالدىڭ: ئۇلارنىڭ دېگىنى شۇكى: بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىز. بىز بەش مىڭ يىلدىن بېرى جاھان سوراپ كەلدۇق. ئۆتكەن يۈز يىل تولىمۇ مۇشكۈل بولدى. بۇنداق بولۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلاردۇر. بىز سىلەر سەۋەبلىك يۈز يىللىق ئار-نومۇستا قالدۇق. ئەمما، بىز ئەمدى قەد كۆتۈردۇق. بىز ئۇزۇپ چىقىمىز. ئەمدى سىلەر بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قارايسىلەر.

باس: «سىلەر» دەپ ئامېرىكانى نەزەردە تۇتتۇۋاتىدۇ. خىتاي بۇ يەردە ئامېرىكانى نەزەردە تۇتىۋاتىدۇ. ئۇلار «بىز سىلەرنى سۇپۇرۇپ تاشلايمىز» دەۋاتىدۇ.

سپالدىڭ: (خىتاي) بىز ھۆكۈمران بولىمىز، تۈپ يىلتىزىدىن ھۆكۈمران بولىمىز (دەۋاتىدۇ).

باس: خىتايلار ئامېرىكاغا ئۆزلىرىنىڭ بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدىكى ياكى خىتاي ئەلچىخانىلىرىدىن بىرىدىكى يېپىق شەكىلدىكى كۆرۈشۈشتە ئېيتقانلىرى.

سپالدىڭ: بۇ پەقەت دىپلوماتىيە چەمبىرىكى دائىرىسىدىلا كەڭرى تارقالغان پىكىر بولۇپلا قالماي، مالىيە ۋە كارخانا ساھەلىرىدىمۇ بۇ گەپ ئوخشاشلا كەڭرى تارقالغان.

ئۇلار مەخپىي ھالدا شۇنداق دېيىشىدۇ: «قارا! كىمنىڭ دۇنيانى قولىدا ئوينىتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىۋالغىن، ئەگەر مەنپەئەتكە ئېرىشەي دېسەڭ توغرا تەرەپنى تاللىغىن.»

دۆلىتىمىزدىكى ئىنتايىن باي مىليونېرلار ماڭا «دېموكراتىيە ئۆلدى، خىتاينىڭ مودېلى تېخىمۇ ياخشى. ئەگەر بىز تارىخ تاللىغان تەرەپتە تۇرماقچى بولساق، خىتاينىڭ مودېلىنى قوبۇل قىلىشقا موھتاج بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى خىتاي تەرەپتە تۇرۇشقا موھتاجمىز» دېگەن ئىدى.

باس: بۇ ئاجايىپ بىر گەپ. خىتاي بىزنىڭ ئاچكۆزلۈكىمىزنى ئۆزىمىزگە قارشى قوللىنىشتا بەكمۇ ئۇستىلىق قىپتۇ. سىز ئۇ مىليونېرلارنىڭ دېموكراتىيە ئۆلدى، بىز خىتاينىڭ مودېلىنى قوللىنىشقا موھتاج دېگەنلىكىنى تىلغا ئالدىڭىز. بۇ مىليونېرلارغا خىتاي يېشىل چىراق يېقىپ بەرگەن بولغاچقا، ئۇلار ھەسسىلەپ بېيىش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ دېپىنى چېلىشقا چۈشكەن. ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تامامەن سەل قارىغان. مانا بۇ خىتايدا چوڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شىركەتلىرى بولغان، ئۇ يەرگە مەبلەغ سېلىشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىنى خالىمايدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى مىليونېرلارنىڭ ئىدىيىسى.

بىزنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئاپپاراتلىرىمىز خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ رىقابەتچىمىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەمەلىيەتتە، دۆلەت مۇداپىئە ئاخباراتى ئانالىزلىرىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي بىزنىڭ رەقىبىمىز. شۇڭلاشقا، ئىككى تەرەپنىڭ ئىدىيىسىدە ئاسمان-زېمىن پەرق بار. بىر تەرەپتە – خىتاي تەرەپتە ئالاھىدە ھوقۇق بېرىلگەن مىليونېرلار، يەنە بىر تەرەپتە بولسا بىزنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئورگانلىرىمىز بار. بىزنىڭ ئەسلەپ چىقىشىمىز كېرەك بولغان بىر نۇقتا، ئاۋۋال بىز سىز بايان قىلغان بىر نەچچە جۈملىنى رەتلەپ چىقىۋالايلى. مەن تاماشىبىنلىرىمىزنى (خىتاي ئىشغالى ئاستىدىكى) شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىغا قامالغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئاڭلىغان دەپ ئويلايمەن. بىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ئاساستا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق چۈشەنچىگە ئېرىشىۋالايلى. «chinatribunal.com» نى ئوقۇۋسىڭىز، ھەممە ۋەقەلىكنىڭ خۇلاسىسىنى ئوقۇغان بولىسىز. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەقىقەتەن مەست قىلىنغان، تېخى ئۆلمىگەن ئىنساننىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋالغىلى تۇرۇپتۇ. نېمىشقا بۇنداق ئىشلارنى پۈتۈن دۇنيا بىلمەيدۇ؟ تاراتقۇلاردا نېمىشقا بۇ ئىشلار خەۋەر قىلىنمايدۇ؟

بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە بىزنىڭ ھەر كۈنى مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئىزدىنىۋاتقىنىمىز سەۋەب بولىۋاتىدۇ.

بۇ ئىش قانداق قىلىپ ئاشكارىلىنىپ كەتتى؟ دېموكراتىيە ئۆلدى دەۋاتقان مىليونېرلارنىڭ بىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك دېيىشى – ئىككى ئۈچ مىليون ئادەمنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاپ، ئۇلارنى تىرىك توختۇتۇپ قويۇپ ئىچكى ئەزالىرىنى يۇلۇپ ئېلىۋېلىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك، دېگەندىن دېرەك بېرەمدۇ قانداق؟ ئۇلار بىزگە زادى نېمە دېمەكچى؟

باس: بىرەر دۆلەت ئىچكى ئەزاغا ئېرىشىش ئۈچۈن خىتايغا سەپەر قىلىشنى چەكلىدىمۇ؟

سپالدىڭ: شۇنداق.

باس: بۇ قايسى دۆلەت؟

سپالدىڭ: ئىسرائىلىيە.ئىسرائىلىيەنىڭ بۇنىڭ چەكلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىر يۈرەك كېسەللىكلىرى دوختۇرى ئەينى چاغدا ئىسرائىلىيە چېگرىسى ئىچىدىكى ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش جەمئىيىتىدە ئۆز بىمارلىرىدىن خىتاينىڭ ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئىكەن. ئۇ بىمار كېيىنكى ئايدا يۈرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن خىتايغا سەپەر قىلماقچى بوپتۇ.

باس: ئەگەر ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش ئۆچىرىتى تىزىملىكىدە ئىسمىڭىز بولسا، سىزگە تېلفون كېلىدىكەن، ئاندىن، چوقۇم ئون ئىككى سائەت ئىچىدە مەلۇم جايغا ئۇچۇپ بارغىنىڭىزدىلا يۈرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرالايدىكەنسىز.

سپالدىڭ: سىز بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم خىتايغا بېرىشىڭىز كېرەك.

باس: (ئەزاغا ئېھتىياجىڭىز بولسا) خىتاي تەرەپ بىلەن ئالدىن كېلىشىپ قويۇش كېرەك.

سپالدىڭ: شۇنداق. يۈرەك كېسىلى دوختۇرى بىمارىدىن «سىزنىڭ ئالدىن كېلىشىپ قويىشىڭىز نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە باشلاپتۇ. نەتىجىدە شۇنى بايقاپتۇكى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلق ئازادلىق ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا ئاساسلىقى فالۇن گۇڭچىسى مۇرتلىرىنىڭ، بەزىدە ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ، بەزى ھاللاردا ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكى خرىستىئانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى بىمارلارغا تەمىنلەيدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئۇلارغا ماسلىشىش ماسلاشماسلىقىڭىزغا باغلىق ئىكەن. براۋ ئەزا كۆچۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ، ئۇلار «ئاھ خۇدا، مېنىڭDNA رىم تەكشۈرۈلدى، ئۇلار مېنى ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق تەكشۈردى» دېيىشىدۇ.

باس: خىتاي بۇنى مەھبۇسلىرىغا قىلغاندا مەھبۇسلار شۇنداق دېيىشىدۇ، شۇنداقمۇ؟

سپالدىڭ: شۇنداق.

باس: خىتاي دىنىي گۇرۇپپىلارغا قاتناشقان، ئوخشاش بولمىغان سىياسىي كۆز قاراشلارغا تەۋە بولغان مەھبۇسلارنى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى تەكشۈرىدۇ، ئۇلارنى ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئۇسكۇنىسى ئارقىلىق تەكشۈرىدۇ.

سپالدىڭ: شۇنداق. ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئۇسكۇنىسى ئارقىلىق تەكشۈررىلىدۇ.

باس: ئۇلار ھەربىر مەھبۇسقا مۇشۇنداق قىلىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ تاللىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن سىزنى ئىچكى ئەزا تاللىما غىزاسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سپالدىڭ: ھېلىقى يۈرەك كېسەللىكلىرى دوختۇرى بۇ خىل ئەھۋالنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇ ئۆزىمۇ دەل يەھۇدىيلار قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغان بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ناتسىستلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئوپئوچۇق كۆرۈپ يېتىپتۇ. مەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدە ئەخلاق مىزانى، ئىنسانىي قەدىر-قىممەت ياكى كىشىلىك ھوقۇق دەيدىغان نەرسە يوق دەپ قارايدىغانلىقىمنى سىزگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇلارنى بايان قىلدىم. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەمەلىيەتتە بىر يىرگىنىشلىك تەشكىلاتتىن ئىبارەت. بۇ خىتاي خەلقىنىڭ يىرگىنىشلىكلىكىدىن ئەمەس، بەلكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پەقەت ۋە پەقەت ھوقۇقنى ۋە كونترول قىلىشنىلا كۆزلەيدىغانلىقىدىندۇر. ماھىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، شۇ سەۋەبلىك ھېلىقى يۈرەك كېسەللىكلىرى دوختۇرى ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىگە بىز بۇنداق ئىشنى چەكلىشىمىز كېرەك دېگەن. دېمەك، سىز ئىسرائىلىيەدىن ئىچكى ئەزا قوبۇل قىلىش ئۈچۈن خىتايغا سەپەر قىلالمايسىز. ئىچكى ئەزا قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئىسرائىلىيەدىن باشقا ھەر قانداق دۆلەتتىن خىتايغا قاراپ يولغا چىقالايسىز.

باس: ئېنىق بىر نۇقتا شۇكى، ناۋادا سىز ئامېرىكادا ياكى ياۋروپادا بولسىڭىز، شۇنداقلا خىتايغا بېرىپ ئىچكى ئەزا قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئالدىن كېلىشىپ قويغان بولسىڭىز...

سپالدىڭ: بۇنى قىلالايسىز.

باس: بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەتلا ئۇلارغا تېلفون ئارقىلىق خەۋەر قىلىپ قويسىڭىز بولامدۇ؟

سپالدىڭ: شۇنداق. ئوپېراتسىيەگە ئازغىنە پۇل ياكى ناھايىتى كۆپ پۇل سەرپ قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇدۇل كەلگەندە شۇنىمۇ دەپ قويۇشۇم كېرەككى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىقتىسادىي كۆچىنى قېزىپ چىقىرىش تەجرىبىسى ئارقىلىق قانداق قىلىپ كوممۇنىزىمغا يەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشى ئەسلىدە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتكە ئېرىشكە بولغان ئىشتىياقى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىنى بىر-بىرىگە باغلىۋېلىشتىن كەلگەن. بۇ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى، شۇنداقلا جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىنتايىن ئۈنۈملۈك فورمۇلا ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۆتمۈشتە بۇنىڭ پاتنېتىغا ئېرىشكەن. خىتايلار بۇنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن:«ئۇنداقتا بىز ئالدى بىلەن ئىنتايىن تار بىر ساھەنى ئېچىۋېتەيلى. بىز سېنىڭ باي بولۇشىڭغا يول قويىمىز. بىراق، باشقا ساھەلەردە بىز ھەممىنى بەلگىلەپ بېرىمىز، قارارنى كوممۇنىستىك پارتىيە چىقىرىدۇ.»

باس: «تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، بىز بېيىتىشنى خالىغان كىشىلىرىمىزنى تاللاپ چىقىمىز، ئۇلار بىزنىڭ دېيىمىزنى چالىدىغان بولۇپ چىقىدۇ.» تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر قىسىم خىتاي لوبىچىلىرى ئامېرىكىلىق مىليونېرلار بولماقتا.

سپالدىڭ: توغرا. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان ۋە بىزنىڭ دۇنيانى قۇرۇپ چىقىشقا تىرماشقان چاغلىرىمىزغا قارايدىغان بولسىڭىز، بۇ خىلدىكى دېموكراتىيە پىرىنسىپىدا پۇقراۋىي ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق، قانۇنچىلىق ئىدىيىسى ۋە ئەركىن تىجارەت قاتارلىق ئىدىيىلەر بىر-بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن ئىدى. پەقەتلا ئەركىن تىجارەت ۋە يەرشارىلىشىشتىلا مۇشۇنداق بولۇپ قالماي، ئىچكى پىرىنسىپلىرىمىزدىمۇ بۇ ئاملىلارغا (ھۆرمەت قىلىنغان ئىدى) ۋە كىشى بۇلارغا قارىتا ئۆز ئالدىغا ھوقۇق چىقىرالايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قانۇنىمىزدا مەۋجۇت. ئاساسىي قانۇنىمىزنىڭ پەقەت بىر بېتىنىلا ئوقۇپ باقسىڭىز، تەبئىيلا «پاھ، مانا بۇ بىز ئېھتىياجلىق بولغان شەكىلدە دۇنيانى قۇرۇپ چىقىش ئەمەسمۇ» دەپ قالىسىز. خوش، دۇنيانى قۇرۇپ چىقىش ئىمتىيازىنى خىتاي ئۆتكۈزىۋالدى دەيلى، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغىنى پەقەت «ھەممە نەرسىنى بىر ياققا چۆرۈۋەت، بىز يەرشارىۋىيلاشماقچى» دېيىشتىن ئىبارەت.

باس: بىز ئەركىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىمىز، باشقا ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەت، دېمەكچى.

سپالدىڭ: بىز بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت بەرپا قىلىمىز، بۇ مەدەنىيەت پەقەت بېيىشنىلا مەقسەد قىلغان. ئاندىن بىز ئۇنى كونترول قىلىمىز (خىتاينىڭ مەپكۇرىسى مانا بۇ). سىز بۇنداق قىلغىنىڭىزدا، ئەخلاق مىزانلىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىسىز. كىشىلىك ھوقۇق ۋە پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىكىنى تارتىۋالغان بولىسىز. جياڭ زېمىن «فالۇن گۇمپىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز» دېگەن ئىدى. بۇنىڭ سۆز مەنىسىدىن قارىغاندا، فالۇن گۇمپىسى بىلەن شۇغۇللانغانلارنى جايلىۋېتىمىز، دېگەنلىكتۇر.

جياڭ زېمىن شۇنداق قىلغان چاغدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈچۈن پۇل تېپىش پۇرسىتىمۇ يارىتىلدى. ئۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغىنىدا «بىز بۇلارنى يوق قىلىمىز» دېدى، ئەمما، «بۇنىڭ باھانىسىدە پۇل تاپساق بولمايدۇ» دېگىنى يوق. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دېگىنىدەك قىلدى، ھەمدە يېڭى بىر تىجارەتنى ئىجاد قىلدى. ناۋادا سىز خىتايدا بىر تىجارەتنى قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيىگە، ھاكىمىيەتكە خىرىس بولمىغانلا تەقدىردە، نېمىلا قىلسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

مۇشۇ ھەقتىكى ئەڭ ياخشى مىساللاردىن بىرى دەل فېنتانىل. فېنتانىل دورا زاۋۇتلىرىدىن، يەنى كۆندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك دورىلارنى ياسايدىغان زاۋۇتلىرىدىن كەلگەن. خىتايدا بۇ زاۋۇتلار فېنتانىل ئىشلەپ چىقىرىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا لازىملىق دورىلارنى ياساشتىن سىرت، فېنتانىل ياساش ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئىشلەپچىقىرىش تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

باس: فېتانىلنىڭ قانداق خۇسۇسىيىتى بار؟ بىز بىر ئاز قېيىپ كەتتۇق. بەزى ئۇيغۇرلار قامالغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قايتايلى. ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرى نۆۋەتتە ئۈچ مىليون كىشى جازا لاگېرىغا سولانغان دەپ قاراۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقانلار توغرۇلۇق بىزنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان رەسىملىرىمىز بار، ئىسرائىلىيەنىڭمۇ، ياۋروپانىڭمۇ بار. مانا بۇ، تېخنولوگىيىنىڭ ئەجابىي تەرەپلىرىدىن بىرى. خىتايلار ئۇ يەردە جەسەت كۆيدۈرۈش ئورۇنلىرىنى ياساشقا باشلىغاندا، بۇ يەرگە يانداشتۇرۇپلا جازا لاگېرى ياسىسا، مەن بۇنىڭدىن خىتاينى ئىشلەپچىقىرىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەڭشەۋاتىدۇ دەپ قارىمايمەن. چۈنكى، ئۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇنى جەسەت بىر تەرەپ قىلىشتىكى ياخشى چارە بولۇپ قالىدۇ دەپ ئويلايدۇ. مەقسەدكە كەلسەك، ئامېرىكا نېمىشقا ئاتالمىش «ئىچكى ئەزا قوبۇل قىلىشى سەپىرى» گە چەك قويمايدۇ؟ غەرب ئەللىرى نېمىشقا ئىسرائىلىيە بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، بۇ ئىشنى چەكلىمەيدۇ؟ شۇنداقلا، نېمىشقا خىتاينىڭ ئورگان ئەتكەسچىلىكىگە ئوخشاش ئىشلىرى ئىزچىل ھالدا خەۋەرلەرنىڭ باش بېتىدىن ئورۇن ئالمايدۇ؟ «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇرلار سولانغان جازا لاگېرلىرى توغرۇلۇق كۆنلەپ خەۋەر بەردى. ئارقىدىن بۇ خىل خەۋەرلەر يوقاپ كەتتى. بىز نېمىشقا جازا لاگېرلىرى توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ توختالمايمىز؟

سىپالدىڭ: (خىتاي) خىتاي ئۆز خەلقىنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى كونترول قىلىشتىن سىرت، بۇ خىلدىكى ئىشلارغىمۇ ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىشتە مۇتەخەسسىسلىشىپ كەتكەن. جاھانغا نەزەر سالغىنىڭىزدا، تەسىر كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى دۆلەتنى كۆرىسىز. رۇسلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئاتوم جەمئىيىتى بەرپا قىلدى. ئۇلار خەلقنىڭ ئارىسىنى بۆلۈپ، قوشنىلار ئارا زىددىيەت چىقاردى. خىتاي كېلىپ، ئۆزى قىلىۋاتقان ھەر قانداق ئىشنى دۇنيادىن يوشۇردى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزى قىلغان ئىشنى مەخپىي تۇتۇش جەھەتتە تارىختىن بۇيان ئەڭ يۇقىرى پەللە ياراتقان تەشكىلاتلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزى قىلغان ھەممە ئىشنىنى مەخپىي تۇتىدۇ.

باس: دېمەكچى بولغىنىڭىز، خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيىسىنى مەخپىي تۇتۇشى توغرىسىدىمۇ؟

سىپالدىڭ: ھەر قانداق ئىشنى مەخپىي تۇتۇشنى دەۋاتىمەن. ھەتتا، بىزنىڭ ئىستىخبارات ساھەرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ نېمە پىلانلار قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشتىن ئىمكانسىز قالغان. چۈنكى، ئۇلار قىلغان ھەر قانداق ئىشنى مەخپىي تۇتۇشتىن ئىبارەت ناھايىتى ياخشى بىر سېستىمىغا ئىگە. ئۇلار قىلغان ھەممە ئىشنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پىرىنسىپى بويىچە قىلدى. سىز خىتايغا ۋە خىتاي خەلقىگە مۇناسىۋەتلىك نۇقتىئىينەزەرلەرنى كونترول قىلغىنىڭىزدىلا، ئاندىن قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزنى يوشۇرالايسىز، قىلىۋاتقانلىرىڭىز ئاشكارىلىنىپ كەتمەيدۇ.

باس: شەرقىي تۈركىستاندىكى مەخپىيەتلىكلەر بىزنىڭ سىن ئاپپاراتلىرىمىزنىڭ ئىشلەشكە ئامالسىز قالغانلىقىدىن بولدى.

سىپالدىڭ: شۇنداق.

باس: خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قورقۇنچى ئىزچىل ھالدا خوڭكوڭ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار خوڭكوڭدا نامايىشچىلارنى باستۇرماقچى بولدى. ئۇلار ماھىيەتتە خوڭكوڭنى يۇتۇۋەتمەكچى.

سىپالدىڭ: خوڭكوڭدا كامېرالار خىزمىتىنى قىلالىدى.

باس: خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا (مۇخبىرلارنىڭ) يوللىرىنى توسۇۋالدى. CNN شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشكە ئۇرۇندى.VICE مېدىياسى كىرىشكە ئورۇندى. خىتاي ئۇلارنى كىرگىلى قويمىدى. خىتاي ئۈچ

مىليون ئادەمنى ئومۇمىي جەھەتتىن تۇرمىلەردە يوشۇرۇپ قالالىدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزاسىنى كېسىۋالالىدى.

سىپالدىڭ: شۇنداق، ئەگەر سىز ئۇ يەرگە بارسىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ تېلېفوندا نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن تېلېفونىڭىزغا (نازارەت قىلىدىغان) يۇمشاق دېتال قاچىلاپ قويىدۇ. ئۇلار ئېلېكترونلۇق جەھەتتىن ھەم جىسمانىي جەھەتتىن ھەممە نەرسىگە چەكلىمە قويغان. (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە) ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ داكاۋ (دىكى ناتسىست يىغىۋېلىش لاگېرى) غا كىرگەن چاغدىكى كەچمىشلىرىنى ئەسلەپ بېقىڭ. ئۇلار باشتىن كەچۈرگەن، شاھىت بولغان قورقۇنچلۇق ئىشلار جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانغان، بۇ توغرىسىدا گەپلەر بولۇنغانىدى، ئەمما شۇ ۋاقىتتىمۇ كىشىلەر ناتسىستلارنىڭ ئۇ قەدەر رەزىل ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىدى. بۈگۈنكى (شەرقىي تۈركىستاندىكى) ئەھۋال شۇنىڭغا بەك ئوخشايدۇ.

باس: بىز يەنە فېنتانىل توغرىسىدىكى تېمىمىزغا قايتىپ كېلەيلى. مەن فېنتانىل ھەققىدىكى ئەھۋاللارغا نەزەر سالدىم، ئىلگىرىمۇ ئېيتقىنىمدەك، مەن بۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسى ئەمەس، ئەمما مەن مۇتەخەسسىسلەر بىلەن پاراڭلىشىپ باقتىم. بىز بۇلتۇر بىر يىلدا ئەپيۇن تۈرىدىكى نەرسىلەر سەۋەبلىك 75000 ۋەتەندىشىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بۇنىڭ ئىچىدىكى 48 مىڭدىن 50 مىڭغىچە كىشى فېنتانىل سەۋەبلىك ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئامېرىكاغا كىرگەن فېنتانىلنىڭ توقسان پىرسەنتتىن كۆپرەكى خىتايدىن كېلىدۇ. مۇشۇ شەكىلدە قىياس قىلىپ باقساق، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر يىلى غەرەزلىك ھالدا 40 مىڭ ئامېرىكالىقنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، يەنى ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدىغان دورىلارنى دۆلىتىمىزگە يۆتكەپ كېلىۋاتىدۇ. بىز تارىخىمىزدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق كۈن بولغان «11 – سېنتەبىر ۋەقەسى» سەۋەبلىك ئوتتۇرا شەرققە ئۇرۇش ئاچتۇق، بۇ ۋەقەدە ئۈچ مىڭ ئادەم ئۆلگەنىدى. ئەمما خىتاي يىلىغا بىزنىڭ 40 مىڭ ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، بىز بۇنىڭغا قارىتا نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز؟

سىپالدىڭ: ئۇلار يىلىغا 40 مىڭ ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا بولدى قىلىۋاتقىنى يوق. بىز بۇ ھەقتە ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىپ بېقىشىمىز كېرەك. ئۇلار 2001 – يىلى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندا نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ بىز 70 مىڭدىن ئارتۇق زاۋۇتىمىزدىن، ياسىمىچىلىق ساھەسىدىكى ئۈچ مىليون 400 مىڭ ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. شۇنداقلا بۇنىڭ ھەربىرىگە تۆتتىن توغرا كېلىدىغان ئاجىزلارنى قوللاش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان خىزمەت ئورنىدىن، يەنى جەمئىي 13 مىليوندىن ئارتۇق ئىش ئورنىدىن مەھرۇم بولدۇق. ئۇلار ئامېرىكانىڭ زاۋۇت – كارخانىلىرىنى، ئىش ئورنىنى تارتىۋالدى. شۇنداقلا، بۇ خىزمەتلەر سالامەتلىك سۇغۇرتىسى بار ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەتلەر بولغاچقا، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئامېرىكالىقلارنىڭ سالامەتلىك سۇغۇرتىسىنى تارتىۋالدى. ئۇلار يەنە ئامېرىكالىقلارنىڭ پېنسىيە پۇلىنىمۇ تارتىۋالدى. ئۇلار (ئاشۇ شەكىلدە) بۇ يەرلەرنى نامراتلاشتۇرۇپ، ئاندىن زەھەر سېتىپ، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق بولۇشىدا شى جىنپىڭ «ئامېرىكالىقلارغا فېنتانىل سېتىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگىنى يوق.

ئەمما، ئۇلار (خىتاي رەھبەرلىرى فېنتانىل ئەتكەسچىلىرى ۋە شۇلارغا ئوخشاش كىشىلەرگە) «خىتايلارغا خىزمەت پۇرسىتى چىقىدىغان، پۇل تاپالايدىغانلا ئىش بولسا، نېمە قىلىشىڭلار بىلەن كارىمىز يوق» دەۋاتىدۇ. سىزگە ئېيتسام، خىتايدا (بۇ ساھەدىكى) مەنپەئەت ئىنتىلىشى ناھايىتى كۈچلۈك، (خىتايدىكى) دورا ياساش شىركىتىنىڭ ساھىبلىرى فېنتانىل ياساپ، ئۇنى ئامېرىكاغا توشۇپ، تونناپ پۇل تېپىۋاتىدۇ. ئەمما، ھازىر ئىشنىڭ قىزىقى شۇكى، سىز بىزنىڭ زەھەر چەكلەش ئەمەلدارلىرىمىز بىلەن پاراڭلاشسىڭىز ـــ مەن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ باقتىم ـــ ئۇلار سىزگە «خىتايلار بىز بىلەن ھەمكارلىشىۋاتىدۇ» دەيدۇ. (بۇ گەپلەرگە بولغان ھەيرانلىقىمدىن) ئورۇندۇقىمدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالىمەن. مەن دېدىمكى، ئامېرىكاغا كىرىۋاتقان فېنتانىلنىڭ ھەممىسىنى خىتايلار يۆتكەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ بىر قىسمى يول باشلىغۇچىلارنىڭ ياردىمىدە جەنۇبىي چېگرا ئارقىلىق كىرسە، يەنە بىر قىسمى بىۋاستە پوچتا يوللانمىلىرى ئارقىلىق قولىڭىزغا تېگىدۇ. ياكى تابلېت ھالىتىدە كانادادىن كىرگۈزۈلىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايدىن كەلگەن. لېكىن، ئۇلار (ئامېرىكا زەھەر چەكلەش دائىرىسىدىكىلەر): «ئەھۋالغۇ شۇنداق، ئەمما بىز بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ <ھاي> دەپ بولغۇچە ئۇلار فېنتانىلنىڭ خىمىيەلىك تەركىبىنى ئۆزگەرتىپ بوپتۇ، ئەمدى ئۇ قانۇنلۇق نەرسىگە ئايلىنىپ بولدى» دېيىشىدۇ. «ئۇنداقتا، بۇنى قانۇنسىز دائىرىگە كىرگۈزۈپ چەكلەشنىڭ ئامالى بارمۇ؟» دەپ سورىسىڭىز، «بۇنىڭغا بىرەر يىلچە جەريان كېتىدۇ. لېكىن، سىزنىڭ يۈز – خاتىرىڭىزنى قىلىپ بىز بۇ ئىشنى ئالتە ئاي ئىچىدە پۈتتۈرىمىز. بىز بۇ نېمىلەردىن (خىتاي فېنتانىل ئەتكەسچىلىرىدىن) بىر قانچىنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە تاشلايمىز» دەيدۇ. ئەمما، ئۇلار ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن قايتىپ چىقىدۇ. دېگەندەك ئالتە ئايدىن كېيىن، ئۇلار «ھەي، بۇ نەرسىلەر ئەمدى قانۇنلۇق ئەمەس جۇمۇ!» دەيدۇ. ئۇلار (ئەتكەسچىلەر) يەنە دورىنىڭ رېتسېپىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما، ئۇلار (زەھەر چەكلەش دائىرىلىرى) «خىتايلار بىز بىلەن ھەمكارلىشىۋاتىدۇ» دېگىنى ئۈچۈن، بىز خىتايلار راستلا بۇ جەھەتتە بىز بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئەھۋالدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق.

باس: (مەنچە ئەھۋالدا) ئۆزگىرىش بار، (خىتايلارنىڭ دۆلەتىمىزگە قىلىۋاتقان فېنتانېل ئەتكەسچىلىكى) بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ماڭا تەتۈر ئەپيۇن ئۇرۇشىدەك تۇيۇلىدۇ (يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە ۋەكىللىكىدىكى غەرب خىتايغا ئەپيۇن يۆتكەپ ساتقان بولسا، نۆۋەتتە شۇنىڭ ئەكسى بولۇۋاتىدۇ دېمەكچى، ت).

سىپالدىڭ: بۇنى ھەقىقەتەن تەتۈر ئەپيۇن ئۇرۇشى دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۇلار (خىتايلار) بىلەن ئايرىم پاراڭلاشسىڭىز، ئۇلار چوقۇم بۇ گەپكە پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ گەپ ئۇلارغا يۇمۇرلۇق تۇيۇلىدۇ.

باس: ئاڭلىشىمچە، ئۇلار ئەپيۇنگۈلنىڭ گېنىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى يىلنىڭ يېرىمىدا ئۆسىدىغان ھالەتتىن، پۈتۈن يىل ئۆسۈپ تۇرىدىغان قىلغانمىش.

سىپالدىڭ: بۇنى مەنمۇ ئاڭلىدىم.

باس: بۇ گەپ تېخى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا مەلۇم بىر مېدىتسىنا ژۇرنىلىغا بېسىلدى. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، (خىتايدا) ئەپيۇنگۈلنى يىل بويى ئۆستۈرگىلى بولىدىغان قىلغاننىڭ ياقى ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان ھوسۇل (ئەپيۇن)نىڭ مىقدارى قىرىق پىرسەنت ئېشىپتۇ. مەن ئۇنىڭ (ئۆسۈش ۋاقتى تەڭدە تەڭ ئاشقان شارائىتتا) ھوسۇلىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر ھەسسە ئاشمىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. بەلكىم ئۇنىڭ قىشتا ئۆسۈشى قىيىنراق بولسا كېرەك. بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا، ئۇلار كىشىلىك ھوقۇقنى ياۋايىلارچە دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ئامېرىكاغا ھۇجۇم قىلغانلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىز فېنتانىلدىن ساقلانساق، شۇ تۇردىكى باشقا زەھەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتىمىز. ئۇلار بۇ يەردە تاشلاندۇق ماتېرىياللار بىلەن ياسىغان نەرسىلەر راك كېسەللىكىگە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. بىز خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قايسىلا تەرىپىگە نەزەر سالساق، ئىشلارنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. (ئامېرىكا – خىتاي ئارىسىدىكى) مەن كۆرگەنلىكى ئىشلار يامانلىشىۋاتىدۇ. (شۇنداق تۇرۇقلۇق)، سىزچە، بىز بىر دۆلەت سۈپىتىدە، نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىمىز كېرەك؟ ئەجەبا بۇ نوقۇل بىزنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكىمىز، ئاچكۆزلۈكىمىز، خىتاينى ۋە ئۇنىڭ بىر مىليارد 400 مىليون خەلقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن كۆزىمىزنى ئاچمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن «بىز بۇنداق رەزىل بىر ھاكىمىيەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلمايمىز!» دېمەيمىز؟ بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ بىز بۇ مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىشىمىز كېرەك؟

سىپالدىڭ: مەن نېمىشقا بۇ (رېئاللىق)نى تونۇپ يېتەلمەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرەي. بىز خىتاينى، ياكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى چۈشەنمەيمىز. 2002 – يىلى، مەن بىر خىتايچە ئاشخانىدا تۇنجى قېتىم تاماق يېگەنىدىم، مەن (تاماق يەپ بولۇپ) پۇل تۆلىگەندە «تەلەي پىرەنىكى»گە ئېرىشەلمىدىم. ئەينى چاغدا مەن «مېنىڭ تەلەي پىرەنىكىم قەيەردە؟» دەپ ئويلىدىم. مەن شۇ چاغقىچە «تەلەي پىرەنىكى»نىڭ خىتاينىڭ نەرسىسى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماپتىكەنمەن. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئامېرىكادىن

چىقىدىكەن، ئۇنى سان فىرانسىسكودىكى ياپونلار ياسايدىكەن. تۇيۇقسىزلا، بۇ نەرسە (تەلەي پىرەنىكى) ئامېرىكادىكى خىتايچە تاماقخانىلاردا مودا بولۇپ كەتتى .لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇ خىتاينىڭ نەرسىسى ئەمەس. بىزنىڭ خىتاي خەلقى ۋە خىتاي  كومپارتىيەسىگە بولغان چۈشەنچىمىز ھەققىدە، كىم بىزنى ئەسكەرتىشى كېرەك؟ خىتايشۇناسلار. خىتايشۇناسلار نېمە ئۈچۈن بىزنى خىتاي كومپارتىيەسى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرمايدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار خىتايغا بارسا ھەشەمەتلىك ساياھەتلەرنى قىلىدۇ، بۇنىڭ چىقىملىرىنى خىتاي كومپارتىيەسى تۆلەيدۇ. ئۇلارغا ۋىزىنى خىتاي كومپارتىيەسى بېرىدۇ. شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندا، بىلۇمبېرگ (Bloomberg) ئاگېنتلىقى ئۇنىڭ جەمەتىگە، ئۇلارنىڭ مال - بىساتىغا ئالاقىدار ئاجايىپ بىر ماقالىنى ئېلان قىلغۇىدى، مايكىل بلومبېرگقا «ئەگەر بۇ ئىشىڭنى توختاتمىساڭ، تور بېتىڭ بۇنىڭدىن كېيىن خىتايدا ئىشلىمەيدۇ» دەپ پوپوزا قىلىندى.

باس: دەرۋەقە، بىلۇمبېرگ تور بېتى بىر مەزگىل خىتايدا ئېتىۋېتىلدى.

سىپالدىڭ: شۇنىڭ بىلەن، بىلۇمبېرگ ئاگېنتلىقى تۇيۇقسىزلا خىتايغا ئالاقىدار خەۋەرلەر ھەققىدە ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. بىز يەرشارىلىششىنىڭ ۋال كوچىسى (دىكى  مالىيە گۇرۇھلىرى) غا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقساق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار پاي چېكى ياكى زايومدىن پايدا ئالىدۇ. بىلۇمبېرگمۇ ئۆز تور بېتىنى ئىشلىتىدىغانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەنچە مەنپەئەت تورتكىسىنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن باغلاش يالغۇز خىتايدىلا كۆچكە ئىگە ئىش ئەمەس. ئەھۋال بۇ يەردىمۇ (ئامېرىكادىمۇ)، ئافرىقىدىمۇ، ئاسىيادىمۇ شۇنداق. قىلىشىڭىز كېرەك بولغىنى قارشى تەرەپنى پۇل مۇئامىلە ياكى ئىقتىساد جەھەتتە غىدىقلاشتۇر. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز بويىچە ئىش قىلىدۇ.

باس: ئۇنداقتا بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشىمىز كېرەك؟

سىپالدىڭ: قانداق ھەل قىلىش كېرەك دېگەندە، بىر خىل ھەل قىلىش چارىسى بار. مەن فېنتانىلنى نەزەردە تۇتۇپ تۇرۇپ دەۋاتىمەن. يېقىندا فىلادېلفىيە ياكى بالتىموردىكى پورتتا بىر پاراخوتتىن تەخمىنەن يۈز مىليون دوللار قىممىتىدىكى فېنتانىل بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىم «ھەرقانداق پاراخوتتىن فېنتانىل بايقاپلا قالساق، ھەربىر كېمىنى قايتۇرۇۋېتىمىز. شۇنداقلا سېنىڭ كېمىلىرىڭ بىر ئايغىچە پورتقا كىرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بىز يەنە پاراخوتتىن چۈشۈرگەن ھەربىر ئەشيا ئۈچۈن **1000** دوللاردىن جەرىمانە ئالىمىز. ئەگەر بۇنداق ئىش تەكرارلىنىپ قالسا، جەرىمانە سوممىسى بىر ھەسسە ئاشۇرۇلىدۇ» دېدى.

باس: نېمە دەپ پاراخوتتىكى بارلىق مالنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كەلگۈدەك جەرىمانە ئالمايمىز؟ يەنى نېمە دەپ ترانسپورت شىركىتىگە بۇ سەۋەبلىك **100** مىليون دوللار تۆلىشىڭ كېرەك دېمەيمىز؟

سىپالدىڭ: ئۇنداق قىلاي دېسىڭىز، خىتاي سودا – سانائەت بانكىسىنىڭ نيۇيوركتا ناھايىتى ئېسىل بىر بىناسى ۋە نۇرغۇن مال – مۈلكى بار. سىز خىتاي كومپارتىيەسىگە ۋە ئۇنىڭ مال – مۈلكىگە، يەنى دۆلەتكە ـــ چۈنكى، خىتاي كومپارتىيەسى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك ھوقۇقى ئىگىدۇر ـــ  قارىتا جازا ئىجرا قىلماقچى بولسىڭىز، ئىشلار ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز بىر شىركەتنى ياكى شەخسنى ئېمبارگو قىلماقچى بولسىڭىز ـــ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز مۇشۇنداق قىلىشقا مايىل ـــ خىتاي «پەرۋايىمىز پەلەك» دەيدۇ. بۇ خۇددى ئۇلار فالۇنگۇڭچىلارنىڭ بەدەن ئەزالىرىنى ئېلىۋالغاندەكلا بىر ئىش. ئەگەر خىتايدىكى فېنتانىل ياسايدىغان بىر شىركەت ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سوتقا تارتىلسا، (خىتايلار ئۈچۈن) بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق.

باس: كىتابىڭىز ـــ دېمەكچى بولغانلىرىمىزنىڭ سەلبىي باھا دەپ چۈشىنىلمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن ـــ كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بىر يۈرۈش ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان ئىكەن.

سىپالدىڭ: شۇنداق.

باس: گەرچە بۇ كىتاب چوڭ بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر باب ئۆز ئالدىغا

ناھايىتى قىزىقارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىكەن، ھەربىر بابتا بىر مۇستەقىل ۋەقە بايان قىلىنىدىكەن. كىتابىڭىزنىڭ بىر بابىدا سىز خىتايلارنىڭ ئامېرىكادىكى ئۆزىگە قارشى پىكىردىكىلەرنى قانداق نازارەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن قانداق ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپسىز. خىتايلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

سپالدىڭ: مەن بۇ خىل ئىشلارنى تۇنجى قېتىم باشتىن كەچۈرگەندە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ باش شتاب باشلىقى گېنېرال فاڭ فېڭخۇي بىلەن بىرگە ئىدىم.

باس: ئۇ خىتايدىن ئامېرىكاغا كەلگەن ۋاقىتتىمۇ؟

سپالدىڭ: شۇنداق، مەن ئۇنى مارا لاگو (Mar-a-Lago) غىچە ئاپىرىپ قويغانىدىم. ئەينى چاغدا شى جىنپىڭ بىلەن پىرېزىدېنت ترامپ ئارىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق قوش تەرەپلىك يىغىن شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. مىئامىدىن نيۇيوركقا قايتىش سەپىرىمىزدە، مەن ئايروپىلاننىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇردۇم، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئايروپىلاننىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇردى.

باس: چىققىنىڭلار يولۇچىلار ئايروپىلانىمىدى؟

سپالدىڭ: شۇنداق، يولۇچىلار ئايروپىلانى ئىدى. ئايروپىلاننىڭ ئارقا تەرىپىدە كىشىلەرنىڭ خىتايچە پاراڭلىشىۋاتقىنى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

باس: سىز خىتايچە بىلىسىز.

سپالدىڭ: شۇنداق، مەن خىتايچە بىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىز پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ھال – ئەھۋال سوراشتۇق. مەن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنىڭ ئۇ يەر – بۇ يەرلىرىنىڭ داكا بىلەن تېڭىلغانلىقىنى، بەزى يەرلىرىنىڭ سۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سىلەرگە بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

باس: ئۇلارغا نېمە ئىش بوپتىكەن؟

سپالدىڭ: ئۇلار «بىز فالۇنگۇڭچىلارمىز، شى جىنپىڭغا قارشى نامايىش قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەلچىخانا ئادەم ئەۋەتىپ بىزنى ئۇرغۇزدى» دېدى.

باس: خىتاي ئەلچىخانىسى ئادەم ياللاپ، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە نامايىش قىلغانلارنى ئۇرغۇزغان؟

سپالدىڭ: شۇنداق. ھەر قېتىم خىتاينىڭ دۆلەت رەھبىرى ئامېرىكاغا كەلگەندە، مەسىلەن شى جىنپىڭ 2015 – يىلى 9 – ئايدا ئامېرىكاغا كېلىپ، ۋاشىڭتون ئالاھىدە رايونىدا پىرېزىدېنت ئوباما بىلەن كۆرۈشكەندە، خىتاي ئەلچىخانىسى ئامېرىكادا ۋىزا بىلەن تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا، سودىگەرلەرگە، يەنى خىتايلارنىڭ ھەممىسىگە كوچىلارغا چىقىپ شى جىنپىڭنى قارشى ئېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلغان. ئۇلار (شى جىنپىڭغا قارشى) نامايىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ بولۇپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇنداقلا، ئۇلار يەنە (خىتايغا قارشى) بىرەر قارشىلىق ھەرىكەتلىرى بولۇپلا قالسا، بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش ھەققىدىمۇ مەشىقلەندۇرۇلگەن. بۇ ئومۇمەن قارشىلىق قىلغانلارنى ئارىغا ئېلىپ دۇمبالاش شەكلىدە بولغان. بۇنداق بولغاندا قارشىلىقلار كىشىلەرنىڭ ئانچە دىققىتىنى تارتمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار (بۇنداق قىلىش ئارقىلىق) ئامېرىكادا كومپارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ.

باس: ئۇنداقتا، بىز فالۇنگوڭچىلارنى ئۇرغان بۇ كىشىلەرنى قولغا ئالدۇقمۇ؟

سپالدىڭ: ياق، قولغا ئالمىدۇق. بىزنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق قانۇنىي ھەرىكەت قوللانمىغانلىقىمىزدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئەسلى بىز ئوباما ھۆكۈمىتى مەزگىلىدىمۇ ZTE (خىتاينىڭ 中兴 شىركىتى) گە قارىتا ھەرىكەت قوللىنالايتتۇق، ئەمما دۆلەت مىنىستىرلىكى «بىز ئۇلارغا قانۇنىي جازا ئىجرا قىلساق بولمايدۇ. چۈنكى، بىز خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چاۋشىيەن مەسىلىسىدە، كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشىغا موھتاج» دەپ بۇنى رەت قىلدى.

باس: دېمەك، بىز ئاللىقانداق دىپلوماتىك نىشانلارغا يېتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خاتالىقلارغا يول قويىمىزمۇ؟

سپالدىڭ: شۇنداق، ھەرقانداق خاتالىققا (يول قويىمىز). چۈنكى، (بىزنىڭ نەزىرىمىزدە) بىز ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىمى، خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن بولغان «ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان» ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى

ساقلاش.ئەمما،ھېچكىم خىتاي كومپارتىيەسىدىكىلەردىن «سىلەر بۇ خىل ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزىشىدىغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە موھتاجمۇ؟» دەپ سوراپ باقمىدى. چۈنكى، (شۇنداق سوئال سورىلىپ قالسا)، ئۇلار «ياق، ياق، سىلەر دېگەن بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، سىلەر دېگەن بىزگە بىر ئەسىر زۇلۇم قىلغان سىنىپىي دۈشمەن» دېگەن بولاتتى.

باس: بۇ ھەقىقەتەن مۇھىم. چۈنكى، كىشىلەر بىز يەنە بىر قېتىم مەنپەئەت ئۈچۈن خىتايغا ئېگىلىشىمىز، ئۇلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، مىليونېرلاردىن تېخىمۇ كۆپ پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك دېيىشىدۇ. ئۇلار خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۇناسىۋەت ئورناتقىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن، خىتاي ئەمەلىيەتتە بىر پارازىت (يەنى ئۇ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنىڭ ئېنېرگىيەسىنى خورىتىپ تۈگىتىدۇ).

سپالدىڭ: بۇ ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئىش. ئۇلار «سېنىڭ دەۋاتقانلىرىڭ خاتا، چۈنكى خىتاي كومپارتىيەسىدە ئىسلاھاتچىلارمۇ بار» دېيىشىدۇ. ئۇلار شۇنى چۈشەنمەيۋاتىدۇكى، (خىتاي كومپارتىيەسىدىكى ئىسلاھاتچىلارمۇ (باشقا خىتايلارغا) ئوخشاش، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشىمايدۇ خالاس. ئۇلار سىزگە قاتتىق قوللارغا ئوخشاش ھاكاۋۇر مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئۇلار سىلىق – سىپايىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىي كۈچىنى يوشۇرۇپ، ۋاقىت ئۇتۇشقا تىرىشىدۇ. ئەنە شۇ رەۋىشتە، ئىش ئامېرىكا ۋەيران بولغانغا قەدەر كەينىگە سۆرۈلىدۇ. ئۇلار ھازىر دەل شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. ئەينى چاغدا بىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سىياسىتىمىزمۇ ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران قىلىش ئىدى.

باس: بىز ئىلگىرىمۇ بۇ ھەقتە توختالغانىدۇق. شى جىنپىڭ ستالىنىزمچىمۇ؟ چۈنكى، مەن ئۇنى شۇنداق دەپ ئويلايمەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ كومپارتىيەسىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ «بۈيۈك» كومپارتىيە ئىكەنلىكىگە، باشقا كومپارتىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكىگە ئىشىنىدۇ. ستالىنىنىڭ دەۋرىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاشۇنداق ئىدى. ئەگەر ئۇ (شى جىنپىڭ) راستلا ستالىنىزىمچى بولسا، بىز يەنە ئۇنىڭ بىلەن مۆلچەرلىگىلى، ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان، ئورتاق مەنپەئەت ئالىدىغان ھەمكارلىق ئورنىتالامدۇق؟ يەنى بىز (خىتايدىن) ئويلىغانلىرىمىزغا ئېرىشەلەمدۇق؟

سپالدىڭ: بىز شى جىنپىڭنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرايلى. چۈنكى، ئەگەر مەسىلە شى جىنپىڭدىلا بولسا، ئۇنداقتا خىتاينىڭ دۆلەت رەھبىرى ئالماشسا، ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتەمدۇ؟

باس: ئۇنداقتا بىز خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتالايمىز؟

سپالدىڭ: مەن **2014** – يىلىدىن **2016** – يىلىغىچە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىنى تەتقىق قىلىپ باققان. مەن بۇ ھەقتە نەچچە مىڭ بەتلىك ماتېرىياللارنى ئوقۇدۇم. مەن ئوقۇغان ماتېرىياللاردىن بىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ **2013** – يىلى تارقىتىلغان ئىچكى ھۆججىتى بولۇپ، كېيىن مەلۇم بىرەيلەن ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغانىدى. بۇ ھۆججەت «**9** – نومۇرلۇق ھۆججەت» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئەگەر سىز «كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسى» نى ئوقۇپ باقسىڭىز، بۇ (**9** – نومۇرلۇق ھۆججەت) نىڭ «كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسى» نىڭ دەل ئەكسى ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

باس: يەنى «كىشىلىك ھوقۇقسىزلىق قانۇن لايىھەسى»؟

سپالدىڭ: شۇنداق، «كىشىلىك ھوقۇقسىزلىق قانۇن لايىھەسى». مەزكۇر ھۆججەتتە ئۇلار «كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسى ئومۇمەن خىتاي كومپارتىيەسىنى يوقىتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن، بىز چوقۇم كوممۇنىزىمدا چىڭ تۇرۇشىمىز، ئۆز تېررىتورىيەمىزنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، چېگرا سىرتىدىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن. **5G** نېمىگە ئالاقىدار؟ بەيدۇ، ئەلى بابا، تېڭشۈن شىركەتلىرىنىڭ سودا ئەندىزىسىچۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخنىكا ۋە تىجارەت جەھەتتە خىتاينىڭ تىجارىتىنى ئاشۇ «**9** – نومۇرلۇق ھۆججەت» كە سىڭدۈرۈلگەن قىممەت قاراشلىرى بىلەن بىللە خىتاينىڭ سىرتىغا چىقىرالايدىغان قۇرۇلما ھاسىل قىلىش؛ ۋە بىزلەرنى پۇلنى دەپ، ئۆزىمىز خالاپ تۇرۇپ، پىكىر ئەركىنلىكىدىن ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئەلۋەتتە، ئاخىرىدا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاياغلىشىدۇ. چۈنكى، (بۇ خىل ئەھۋالدا) بىزمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى دۇچ كەلگەن قىسمەتكە دۇچ كېلىمىز. يەنى بىز ئاخىرىدا ۋەيران بولىمىز. بىزنىڭ ئاقىۋىتىمىز ئەنە شۇ.

باس: سىز «بەزىلەر ئامېرىكانىڭ ئەخلاق كومپاسى بار، شۇنداق بىر ئەھۋاللاردا، پۇل بىزنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىمىزنى ئېگىز – پەس قىلالمايدۇ» دېدىڭىز، بۇ كومپاس دەل شىمالنى (توغرا يۆنىلىش)نى كۆرسەتمىسىمۇ، شۇنىڭغا يېقىنراق تەرەپنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەجەبا، مۇشۇ «ئەخلاق كومپاسى» خىتاي كومپارتىيەسىنى توسالارمۇ؟

سپالدىڭ: بۇ ھەقتە، خوڭكوڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى دەل مۇشۇنداق. 1997 – يىلىدىن 2047 – يىلىغىچە بىر سىزىق سىزسىڭىز، 1997 – يىلى خوڭكوڭلۇقلار «2047 – يىلىغا بارغاندا، خىتاي كومپارتىيەسى ھازىرقى پېتى تۇرۇۋەرمەيدۇ» دەپ ئويلىغانىدى (يەنە خىتاي كومپارتىيەسى چوقۇم 1997 – يىلىدىكىدىن كۆپ ياخشىلىنىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى). ئەمما، سىز (مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان) ئاشۇ ۋاقىت سىزىقىنى سىزسىڭىز شۇنى پەرەز قىلالايسىزكى، خوڭكوڭلۇقلار <خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزگەرمىگۈدەك> دېگەن يەكۈنگە كەلگەن ھامان، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكىگە ئوخشاش بىر مۇھىتتا ياشاشقا قەتئىي رازى بولمايدۇ.

باس: يەنى خىتاينىڭ ئادەتتىكى بىر شەھىرى بولۇشقا (رازى بولمايدۇ)؟

سپالدىڭ: شۇنداق. كىشىلەر ئۇلاردىن سىلەر نېمىشقا خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن كېلىشەلمەيسىلەر؟ دەپ سورىشىدۇ.

باس: بۇ ئۆز نۆۋىتىدە «سىلەر نېمىشقا دېموكراتىيەدىن، ئىلگىرىكى ئەركىنلىكىڭلاردىن ۋاز كەچمەيسىلەر؟» دېگەنلىكتۇر.

سپالدىڭ: خىتايغا بارغىنىڭىزدا ـــ مەن ئۇ يەردە ئىككى يىل ياشىدىم ـــ سىز ئۇ يەردە ناھايىتى ئاسانلا پەردە ئارقىسىدىكى نەرسىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىسىز.

باس: دېمەك بۇ قەستەن شۇنداق لايىھەلەنگەن؟

سپالدىڭ: قەستەن شۇنداق لايىھەلەنگەن. بىز ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى چۈشىنەلمەيمىز. چۈنكى، ئۇلار قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەردازلايدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى زادى قانداق بىر تەشكىلات؟ ئۇ قانداق ئىش بېجىرىدۇ؟ (بىز بۇلارنىڭ ھېچقايسىنى بىلمەيمىز) ئۇ ئاشۇ جەمئىيەتتە ئۆزىنى ئوڭۇشلۇق نىقابلىيالىدى.

باس: مەن سۆھبىتىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. سىز ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تېلېگراف ساھەسى مۇتەخەسسىسى، شۇڭا ئەگەر باشقىچە پىكرىڭىز بولمىسا، غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكا 5G تورى بەرپا قىلماقچى بولۇۋاتقان نۆۋەتتىكىدەك ئەھۋالدا، خىتاينىڭ 5G تورى ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا مېڭىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىڭىزنى ئېيتىپ باقسىڭىز. ئۇلارنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» ھەققىدە قانداق پىلانى بار؟ ئۇلارنىڭ تېلېگراف ساھەسىدىكى تەرەققىياتى ۋە «زور سانلىق مەلۇمات» توپلاش ئەھۋالى قانداق؟ بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا بۇ ھەقتە نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئامېرىكا قانداق قىلغاندا بۇ رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقالايدۇ؟ 5G نېمە ئۈچۈن بۇنچە مۇھىم؟ بۇنى سورىشىمدا مەنچە نۇرغۇن ئادەم 5G تېخنىكىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر، يەنى (بۇ تېخنىكا باشقىلارنىڭ قولىدا بولغان تەقدىردە) ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت يەتكۈزگۈدەك دەرىجىدە مۇھىملىقىنى بىلمەيدۇ.

سپالدىڭ: (دۇنيادا) تېلېگراف تېخنىكىسىنى (ئەڭ ئاۋۋال) بىز تەرەققىي قىلدۇرغان، AT&T شىركىتىنىڭ بېل تەجرىبىخانىسى (The Bell Labs) ئەڭ ئىلغار تېلېگراف تېخنىكىلىرىنى ئىجاد قىلغانىدى. ئاندىن بىز بۇ ساھەدىن چېكىنىپ چىقتۇق، بۇ ساھەگە مەبلەغ سالماس بولدۇق. 1960 – يىللىرى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى داۋامىدا، بىز GDP رىمىزنىڭ ئىككى پىرسەنتىنى تەتقىقاتقا ۋە ئۇل پەن – تېخنىكا تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئاجراتقاندۇق. بۇ مەبلەغلەر بېل تەجرىبىخانىسىغا ئوخشاش شىركەتلەرگە ئاجرىتىلىپ، (شۇ شىركەتلەرنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن قولغا كەلگەن) تېخنىكىلار ئىقتىسادىمىزنىڭ شىددەت بىلەن كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولغان. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بىز بۇنداق قىلىشنى توختاتتۇق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز (دۆلەت قاتلىمىدا، بۇ ساھەدىكى) تەتقىقاتنى توختىتىپ، ئىشنى خۇسۇسىي شىركەتلەرگە تاشلاپ قويدۇق. دۆلەت STEM (ئىلىم – پەن، تېخنىكا، ئىنژېنېرلىق، ۋە

ماتېماتىكا) مائارىپىغا مەبلەغ ئاجراتماس بولدى. ئامېرىكالىقلارنى ئايغا چىقارغان ئاشۇ كىشىلەر دۆلەت مەبلەغ ئاجراتقان مائارىپتا تەربىيەلەنگەنلەر ئىدى. بىز ئىلگىرى STEM مائارىپىغا مەبلەغ ئاجرىتاتتۇق، ھازىر توختىتىۋالدۇق. ئۇلى مۇئەسسەسەلەرگىمۇ مەبلەغ سالماس بولدۇق، شۇڭا ھازىر دۆلەتلىك تاشيول سىستېمىمىزنىڭ بەش تىرىلىيون دوللارلىق قەرزى بار. بۇ سىستېما ۋەيران بولدى. بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە، دۆلەت تەرىپىدىن سېلىنىدىغان مەبلەغ توختىتىۋېتىلدى. بىز «خۇسۇسىي شىركەتلەر مەبلەغ سېلىشى كېرەك» دېدۇق. ئەمما، خۇسۇسىي شىركەتلىرىمىزنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇلار خىتايغا مەبلەغ سالدى، خىتايدا شەھەرلەرنى بەرپا قىلدى، تاشيول ياسىدى، تېلېگراف مۇئەسسەسەلىرىنى قۇردى، شىركەت قۇردى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول ياسىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلار «بىر بەلباغ بىر يول» نى قۇرۇۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ پۇللىرىمىز بىلەن قىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا خۇاۋېي شىركىتىنىڭ بۈگۈنكى ھالغا كېلەلىشىدە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بىل تەجرىبىخانىسىنىڭ پۈتۈن تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلىغانلىقى تۈرتكە بولغان. ئاندىن ئامېرىكا زور سوممىدا مەبلەغ سېلىپ، ئۇنىڭ زورىيىشىغا ھەمدەمدە بولغان. ئاقىۋەتتە ئۇ زورىيىپ ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى (دۇنيا مىقياسىدا) ساتالايدىغان ھالغا كەلدى. ئەگەر بىز تارىخنى كەينىگە قايتۇرساق، ئالېكساندىر خامىلتون (Alexander Hamilton، مىلادى 1757 – يىلىدىن 1804 – يىلىغىچە ياشىغان. ئامېرىكانىڭ تۇنجى مالىيە مىنىستىرى ۋە ئامېرىكا مالىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلغۇچى، ت) ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى تۈزگەن چاغدىلا بۇ نەرسىلەرنى ئويلاپ يەتكەن. سىز «ئاساسىي قانۇننىڭ 2- قوشۇمچە ماددىسىنىڭ مەقسىتى نېمە؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئالدى بىلەن، ئۇ (ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى داۋامىدا) قايسى ئىشلارنىڭ ئۈنۈمى بارلىقىنى، قايسى ئىشلارنىڭ ئۈنۈمسىز ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئەھۋالىغا ئالاقىدار بارلىق دوكلاتلارنى كۆرۈپ چىققان. ئۇنىڭ نىشانى ھەرقانداق شەخس، پارتىيە، تەشكىلات ياكى گۇرۇپپا مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە بولالمايدىغان بىر ھۆكۈمەت ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئىدى. ئۇ: «ئەگەر بىز بۇنداق قىلالمىساق، ھېچبولمىغاندا ئاشۇ خىل مۇتلەق كۈچ بىلەن تىركىشەلەيدىغان ۋاستىلەرنى پۇقرالارغا بېرىشىمىز كېرەك» دېگەن. ئەنە شۇ «ئاساسىي قانۇننىڭ 2- قوشۇمچە ماددىسى»دۇر. ئەمدى سىز بۈگۈن يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارغا، رۇسلار «زور سانلىق مەلۇمات» تەھلىلى، سۈنئىي ئەقىل ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق دۆلىتىمىزدە نامايىش پەيدا قىلغان (ۋە شۇ ئارقىلىق نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان) 2016 – يىلىدىكى پىرېزىدېنتلىق سايلىمىغا قارىسىڭىز، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ــ بولۇپمۇ 5G دەۋرىدە ــ شەخسكە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇنى ئېزەلەيدىغان ــ يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئېزىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنى كىمنىڭ ئېزىۋاتقانلىقىنى تۇيدۇرمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. يەنى، بۇ جەمئىيەت ئۆز فۇنكسىيەسىنى يوقىتىپ، قولىڭىزدا قورال بولۇش – بولماسلىقى بىلەن ئەركىنلىكىڭىزنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇش – بولماسلىقى ئارىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش قالمىدى. چۈنكى، (قولىڭىزدا قورال بولغان تەقدىردىمۇ) كىمگە قارىتىپ ئوق چىقىرىسىز؟ سىز «رۇسلار مېنى قوشنامنى ئېتىۋېتىشكە رىغبەتلەندۈردى» دېيىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، سىز (يۇقىرىدا دېيىلگەندەك تور ۋاستىلىرى ئارقىلىق، رۇسلار تەرىپىدىن) قوشنىڭىزنىڭ دۈشمىنىڭىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈلگەن. مانا بۇ بىز ياشاۋاتقان ۋە بىز لايىھەلىگەن رېئال دۇنيا. بىز دۇنيادىكى 4G تورىنى قۇرۇپ چىققان ئىككىنچى دۆلەت. ئامېرىكادىكى ئىككى شىركەت ئەندروئىد ۋە ئالما تېلېفون سىستېمىلىرىنى، يەنى بۇ ئىككى سۈپىنى ياساپ چىقتى. بۇلار ئەمەلىيەتتە خۇسۇسىي سانلىق مەلۇماتلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەسلىھەلەر ئىدى. بارلىق يۇمشاق دېتاللار ۋە سودا ئەندىزىسى بۇ سۇپىلاردا ۋۇجۇدقا كەلدى. بىز يەنە تۇنجى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفوننى ياساپ چىققان دۆلەت. ئەگەر بىز 2007 – يىلى Iphone بازارغا سېلىنغان ۋاقىتقا قايتساق، ئۆز ۋاقتىدا بازاردا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بەش شىركەت ئايرىم – ئايرىم ھالدا، Shell، Exxon Mobil، General Electric، AT&T ۋە Microsoft ئىدى. شۇنىڭدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى ۋاقىتقا قارايدىغان بولسىڭىز، بازاردىكى بەش چوڭ شىركەت Facebook، Google، Netflix، Amazon ۋە Microsoft قا ئايلاندى (يەنە ھازىرقى ئەڭ چوڭ شىركەتنىڭ ھەممىسى تور

ساھەسىدىكى شىركەتلەردۇر، ت). ئەمدى سىز ھازىردىن باشلاپ ئون يىلدىن كېيىنكى ۋە **5G** تورى ئومۇملاشقان ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىسىڭىز، **5G** دەۋرىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، بۇ دەۋردە سىز تېلېفونغا موھتاج بولمايسىز. چۈنكى، پۈتۈن ئەتراپىڭىزنى سانلىق مەلۇماتلار ئوراپ تۇرغان بولىدۇ. سىز بۇگۈن مېھمانخانىدىن چىقىپ، «ماڭا تاكسى لازىم» دېسىڭىزلا، كامېرا يۈزىڭىزنى رەسىمگە تارتىپ سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەلەيدۇ. چىراي تونۇش ئىقتىدارى سىزنىڭ ئېغىز شەكلىڭىزنى پەرقلەندۈرۈپ، مىكروفون ئاۋازىڭىزنى خاتىرىلەيدۇ – دە، تاكسى ئالدىڭىزغا كېلىدۇ، ئاندىن سىز تاكسىدا سەپىرىڭىزنى تاماملىغاندىن كېيىن ھېساب تالونىڭىز چىقىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى يۇقىرىقى مۇشۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئاندىن مەسىلەن، سىز، تۇيۇقسىزلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلىماقچى بولۇپ تىۋىتتېردا بىر نەرسىلەرنى يوللىسىڭىز، يەنە بىر قېتىم تالاغا چىقىپ تاكسى چاقىرغان ۋاقتىڭىزدا، تاكسى تاپالمايسىز.

باس: ھېچكىمنىڭ ئۇنداق بىر دۇنيادا ياشىغۇسى يوق.

سپالدىڭ: لېكىن، خىتاي ھازىر دەل مۇشۇ ھالەتتە. ئۇلار بۇ جەھەتتە بىزدىن كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئەگەر سىز بىر رېستورانغا كىرسىڭىز، كامېرا دەرھال سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى تونۇۋالىدۇ. ئاندىن مۇلازىم «باس ئەپەندى، مانا بۇ سىزنىڭ تاماقىڭىز» دەيدۇ. بۇنى **4G** بىلەن **5G** ئارىسىدىكى دۇنيا دېيىش مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن.

باس: **5G** نېمە ئۈچۈن بۇنچە مۇھىم؟

سپالدىڭ: چۈنكى، ئۇ بىر سۇپا. بۇ سۇپىدا يانفونغا ھاجەت قالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھېسابلاش بىلەن ئىنتېرنېت بىر گەۋدىلىشىپ كېتىدۇ. ئاندىن شۇ سۇپىدا يۇمشاق دېتاللار ياسىلىپ، كەسىپ ئەندىزىسى شەكىللىنىدۇ. نۆۋەتتە خىتاي دەل مۇشۇ سۇپىنى بەرپا قىلىۋاتىدۇ. خىتايدىكى بەيدۇ، ئەلى بابا ۋە تېڭشۈن شىركەتلىرى بىزدىكى **Google**، **Netflix**، **Amazon**، **Facebook** شىركەتلىرىگە ئوخشاش يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتتى. خىتاي ھازىر دۆلەت ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى رايونلاردا دۇنيادىكى تۇنجى **5G** تور سۇپىسىنى قۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە توقسان دۆلەت بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ بولدى. ئۇلارنىڭ بەيدۇ، ئەلى بابا، تېڭشۈن قاتارلىق شىركەتلىرى شۇ سۇپا ئاساسىدا يۇمشاق دېتال مۇلازىمىتى ۋە سودا ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈپ، خۇددى ھازىرقى **Facebook** قا ئوخشاش بازاردا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدۇ.

باس: دېمەك، خىتاي بۇ سانلىق مەلۇماتلارغا، يەنى ئۆزى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغان ئاشۇ توقسان دۆلەتنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئېرىشىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئاشۇ رايونلارنى كونترول قىلىدۇ.

سپالدىڭ: ئۇلار يەنە ئېلېكترونلۇق پۇل تۆلەش سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇنىڭدا ئۇلار مالىيە ئىشلىرى تەرتىپلىرىگە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنىمۇ كونترول قىلالايدۇ.

باس: پاھ! دېمەك ئەگەر ئۇلار ئاللىقانداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەر بىلەن بولغان تىجارەتتە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پۇلىنى قوبۇل قىلدۇرالىسا، ئۇلارنىڭ ئەسەبىيلەرچە باسقان پۇللىرى مۇشۇ جايلارغا ئىشلىتىلىدۇ دېگەن گەپ. ھازىرغىچىغۇ بۇنداق ئىش يۈز بېرىپ باققىنى يوق.

سپالدىڭ: شۇنداق، سىزگىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك ھەم سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىزدەك، ئۇلاردا (ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق سودا ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرغۇدەك مىقداردا) دوللار يوق. ئۇلار بىرەر نەيرەڭ ئويلاپ چىقمىغانلا تەقدىردە، مۇشۇ سەۋەبلىك ھەقىقىي تۈردە قەد كۆتۈرەلمەيدۇ.

باس: دۇنيا ھېلىھەم ئۇلارنىڭ پۇلىنى قوبۇل قىلمىدى. خىتاي پۇلى ئارقىلىق قىلىنىۋاتقان خەلقئارالىق سودا ئومۇمىي خەلقئارا تىجارەتنىڭ بىر پىرسەنتتىنمۇ ئاز قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

سپالدىڭ: تېگى – تەكتىدىن ئالغاندا، خەلقئارالىق تىجارەت، پۇل مۇئامىلە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھېچكىم خىتايغا ئىشەنمەيدۇ.

باس: شۇ ۋەجىدىن بىز ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، خىتاي-نىڭ بارلىق جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشىمىز ۋە خىتايدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ رىقابەتچىمىزنىڭ ماكرولۇق

پىلانىنى ئاشكارىلاپ، ۋال كوچىسىدىكى سەرخىللارنى ۋە مىلىيادىرلارنى «خىتايدا يوشۇرۇن سودا پۇرسىتى تولىمۇ كۆپ» دېگەندەك داۋراڭلارنى قىلىشتىن توسۇشىمىز كېرەك.

سپالدىڭ: روزۋېلىت ۋە چېرچىل بىزگە يولىمىزنى كۆرسىتىپ بەرگەن، بۇ ئىككى رەھبەر بىر يەرگە كېلىپ، دېموكراتىك پىرىنسىپ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئەركىن تىجارەت، ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىش هوقۇقى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلىرى قۇرۇپ چىقماقچى بولغان خەلقئارالىق تۈزۈلمىنىڭ ئۇل – ئاساسلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. هازىر دۆلەت سېكرېتارى پومپېئو ۋە دۆلەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن قوش تەرەپلىك كېلىشىم ھەققىدە سۆھبەتلىشىۋاتىدۇ. (ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمىزغا يەتكۈزۈۋاتقان ئۇچۇرى شۇكى) سىلەر بىز بىلەن ئىقتىساد، تىجارەت، پۇل مۇئامىلە، ئىنتېرنېت قاتارلىق ساھەلەردە پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن ھەمكارلىشىشىڭلار كېرەك. بولمىسا بىز بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقدىشىڭلار بولالمايمىز (يەنى ھەربىي جەھەتتە سىلەرگە ياردەم بەرمەيمىز، سىلەرنى قوغدىمايمىز). چۈنكى، سىلەر ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئۆزىمىزنى قوغداش ئىقتىدارىمىزنى ئاجىزلىتىۋېتىۋاتىسىلەر. هازىر پاراخوت ۋە تانكا بىلەن ھەپىلىشىدىغان دەۋر ئەمەس، سانلىق مەلۇماتلىرىمىزنى، شۇنداقلا تىجارەت ۋە پۇل مۇئامىلە سىستېمىمىزنى قوغداش گېئوپولىتىكىغا (رايون سىياسىتىگە) يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئاساسلىق ئامىلدۇر. گرېتسىيە ۋە (ھايتىنىڭ پايتەختى) پورت-ئوپرىنس گرېتسىيەنىڭ خىتايغا تۇتقان مەيدانىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەردى. گرېتسىيەلىكلەر بىزنىڭ قانچە دانە ئاۋىياماتكىمىز بارلىقىغا پىسەنت قىلمىدى. ئۇلار ئاللىقاچان ئۇ پورتنى سېتىۋەتتى.

باس: دېمەك، خۇلاسىلىگەندە، سىزنىڭ ماڭا ۋە پۈتۈن دۇنياغا ئېيتماقچى بولغانلىرىڭىز تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: خىتاي ئۈچ جەھەتتىن ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇلار ئۇچۇر ئۇرۇشى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە توردا جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىپ، جاسۇسلۇق قىلىپ ۋە ئۆزى خالىغان شەكىلدە تور هۇجۇمى قوزغاپ تور ئۇرۇشى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە بىز بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىزگە قورال-زەمبىرەكلەر بىلەن هۇجۇم قىلمىغان يېرىلا قالدى. لېكىن، سىزنىڭ قارىشىڭىزغا كۆرە، كېلەر قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى يۇقىرىقى ئۈچ ئۇرۇشنىڭ بىرى ياكى شۇ ئۈچىنىڭ بىرىكمىسى بولىدۇ. خىتاي (مۇمكىن بولسا) بىر پاي ئوق ئاتمايلا دۇنياغا خوجا بولۇشنى ئويلايدۇ. ئەمما، بىز بۇ رېئاللىقنى يېقىندىلا تونۇپ يەتتۇق. سىز بۇ ج ەھەتتە «دۆلىتىمىز (ئامېرىكا) يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئويغىنىشقا باشلىدى» دېمەكچىمۇ؟

سپالدىڭ: بىز ئەمدىلا ئويغاندۇق، ئېھتىمۇ چاتاق بولغىنى، ئۇرۇش ئىزچىل داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇرۇش شەكلى ئاللىقاچان ئۆزگەردى دەپ قارايمەن. ئۇرۇش شەكلى تۈپتىن ئۆزگىرىپ، ئاساسلىقى پۇل مۇئامىلە، ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە ئۇچۇرغا مەركەزلەشتى. ئۇچۇر شۇ دەرىجىدە مۇھىم بولۇپ قالدىكى، بىز دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيەسىدە «بىز دۆلەت مىقياسىدا بىخەتەر 5G تورى قۇرۇشىمىز كېرەك» دەۋاتىمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، هۆكۈمەت ئۆزىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى قوغداشقا ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماي ــ بۇ جەھەتتە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىمىز ۋە تېلېگراف ساھەسىدىكىلەر خېلى ياخشى خىزمەت قىلىۋاتىدۇ ـــ بىز يەنە سىزنىڭ (پۇقرالارنىڭ) سانلىق مەلۇماتىڭىزنىمۇ قوغدىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بۇ 21 – ئەسىردىكى بىر پۇقرانىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداشنىڭ كاپالىتىدۇر. بىز بۇلارنى ئايدىڭلاشتۇرغان ۋاقتىمىزدا، ئاندىن دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك هاۋا ئارمىيەسىگە، دېڭىز ئارمىيەسىگە، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگە ئىگە بولالايمىز. لېكىن، ئەگەر بىز پۇقرالارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى قوغدىيالمىساق، ئۇ چاغدا بىز بۇگۈنكى دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغدىيالمىغان بولىمىز.

هېكمەتيار ئىبراهىم، ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى

مەنبە: https://www.youtube.com/watch?v=oSnRZN9Pnpw




# ئۇيغۇر مۇنبەرچىلىكىنىڭ «ئاتامان»ى دىلشات پەرھات

دىلشات پەرھات ئاتامان خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جازا لاگېرلىرىغا سولانغان مىليونلىغان ئۇيغۇرلاردىن بىرىدۇر. ئۇ قۇرغان «دىيارىم» تورى ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر تورچىلىقىدىكى باشلامچى تور بەتلەردىن بىرى ئىدى. دىلشات ئاتامان باشلىچىلىقىدا 2000-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان دىيارىم تورى 2009-يىلى تاجاۋۇزچى خىتاي تەرىپىدىن تاقىۋېتىلگەنگە قەدەر ئۇيغۇر تىلىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلغان مۇھىم كۆزنەكلەردىن بىرى ئىدى. دىيارىم شىركىتىنى قۇرۇپ، دىيارىم تورىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا تىنىمسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ياش كارخانىچى دىلشات پەرھات 2009-يىلى يۈز بەرگەن ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى (5-ئىيۇل پاجىئەسى) دىن كېيىنكى بىگۇناھ خەلقنى تۇتۇپ يوقىتىش شامىلىدا ئون مىڭلىغان بىگۇناھ خەلق قاتارىدا تۇتقۇن قىلىنغان. ئۇ دىيارىم تورى ئارقىلىق «قۇتراتقۇ خاراكتېرلىك خەۋەرلەرنى تارقاتقانلىق» تۆھمىتى بىلەن 2009 يىلى -8-ئايدا، تويىغا ئۈچ كۈن قالغاندا قولغا ئېلىنغان.

دىلشات پەرھات تۇتقۇن قىلىنغاندا 27 ياشتا ئىدى. خىتاي دائىرىلىرى 2010-يىلى 7 - ئايدا دىلشات پەرھات ئۇستىدىن يېپىق سوت ئېچىپ، ئۇنى بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. دىلشات پەرھات ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئېچىلغان سوتتا «بۆلگۈنچىلىك» ۋە «چەتئەلدىكى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ، <توپىلاڭچىلار> غا ياردەم قىلىش جىنايىتى» بىلەن ئەيىبلەنگەن.

دىلشات پەرھات 2014-يىلى 8-ئايدا بەش يىللىق جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن. ئۇنىڭغا نورمال كىملىك رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلمىگەن. تاكى 2018- يىلى 6-ئايدا قايتىدىن تۇتقۇن قىلىنغانغا قەدەر ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلارغا بېرىشىغا يول قويۇلمىغان. ئۇ ھەتتا ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدىمۇ كىشىلەر بىلەن بولىدىغان نورمال ئالاقىسى ۋە تىرىكچىلىك ئىمكانلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇر بولغان.

ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى يۈز بېرىپ بىر يىلدىن كېيىن، خىتاي ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن تۇتقۇن قىلىنغان ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر تور بېكەت ساھىبى ۋە تور باشقۇرغۇچىلىرى ئۈستىدىن يېپىق سوت ئېچىپ، ئۇلارغا مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازالىرى ھۆكۈم قىلغان. مۇشۇ ئوتيۈرەك ياشلارنىڭ ھاياتى خەلقنى خىتايغا توختىماستىن سېتىپ بېرىش بەدىلىگە خىتاينىڭ مەركىزىگىچە ئۆسۈپ ھوقۇق تۇتقان مەشھۇر مىللىي مۇناپىق نۇر بەكرىنىڭ ئۇلارغا تۆھمەت ئارتىپ بايانات ئېلان قىلىشى سەۋەبلىك نابۇت بولغان.

**2010**-يىلى، **22**-ئىيۇل پەيشەنبە كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئېچىلغان سوتتا «دىيارىم» تورىنىڭ ساھىبى دىلشات پەرھاتنىڭ بەش يىللىق قاماق جازاسىغا، «شەبنەم» تورىنىڭ ساھىبى نىجات ئازادنىڭ ئون يىللىق قاماق جازاسىغا، «سەلكىن» تور بېتىنىڭ تور باشقۇرغۇچىسى ئوبۇلقاسىمنىڭ يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا، تور يازغۇچىسى نۇرئەلىنىڭ ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى مەلۇم بولغان.

ئەينى چاغلاردا «دىيارىم تورى»، باشقا بىر نەچچە نوپۇزلۇق تور بەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇچۇر، ئاخبارات ۋە مۇلاھىزە كۆزنىكى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. دىيارىم توردا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەر ۋە بەزى سىنلىق سۆھبەتلەر خەلقنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇشىنى بېيىتقان. ئۇيغۇر خەلقى ھەر خىل ئوي-پىكىرلىرىنى بايان قىلىش، ئىجادىي ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش ۋە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى قېرىنداشلىرى بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن دىيارىم، سەلكىن، شەبنەم قاتارلىق مۇنبەرلەرگە مۇراجىئەت قىلاتتى. دىيارىم قاتارلىق مۇنبەرلەر دىن، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا زور دەرىجىدە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن.

تور بىلەن ھەپىلىشىدىغان ھەممە ئۇيغۇر تاپقىنىنى تۆكىدىغان بۇ تور سۈپىتى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان ئىلغار پىكىر ۋە يېڭى يۈزلىنىشلەرگە چىداپ تۇرالمىغان خىتاينىڭ ئۇيغۇر تورچىلىقىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان دىلشات پەرھاتنى باشقا مەسلەكداشلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇتقۇن قىلغانلىقى خىتاينىڭ قورقۇنچاقلىق كېسىلىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاپ بەرگەن. خىتاي بىزنىڭ ھەر قانداق جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىمىزنى ئىزچىل توسۇپ، تەرەققىياتتا باشلامچى بولغانلارنى ھەر خىل باھانە ۋە تۆھمەتلەر ئارقىلىق تۇتۇپ، سولاپ، ئۆلتۈرۈپ كەلدى. ۋەتەندىكى سەرخىللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇتۇپ-سولاپ، ئۈنى ئۆچۈرۈلگەن، بىگۇناھ خەلقنىڭ ھاياتى ئەڭ يۇقىرى چەكتە نابۇت قىلىنغان مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتتە چەتئەلدىكى بەزى سەرخىللارنىڭ ئىتتىپاقلىق ئورنىغا گورۇھۋازلىق يولىنى، خىتاي قارشى مۇجادىلە ئورنىغا ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرۇش يولىنى تۇتۇۋالغانلىقى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. دىلشات پەرھاتقا ئوخشاش سانسىزلىغان ئوغۇل-قىزلىرىمىز بىزگە تەلمۈرىۋاتقان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئاھۇ-زارلىرىغا قۇلىقىمىزنى ئېتىۋېلىپ، يىغىن، ئولتۇرۇشلارغا قاتناشقاندىلا بېشىمىزغا كەلگەن پاجىئەلەرنى ھەل قىلماقچى بولۇپ سۆزلەپ قويۇش يولىنى تۇتۇۋېلىش نومۇسسىزلىق ۋە پەسكەشلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۈگۈن ھەممە پەسكەشلىك ۋە رەزىللىكنى خىتاي ۋە ئۇنىڭ سورۇنداشلىرىغا تاشلاپ بېرىپ، بەخت-سائادىتىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىش پەيتىدۇر. ھەق ئىگىلىرى كۈرىشىنى داۋام قىلىدۇ. زالىملار ئېچىنىشلىق ھالاك بولىدۇ.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى.



# تۆنجى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئاساسى ۋە يىلتىزى- خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

كۆپىنچە كىشىلىرىمىز خوجىنىياز هاجى قوزغىغان 1931 - يىلدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ پىلتىسى بولغان « شوپۇل ۋەقەسى » ، ئۇندىن باشقا ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز هاجىنىڭ ئارىسى بۇزۇلغان « جىمىسار ۋەقەسى » ھەمدە خوجىنىياز هاجى بىلەن شېڭ شىسەي ئارىسىدا 1933 - يىلى 4 - ئىيۇن ئىمزالىنىپ، ئاخىرىدا تۇنجى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بېشىغا چىققان « فۇكاڭ ( جىمىسار ) كېلىشىمى» توغرىلىق ئاز تولا ساۋاتقا ئىگە بولسىمۇ ، بىراق يۇقىرىقى هادىسىلەرنىڭ هېچبىرى بىلەن قەشقەردە قۇرۇلغان تۇنجى جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئىزاهلاپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك تۆمۈر سىجاڭنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ماجەنساڭنىڭ ماشاۋۇ بىلەن بىرلىشىۋېلىشى ئارقىلىقمۇ جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئىزاهلىغىلى بولمايدۇ . ئۇنداقتا قەشقەردىكى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئارقا تېرەك بولغان كۈچ زادى نەدە !؟ چۈنكى بۇ جۇمھۇرىيەت هېچقانداق چەتئەل دۆلىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەستىن ، بەلكى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇرۇلغان . يۇقىرىقى كۈچلەرنىڭ ھەممىسى بۇ دۆلەتنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولمىسا ئۇنداقتا جۇمھۇرىيەتنىڭ تۆھپىكارلىرى زادى كىم !؟ ئۇلار بۇندىن بۇرۇن قەيەرلەردە ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ؟

يۇقىرىقى سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا خوجىنىياز هاجى ۋە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن بىر قاتاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، شەرقتە كەڭسۇ - كۆكنۇر پاسىلىدىن غەربتە يىراق رۇس - ئافغانىستان چېگرىسىغىچە سوزۇلغان ، كۆلىمى هازىرقى تۈركىيە زېمىنى بىلەن تەڭلىشىپ قالىدىغان « خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نى قۇرغان ئاقساقاللار ۋە مەزكۇر دۆلەت ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ . شۇنىدىلا قەشقەردىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ تېزلا يىمىرىلىشى ، رۇس قوشۇنلىرىنىڭ بارچۇق ( مارالبېشى ) دا توختاپ قېلىپ ، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتنى ۋە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنى يوقىتىشى ۋە ئەڭ ئەشەددىي

دۈشمىنى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پاناھلىق تىلىشى ، ستالىننىڭ تۇڭگانلارنى 1934 - يىلدىن تاكى 1937 - يىلغىچە مەزكۇر خوتەن ئىسلام خانلىقى تەۋەسىدە ئۈچ يىل قانلىق قىرغىنچىلىق بىلەن ھەربىي مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا يول قويۇپ ، ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئارىسىدا مىللىي زىددىيەتنى كۈچەيتىۋېتىشى ، ئاخىرىدا ئۇيغۇرلار ۋە تۇڭگانلارنىڭ قايتا بىرلىشىۋېلىش خەۋپى تۇغۇلغاندا بىۋاستە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تانكا قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ، تاجاۋۇز قىلىپ ، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى قوراللىق باستۇرۇپ، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ كەلگەن شىېك شىسەينى قوللاپ، ئۆمرىدە ياپون دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئۆتكەن خوجىنىياز ھاجىنى « ياپونلارنىڭ قۇيرۇقى » دەپ تۆھمەت قىلىپ ئۆلتۈرۈشى قاتارلىق كىشىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان بىر قىسىم سوئاللارغا ۋە يېشىلمىگەن سىرلارغا جاۋاپ تېپىلىدۇ .

## 1 - خوتەن ئىنقىلابى ۋە ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت

ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك 1931 - يىلى مارتتىن باشلانغان قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئازاتلىق قوزغىلىڭى 1933 - يىلغا كەلگەندە پۈتۈن ۋەتىنىمىزگە كېڭەيدى.

1933 - يىلى 14 - فېۋرال كورلا بىلەن كۇچا، 1933 - يىلى 24 - فېۋرال قاراقاش،خوتەن، 1933 - يىلى ئاپرېلدا قەشقەر تەۋەلىرى، مايدا قەشقەر شەھىرى خەلقىمىزنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

خوجىنىياز ھاجى تۇرۇۋاتقان تۇرپان - قۇمۇل، ئالتاي - سانجى تەرەپلەردە ۋەزىيەت بەكلا كەسكىن بولۇپ، بىر تەرەپتىن ماجۇڭيىڭ بىلەن ھاجىمنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپ تۇرپان - قۇمۇللار تۇڭگانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئالتايسكى نامىدا قوشۇن كىرگۈزۈپ، ئىلى - ئالتاي ۋە تارباغاتايدىن جەنۇپقا قىستاپ كەلگەندى. شۇڭلاشقا ھاجىم بىرەر ھۆكۈمەت قۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا، 1933 - يىلى سوۋېتنىڭ ۋاستىسى بىلەن شىېك شىسەي بىلەن « جىمىسار پۈتۈمى» نى ئىمزالاپ، قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبقا چېكىندى. ماجۇڭيىڭ بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇمۇل - تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. نەتىجىدە 1933-يىلى ئاخىرىدا ئۈرۈمچىنى قورشىۋالدى. بىراق كۈتۈلمىگەندە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئالتاي تەرەپتىن ئەۋەتكەن قوشۇن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، يوقىلاي دېگەن شىېك شىسەينى قۇتقۇزۇۋالدى. يەنە بىر تارماق قوشۇن ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىۋاتقان جاڭ پېييۈەننىڭ ئۇۋىسى كۈرەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق بايلىقلىرىنى ئولجا ئېلىپ، قوراللىرىنى غەنىمەت ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان جاڭ يا ئالدىغا يا ئارقىغا ماڭالماي ئۆزىنى ئېتىۋالدى. ماجۇڭيىڭ بولسا قىزىل ئارمىيەگە تەڭ كېلەلمەي، كەڭسۇغا قاراپ قاچتى. ئەمما سوۋېتنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن بىر تۈركۈم زاپاس قوشۇنى تۇڭگانلارنىڭ تۇرپانغا چېكىنىش يولىنى توسىۋېلىپ، ئۇلارنى مەجبۇرىي كورلا تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ماجۇڭيىڭ تېخىمۇ تېز قېچىش ئۈچۈن كورلىدا داڭلىق سېۋىن ھېدىننىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىنى بۇلاپ، شۇ ئاپتوموبىللار بىلەن كۇچاغا قاراپ قاچتى.

بۇ چاغدا تارىم ۋادىسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ئومۇمىي ئەھۋالى، يەنى جەنۇبنىڭ ۋەزىيىتى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

تۆمۈر ئېلى (سىجاڭ) 1933 - يىلى فېۋرالدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، توقسۇندىن كەلگەن پىدائىيلار بىلەن كورلىغا تېگىش قىلدى. كورلا خەلقىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تېزلا غەلىبە قىلىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، پىدائىيلارنى باشلاپ غەرپكە يۈرۈش قىلدى. ئۇ قىسقىلا ئۈچ ئاي ئىچىدە تاكى مارالبېشىغىچە بولغان تارىمنىڭ شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلارنى قولىغا ئالدى. مارالبېشىدا تۇرۇۋاتقان 500 كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قىرغىز قوشۇنىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ، 5 - ماي قەشقەر شەھىرىنى ئالدى. نەچچە كۈندىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ توپ بېشى ئوسمان ئەلى «تۆمۈر غازى» نى قىزغىن قارشى ئېلىپ، قەشقەر شەھىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى.

« مادوتەي» تەسلىم بولۇپ، جېنىنى ساقلىدى.

بىراق قەشقەر شەھىرى ئەزەلدىن مۇرەككەپ بىر

جاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرنىڭ چوڭلىرى « ئەزىزانە قەشقەر بىر ھارۋىكەشنىڭ قولىغا قاپتىمۇ!؟» دەپ گەپ تېپىپ، ھەممىسى قايىل بولغۇدەك بىرنى باش قىلىپ سايلىيالمىغاچقا، تۆمۈر سىجاڭمۇ قەشقەردە لايىقىدا بىرەر ھۆكۈمەت قۇرالمىدى. 1931 - 1934 - يىللاردىكى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭلاردا خوتەننىڭ ئەھۋالى ئۆزگىچە ئىدى. يۇقىرىقى ئۈچ يىل ئىچىدە ھېچبىر تەرەپ قۇرالمىغان ھۆكۈمەتنى تۇنجى بولۇپ مۇشۇ خوتەن ئىنقىلابچىلىرى قۇرۇپ چىقتى.

## 2 - خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە قەشقەردە جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىش

ياڭ زېڭشىننىڭ 17 يىلغا سوزۇلغان نەيرەڭۋاز مۇستەملىكە سىياسىتى خەلقىمىزنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغاپلا قالماي ، مۇستەملىكىچى خىتايلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنىمۇ كۈچەيتىپ قويدى . 1928 - يىلى 7 - ئىيۇل ياڭ زېڭشىن ئۇرۇمچى رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىدە « گومىنداڭچى» يەن ياۋنەن قولىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي ھوقۇقنى قولىدا تۇتقان جىن شۇرېن « ياڭ جاڭجۈننىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى !» دېگەن شوئارغا تايىنىپ ، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان ئۆكتىچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ھوقۇق ئىگىلىدى . ئۇ بىر تەرەپتىن جاڭكەيشىگە خەت ئەۋەتىپ ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى سىياسىي تەقىپنى ئازراق يېنىكلىتىپ ، خەلقنىڭ قارشىلىق بېسىمىدىن ساقلانماقچى بولدى . بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئۇبدان دىققەت قىلىۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شۇ يىلى كۈزدە « چۆچەكتىكى مۇراد ئەپەندىدىن تەلىم ئالىمەن » دېگەن باھانىدە قەشقەر ، ئاقسۇ ، كورلا ، ئۇرۇمچى ۋە ئالتاي بىلەن چۆچەكنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ ، مۇراد ئەپەندىنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تەلىم ئېلىپ ، ئالىي شاھادەتنامە ئالدى. شۇ ئارىدا 1930 - يىلى غۇلجىدا سابىت داموللام بىلەن تېپىشىپ، مەسلەكداش بولۇپ قالدى . پىلان بويىچە سابىت داموللام 1931 - يىلى ھەج قىلغاچ ، ئىسلام دۇنياسىنى زىيارەت قىلىپ ، مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن يول ئالغان. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا خوتەنگە قايتىپ كېلىپ ، 1931 - يىلى ئىككى ئىنىسى بىلەن بىللە « مىللىي ئىنقىلابىي كومىتېت » قۇرۇپ ، شۇ ھامان بىر قىسىم ئوۋچىلارغا ئاچچىق تېغىدا تۆمۈر تاۋلىتىپ قارا مىلتىق ياسىتىپ ، قاراڭغۇ تاغدىكى ئۇجمە مازاردا ھەربىي مەشىق قىلغان. ئاندىن كېيىن سابىت داموللام بىلەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ۋەدىلەشكىنى بويىچە 1932 - يىلى دېكابىردا ئاخىرى جەم بولدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ كەلگەن سابىت داموللام « نۆۋەتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتىدە ھېچبىر دىنداش ياكى قېرىنداش دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى يوق ئىكەنلىكى، پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىشتىن باشقا يول قالمىغانلىقى» نى بايان قىلىپ، رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن قوزغىلاڭنىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقىنى باشلىغان.

قوزغىلاڭنىڭ ماددىي تەييارلىقىنى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا 1930 - يىلدىن بېرى ئاساسەن پۈتتۈرۈپ بولغان بولۇپ، مەخپىيەتلىك بالدۇر سېزىلىپ قالغاچقا، 1933 - يىلى 24 - فېۋرال جۈمە قوزغىلىپ، شۇ كۈنىلا قاراقاشنى قولغا ئالغان.ئاندىن نەچچە كۈن تەييارلىق قىلىپ، خوتەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، ھۆكۈمرانلار بەك قورقۇپ كېتىپ، تېزلا تەسلىم بولغان.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ما دوتەي ( ماشاۋۋۇ ) دەرھال يەركەن ۋە قاغىلىق ئامباللىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خوتەنگە ئەسكەر تارتتى. بىراق ئۇلار تېزلا بىتچىت بولۇپ، 1933 - يىلى مارتتىن ئاپرېلغىچە بولغان بىر ئاي ئىچىدىلا شەرقتە چارقىلىقتىن غەربتە يەكەنگىچە بولغان بىپايان زېمىن، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ بولۇپ ، مابۇفاڭ بېسىپ ياتقان كۆكنۇردىن رۇسىيە - ئافغانىستان پاسىلىغىچە سوزۇلغان ، تەخمىنەن ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى چوڭلۇقىدەك كېلىدۇ ، ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. نەتىجىدە شۇ يىلى 5 - ئاپرېل « خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ، مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ھۆكۈمەت رەئىسى بولۇپ « مېلىك ھەزرەت»، سابىت داموللام دىنىي داھىي بولۇپ « شەيخۇل ئىسلام»، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ھەربىي ئىشلار نازىرى

بولۇپ « ئەمىر ھەزرەت» دەپ ئاتالدى.

## 3 . شىڭ شىسەينىڭ تەختكە چىقىشى ۋە خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىۋېلىشى

شىڭ شىسەي 1933 – يىلى 4 – ئايدا ئۈرۈمچىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا ، جىن شۇرېن سىبىرىيە ئارقىلىق خىتايغا قاچقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ قېپقالغان بەزى قىسىملىرى شىڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلماي قارشىلىشىپ يۈردى . مەسىلەن ، ئىلىدىكى جاڭ پېييۈەن جىن شۇرېننىڭ بىر قىسىم قالدۇق ئەسكەرلىرىنى توپلاپ شىڭ شىسەيگە ئاشكارا قارشى چىقتى . 1933 – يىلى ماي ئايلىرىدا گۇچۇڭدىكى لى خەيرۇيمۇ شىڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلماي ، خوجىنىياز ھاجىغىمۇ قورال تاپشۇرماي ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلىپ يۈردى . خوجىنىياز ھاجى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ تەنپامۇڭ دېگەن يېرىدىكى ئۇزۇن قىر تاغ ئۈستىگە كەلگەندە ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا شىڭ شىسەيدىن يەنە تۇرسۇن بابا باشلىق بىر نەچچە ئادەم ۋەكىل بولۇپ كەلدى ، ئۇلار يەنە شۇ كونا گەپلەرنى تەكرارلىغان بولسىمۇ ، خوجىنىياز ھاجى « ياق » ياكى « ھە » دەپ جاۋاپ بەرمەي ، « ئويلىشىپ باقايلى » دەپ ۋەكىللەرنى قايتۇردى . بۇ چاغدا ما جوڭيىڭ گەنسۇدىن قۇمۇلغا كىرگەن ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئالدى مورى ناھىيىسىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى .

ما جوڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ ؟ ياكى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ ما جوڭيىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ ؟ دېگەن مەسىلە تۇرانتى . شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشەي دېسە ، شىڭ شىسەي قۇمۇل ، پىچان ، تۇرپان ، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغان جاللات . خوجىنىياز ھاجى قۇمۇل پىچانلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇدا ئىككى يىل ئۇرۇش قىلدى . ئۇنىڭ ئەمدىكى ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايتتى . خوجىنىياز ھاجى « ئۆتمۈشتە تۆمۈر خەلپە ئېزىلىشكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ، مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ‹ ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات › دەپ يالغان ئۆزرە قويۇپ ، تۆمۈر خەلپىنى ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئاپىرىپ يوشۇرۇن قەتلى قىلغان ، شىڭ شىسەي ‹جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدىم دەپ ، ھازىرقى قوزغىلاڭچىلارغا كۆچى يەتمەي ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرغىن قىلدى . ئەمدى ئۇ ، دىلىدىكى زەھەرنى يوشۇرۇپ ‹ شېكەر سۆزلىرى › ئوتتۇرىغا چىقارغىلى تۇردى . ئۇنىڭ جىن شۇرېندىن نىمە پەرقى بار بەرىبىر قارا ئىتمۇ ئىت ، ئاق ئىتمۇ ئىت . ئۇ ، مېنىمۇ سىلاپ – سىپاپ توزاققا چۈشۈرۈپ ، تۆمۈر خەلپىنىڭ كاللىسىنى ئالغاندەك كاللامنى ئالماي قالمايدۇ . ئۇنىڭ ھېلىدىن ھالۋا ياساپ قىلغان چىرايلىق سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ ، دەپ ئويلىدى .

ماجۇڭيىڭنىڭ جىمىساردىكى ئەسلىدە خوجانىياز ھاجى قوشۇنىغا مەنسۇپ قوراللارنى ئىگىلىۋېلىشى بىلەن ئەۋجىگە چىققان زىددىيەت ماجوڭيىڭ بىلەن خوجا نىياز ھاجىنى ئادا جۇدا قىلغان. شىڭ شىسەي بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ھال سوراش ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ۋەز ئېيتقان .شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىمۇ شىڭ شىسەيگە ئەلچى ئەۋەتىپ ، جىمىسار بىلەن فۇكاڭ ئارىلىقىدا شىڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشقان . كېيىن يەنە ، ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ ، فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ سەنتەي تاغ ئېتىكى ( قىزىل خورجا ) دېگەن يەردە شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن ۋەكىللەر بىلەن ئۇچراشتى . ۋەكىللەر شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىيتىنى بايان قىلىپ : « يېڭى ھۆكۈمىتىمىز كونا ھۆكۈمەتكە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ ، ( شىنجاڭدا) ھەر مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يۈرگۈزىلىدۇ . شەخسلەرنىڭ مال – مۈلكىگە دەخلى – تەرۇز قىلىنمايدۇ . شۇرالار ( سوۋېت ) ھۆكۈمىتى بىلەن ياخشى قوشنىدارچىلىق ئورنىتىلىدۇ » دېدى . ئاندىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىشى ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى : « سىز خوجىنىياز ھاجى پۈتۈن يۇرتقا ما جۇڭيىڭدىن قولۇمنى ئۈزۈپ ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەشتىم دەپ ئېلان قىلىڭ . سىزنى ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ بەر دېمەيمىز . ما جۇڭيىڭنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە قويۇپ بېرىڭ . سىز ماقۇل دېسىڭىز ، ھۆكۈمەت سىزنى « جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىش باش

قوماندانى » مەھمۇت مۇھىتىنى « شىنجاڭ ئاتلىق 6 – دىۋىزىيىسى » نىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىدۇ . سىلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلايسىلەر . ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئولجا ئالغان قوراللارنىڭ يېرىمىنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىدۇ . سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلارنىڭ بارلىق تەمىناتى ۋە لازىملىق قوراللىرىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالىدۇ » . خوجىنىياز ھاجى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مىللىي قوشۇنلارغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق ھەربىي ، مەمۇرىي ھوقۇقىقا خوجىنىياز ھاجى مەسئۇل بولۇش ، شۇنداق بولغاندىلا يۇقۇرىدىكى شەرتلەرگە ماقۇل بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . شېڭ شىسەي ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قوشۇلدى . خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆز قوشۇنلىرىغا ، تۇرسۇن بابا ، خۇسەيىن بار ۋە باشقا خىتاي، ئورۇس ۋەكىللەر شېڭ شىسەيگە ۋەكىل بولۇپ 1933 – يىلى 6 – ئاينىڭ 4 – كۈنى كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشتى .

بىر ھەپتىگە قالماي ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى ( تا . س . س ) « شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي تەرەپكە يۈزلەندى . ئۇلار جاڭ پېيىۈەن ، ما جۇڭيىڭلارنىڭ ئىسيانچى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى » دەپ خەۋەر قىلدى . دېمەك ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇ كېلىشىمنى ئاشكارا قوللىدى . ئەمىلىيەتتىمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىششى ئۈچۈن سوۋېت كىشىلىرى كۆپ خىزمەت ئىشلىگەن . شېڭ شىسەينىڭ ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ھەل قىلالمىغان ئىشى بۇ قېتىم جىمسار ۋەقەسى تۈپەيلى ئوڭايلا ھەل بولدى . خوجىنىياز ھاجى بىلەن باندىت ما جۇڭيىڭنىڭ بۆلۈنۈشى ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ خوجايىن مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىش جەھەتتىكى كۈچى پارچىلىنىپ كەتتى . شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسىنى سېلىۋالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭغا ، ما جۇڭيىڭ شېڭ شىسەيگە ئادەم ئەۋەتىپ سۆھبەتلىشىش باشلاندى .

شېڭ شىسەي شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى چېڭ شىچىڭنى ئۈرۈمچىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ ، ئۆزى 5000 ئەسكەر بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلاندى . يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ، خۇسەيىن باي ، مەنسۇر ، توڭباۋ قاتارلىق ئالتە كىشىنى « مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلساق » دەپ گۇچۇڭغا يەنى ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى . ئۇلار 1933 – يىلى 6 – ئاينىڭ 5 – كۈنى گۇچۇڭغا بېرىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلەشتى . ما جۇڭيىڭ ياڭ فۇچىڭ دېگەن ۋەكىلنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى . ئۇ ، 6 – ئاينىڭ 7 – كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ ، 8 – كۈنى شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشتى . شېڭ شىسەي شۇ كۈنى كەچتە روزى ھاجىنىڭ ئۈرۈمچى شىخابادىكى بېغىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ، ياڭ فۇچىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى . شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش سىلىڭى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ( بۇ ئېنىقلا ماجۇڭيىڭنىڭ قولى بىلەن خوجىنىياز ھاجى، تۆمۈر سىجاڭ ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىنى بىراقلا يوقىتىش سۈيقەستى ئىدى . ۋەھالەنكى تېخى تۆت كۈن بۇرۇن شېڭ شىسەي ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىنى خوجىنىياز ھاجى ئىدارە قىلىدۇ دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى ) ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىلى : شېڭ شىسەي رەئىس بولسا، ما جۇڭيىڭ دۇبەن بولۇپ قوراللىق كۈچنى باشقۇرسا ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇلارنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىغاچقا ، سۆھبەت مەغلۇپ بولغان. نەتىجىدە 12 - ئىيۇن ئۇرۇش باشلانغان. 15 - ئىيۇن مەغلۇب بولغان ماجۇڭيىڭ قالدۇق ئەسكىرى بىلەن تۇرپانغا چېكىندى.

## 4 - خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى بىلەن تۆمۈر سىجاڭ ئوتتۇرىدىكى سۈركىلىشلەر ۋە مالىمانچىلىق

خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر قاتار مۇكەممەل تەرتىپ ئورنىتىپ، شەرقتە چارقىلىقتىن غەربتە يەكەنگىچە بولغان كەڭ زېمىندا نىسپىي تىنچلىق دەۋرى ياراتقان . مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ چوڭ ئىنىسى ئەسكەر تارتىپ ، يەركەن كونىشەھەرنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن « شامەنسۇر » دەپ ئاتالغان. ئەمما يەركەن كونىشەھەرنى يېڭىلا ئازاد قىلىپ يېڭىشەھەردىكى مادوتەي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان « شامەنسۇر » بىلەن يەركەندىكى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا « تۇڭگانلار » ھەققىدە زىددىيەت پەيدا بولغان . چۈنكى ، خوتەن ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپلا ، تۇڭگانلارنىڭ 1860 - يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە ئەجەللىك زىيان سالغانلىقى ، ھەمدە ياڭ زېڭشىننىڭ « ما تىتەي » ، « ما شاۋۋۇ » ۋە « لى شۇفۇ » دەك دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان مۇناپىقلار ئارقىلىق سېيت نوچى ، تۆمۈر خەلپە ۋە ئابدۇقادىر داموللامدەك خەلقىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى سەركىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر زىيان سالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، تۇڭگانلارنى ھاكىمىيەتكە ۋە ئارمىيەگە يېقىن يولاتماسلىق قارارنى چىقارغان ئىدى . ئەمما بۇ تەشەببۇس يەركەندە ، كېيىنچە قەشقەردىكى تۆمۈر سىجاڭ تەرەپدارلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. شۇڭلاشقا سابىت داموللام قەشقەرگە تېزدىن يۈرۈش قىلىش توغرىلىق چىڭ تۇرۇپ ، ئاخىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى قايىل قىلغان . ئۇ ئالدى بىلەن يەركەندىكى ئىشلارنى ھەل قىلغان.

1933 - يىلى 7 - ئايدا سابىت داموللام يەركەن ۋە خوتەن ئىنقىلاپچىلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ئۇتتۇقلۇق ھەل قىلىپلا، قەشقەرگە قاراپ يول ئالغان. تۆمۈر سىجاڭ ئالدى بىلەن شاپتۇل داموللىنى ۋەكىل قىلىپ يەركەنگە ئەۋەتكەن . ئەمما شاپتۇل داموللا يەكەندە « ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت قۇرىمىز دېگىنى نېمىسى !؟ ئۇلار ما جەنساڭغا تەڭ كېلەلەمدىكەن!؟» دەپ سابىت داموللام بىلەن خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان . نەتىجىدە شامەنسۇر شاپتۇل داموللىنى قاماپ قويغان . بۇنى ئاڭلىغان تۆمۈر سىجاڭ ئۆزى بىۋاستە قەشقەردىن يېڭىسارغا كېلىپ، شاپتۇل داموللىنى سوراپ ئېلىپ ، سابىت داموللامنىڭ قەشقەرگە ھازىرچە كىرمەسلىكىنى، يېڭىسارنى چېگرا قىلىپ بەلگىلەشنى تەلەپ قىلغان. بىراق سابىت داموللام قەشقەرگە كىرىشتە چىڭ تۇرغان. نەتىجىدە تۆمۈر سىجاڭ بۇنىڭدىن بەك خاپا بولۇپ قالغان. سابىت داموللام ئەمىر ھەزرەتنىڭ ئىككى ئىنىسى ۋە ئىككى مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. شەھەر سىرتىدا ئوسمان ئەلى، سىتىۋالدىجان قاتارلىق قەشقەر چوڭلىرى ئون مىڭلىغان ئاۋام بىلەن داموللامنى داغدۇغىلىق قارشى ئالغان.

ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەردىكى ماجۇڭيىڭنىڭ خادىمى چولاق مازىخۇي قەشقەردىكى پۈت تېپىشىشتىن ئايدىلىنىپ، دەرھال تۆمۈر سىجاڭ تەرەپدارى بولۇۋېلىپ، باشقا ھەربىي كۈچلەرنى سىقىپ چىقىرىشقا باشلىغان. شاپتۇل داموللا قاتارلىق بىر نەچچە كىشى تۆمۈرگە سابىت داموللامنى چېقىشتۇرۇپ، خوتەن قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، يەركەنگە قايتۇرىۋەتكەن. سابىت داموللام بىلەن ئىككى ئەمىرنى تۇتقۇن قىلىپ، نەزەربەنت قىلغان.بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان ئوسمان ئەلى قوشۇنىنى باشلاپ تاغقا چىقىپ كەتكەن. تۆمۈر سىجاڭ تۇڭگانلارنى ئوسماننى قوغلاشقا ئەۋەتىپ، ئارقىدىن ئۆزى نازارەت قىلغىلى چىققان. بىراق تۇڭگانلار شەھەردىن ئۇزاقلاپ كەتكەن تۆمۈر سىجاڭنى 8 - ئاۋغۇست چارشەنبە كۈنى توغراق مازاردا ئېتىپ تاشلاپ، كەينىدىنلا قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، خەزىنىدىكى بارلىق بايلىقلار ۋە ھۆججەتلەرنى يېڭىشەھەرگە ئېلىپ كەتكەن.

شۇ كۈندىكى مالىمانچىلىقتا سىتىۋالدىجان سابىت داموللام بىلەن ئەمىرلەرنى قۇتقۇزۇپ چىققان. ئەمىرلەر يەركەنگە قايتىپ قوشۇنىنى تەرتىپكە سالغان. سابىت داموللام بىر قىسىم ئىنقىلاپچىلار بىلەن بىللە ئاتۇشقا چېكىنىپ، ئوسمان ئەلىگە ئادەم ئەۋەتكەن. نەتىجىدە سابىت داموللام بىلەن ئوسمان قىسىملىرى 15 - ئاۋغۇست قەشقەر شەھىرىنى قايتۇرۇۋالغان.

## 5 - جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىش ، تۇڭگان ماجۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش ۋە يىمىرىلىش

كېيىنكى ئۈچ ئايدا قەشقەر ۋەزىيىتى بەكلا مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. سابىت داموللامىنىڭ ئىناۋىتى تېز ئۆسۈپ، باشقا ئاتامانلار ھەتتا ئۆز قوشۇنىنى تىزگىنلەشتىنمۇ مەھرۇم قالغان. ھەممە بىردەك دامولامىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا بويسۇنغان. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر دامولام جۇمھۇرىيەتنى خوتەندىكى ئەمىر ھەزرەت ۋە كورلىدىكى خوجىنىياز ھاجىغا ئالدىن مەسلىھەت سېلىپ، پىكىر بىرلىكىگە كەلمەي تۇرۇپلا شۇ يىلى 12 - نويابىر ئېلان قىلغان.

1934 - يىلى 1 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي روزا ھېيت كېلىپ، پۈتۈن قەشقەر ھېيت شاتلىقىغا چۆمگەن بىر پەيتتە، يەنى بارلىق قوشۇن روزا ھېيت نامىزىغا تۇرغان چاغدا يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلار قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرگەن. قاتتىق غەزەبلەنگەن ئامما مۇسۇلمانلىق ئەخلاقىدىن ئەسەر قالمىغان بۇ تۇڭگانلارنى چېكىندۈرۈپ، قايتا يېڭىشەھەر سېپىلىغا ھەيدىۋەتكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ، يېڭىشەھەر ئۇرۇشى تېخىمۇ كەسكىن باسقۇچقا ئۆتۈپ، تۇڭگانلار تەسلىم بولماقچى بولغان. بىراق ئۇلارنىڭ بىر قاسساپ سىياقلىق جاسۇسى قەشقەردىن « ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەر تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى»نى مەلۇم قىلغان. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان تۇڭگانلار گېپىدىن يېنىۋېلىپ، تېخىمۇ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئاخىرى مەھمۇت مۇھىتى تۇڭگانلارنى پۈتۈن بىر كۈن ھالسىرىتىپ، چارچىتىپ، ئاندىن شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە سېپىلغا يامىشىپ چىقىپ، سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىش پىلانى تۈزگەن. بىراق ئون نەچچە ئەسكەر ئەمدىلا سېپىلغا چىقاي دېگەندە، سەپنىڭ پەستىن « نامەلۇم بىر خائىن» تۇيۇقسىز بىر پاي ئوق چىقارغان. بۇنىڭدىن چۆچۈپ ئويغانغان تۇڭگانلار دەرھال ئوق چىقىرىپ، كۆپلىگەن يىگىتلەرنى شېھىت قىلغان. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار كېچە - كۈندۈز پوستتا تۇرۇشنى يولغا قويغان. نەتىجىدە يېڭىشەھەرنى ئېلىشنىڭ ئالتۇن پۇرستى قولدىن كەتكەن.

ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇمچىدىن ئۇدۇللا قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن ئەمىر ھەزرەت چوڭ ئىنىسى بىلەن نەچچە يۈز سەر خىل ئەسكەرنى بۈگۈرگە ئەۋەتىپ، ئەپلىك بىر جايدا كورلىدىن كېلىۋاتقان تۇڭگانلارنىڭ يۈرۈش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش ئۈچۈن يولغا سالغان. چۈنكى ئاددىي قوراللار بىلەن قوراللانغان دېھقان يىگىتلىرى ماجۇڭيىڭنىڭ رەسمىي زامانىۋى قوراللانغان گومىنداڭ 36 - دېۋىزىيىسىنى چېكىندۈرۈشى مۈشكۈل ئىدى. ھەتتا سوۋېت ئارمىيىسىمۇ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشتا زور چىقىمغا ئۇچرىغانىدى. ناۋادا ھاۋا ئارمىيىسى كەلمىگەن بولسا، تېخىمۇ چىقىم تارتاتتى. ئۇلار تۇڭگانلارنى بۈگۈردە، كۇچادا، ئاقسۇدا، ئۈچتۇرپاندا، مارالبېشىدا، ئاخىرىدا پەيزاۋاتتا كېچىلىرى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈرۈشىنى ئاستىلىتىپ، قورقۇنچىنى كۈچەيتتى.

بۇ ئىشلار كېيىنچە تۇڭگانلارنىڭ يېڭىساردا ۋەھشىيلىك قىلىشى، خوتەننى ئۈچ يىل بېسىپ يېتىشى جەريانىدا تالاي كىشىلەرنى يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن قىرىپ تاشلاشقا سەۋەب بولدى.

1934 - يىلى 6 - فېۋرال قەشقەر شەھىرى قولدىن كەتتى. ئەتىسى بىر قىسىم ئۆزبېك قىسىملىرى شەھەر ئىچىدە تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقاچقا، شەھەر ئىچىدە يوشۇرۇن قوشۇن بار ئىكەن دەپ گۇمانلانغان تۇڭگانلار ئۈچ كۈن قەتلىئام پەيدا قىلىپ، ئون مىڭدەك مەسۇم خەلقنى قىرىپ تاشلىغان.

1934 - يىلى 14 - فېۋرالدىن باشلاپ ئۇلار يېڭىسارغا ھۇجۇم باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسى تۆت بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىم باشلىق بىر قىسىم قوشۇن ئېغىر مەغلۇپ بولۇپ، ئازراقلا ئادىمى بىلەن سوۋېت چېگرىسىغا بېرىۋالغان. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى مەھمۇت مۇھىتى ئاساسلىق كۈچىنى يېڭىسارغا يۆتكەپ، ئىككى ئەمىر بىلەن شەھەر سېپىلىنى قوغداپ تۇرغان. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەڭ سەرخىل قىسمى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن پېشقەدەم قوراللىق ئەسكەرلەر باش شتاپ باشلىقى يۈسۈپچان قۇربېشىنىڭ قوماندانلىقىدا تۇڭگانلار بىلەن

ئۇرۇشۇپ، تەڭ كېلەلمەي تاشمىلىققا چېكىنىپ كەتكەن. سابىت داموللام بىر قىسىم ئەسكەرلەر بىلەن يەركەنگە يېتىپ كېلىپ، دۆلەتنىڭ ئاپپاراتلىرىنى يەركەندە قايتا ئىشقا كىرىشتۈرگەن. خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قىسىملىرى بولسا يەكەن ۋە يېڭىساردا قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، **40** كۈنلەپ تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپتىن ئەركەشتامدىكى خوجىنىياز ھاجىغا جۇمھۇرىيەتنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈشكە قىستىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۇڭگانلارنى يېڭىسارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتكەن.

نەتىجىدە **1934** - يىلى **26** - مارت قۇربان ھېيت كۈنى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۇيغۇرلار ھېيت نامىزى ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سېپىلنى ئىگىلىۋېلىپ، دەھشەتلىك قوچاقلاشما جەڭ ئارقىلىق يېڭىسارنى ئىشغال قىلغان. ئەمىر نۇرئەھمەد (ئەمىر ساھىب) بىلەن ئاكىسى ئەمىر ئابدۇللا ( شاھ مەنسۇر) بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پۈتۈن قوشۇنى بىلەن شېھىت بولغان. گەرچە مامۇت سىجاڭ كۆپ كۈچىگەن بولسىمۇ، بىراق تۇڭگانلارنى چېكىندۇرەلمىگەن.

بىر كۈن بۇرۇن قورشاۋنى بۆسۈپ،سېپىل تۈۋىگە كېلىپ، ئىككى ئەمىرنى يەركەنگە چېكىنىشكە دالالەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ھايات - ماماتتا يېڭىسار خەلقى بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى توغرىلىق قەسەم قىلغانلىقىنى ئېيتىپ رەت قىلغان. بۇ جەرياندا تاشمىلىقتىكى يۈسۈپچان زادىلا ياردەمگە كەلمەي، مەزكۇر پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولغان.

ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجى سوۋېت تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان **12** ماددىلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويۇپ، يەكەنگە قايتقان. ئەمىر ھەزرەتمۇ يەكەندىكى مەھمۇد سىجاڭدىن ئىنىلىرىنىڭ پۈتۈن قوشۇنى بىلەن يېڭىساردا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تېزدىن بىر قىسىم سەرخىل ئەسكەرلىرى بىلەن يەركەنگە كەلگەن.

سوۋېتنىڭ بېسىمى، تۇڭگانلارنىڭ تەھدىتى، سەۋىيە ۋە خۇي - مىجەز پەرقى تۈپەيلىدىن رەھبەرلەر يەركەندىكى ھەپتىلىك كېڭەشتە زادى بىرلىككە كېلەلمەي ئارىسى بۇزۇلغان.

نەتىجىدە **1934** - يىلى **13** - ئاپرېل خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتىغا سابىت دامموللام، ئەدلىيە مىنىستىرى زېرىپ قارىھاجىم، ھەربىي ئىشلار نازىرى سۇلتانبەگ ۋە ئەمىر ھەزرەتلەرنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن.بۇنى ئالدىن سېزىپ قالغان مۇھەممەتئىمىن بۇغرا سابىت دامموللامغا خوتەنگە كېتىش تەكلىپى بەرگەن. بىراق سابىت دامموللام « بولار ئىش بولدى! ناۋادا بىز قاچساق ھاجىمنىڭ كاللىسى كېتىدۇ. ھاجىم نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇرۇشتا پىشقان بىر غازى. ۋاختى كەلگەندە يەنە قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقالايدۇ. بىز ئوخشىمايمىز، شۇڭا قۇربانلىق بەرمەي بولمايدۇ! سىلى كېتىۋەرسىلە !» دەپ چىرايلىق رەت قىلىدۇ. زېرىپ قارىھاجىم بىلەن سۇلتانبەگمۇ بىللە قېپقالىدۇ. ئەمىر ھەزرەت ئەمدىلا قوشۇنلىرى بىلەن قاغىلىق تەرەپكە چىقىپ كېتىشى بىلەن يەركەندە بىر مەيدان تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى يۈز بېرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، تارىختا تۇنجى قۇرۇلغان تۇنجى مىللىي جۇمھۇرىيىتىمىز جۇمھۇرىيەت رەئىسىنىڭ بۇيرۇقى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىدا مۇنقەرز بولىدۇ.

## 6 - خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى

ستالىن تېخىچە يەركەندىن چارقىلىققىچە بولغان كەڭ زېمىننى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئەسلىدە كەڭسۇغا كېتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان تۇڭگانلارغا شېڭ شىسەينىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەربىي بۇيرۇق بېرىپ، يەركەندىن چىڭخەي چېگرىسىغىچە بولغان بىپايان زېمىننى ئۇلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىدۇ. « بۇنداق قىلىشنىڭ ستالىننىڭ شېڭغا تېخى تولۇق ئىشىنىپ بولالماي، ئۇ ئاسىيلىق قىلغان زامان تۇڭگانلارنى ھەر ۋاقىت شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇشقا سېلىش ئۈچۈن زاپاس ساقلاپ قويغانلىقى، ياكى **1931** - **1934** - يىللاردىكى ئىنقىلابتا ئۇتتۇقلۇق ھاكىمىيەت تەشكىللىگەن خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنى تولۇق تازىلىۋەتمەكچى بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس».

**1934** - يىلى يازدا سوۋېتنىڭ تەقسىماتى بويىچە

خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، شېڭ شىسەي بىلەن بىللە ھوقۇق تۇتىدىغان، ماجۇڭيىڭ سوۋېتكە چىقىپ كېتىدىغان، ماخۇسەن 36 - دىۋىزىيىنى باشلاپ، يەركەن دەرياسىدىن تاكى چارقىلىققىچە بولغان سابىق خوتەن ئىسلام خانلىقى ھۆكۈمىتى تەۋەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، يولۋاس تۇرپان- قۇمۇلنى باشقۇرۇپ، خوجىنىياز ھاجىغا مەدەت بېرىدىغان، مامۇت سىجاڭ خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، يەركەن دەرياسىنىڭ غەربىدىن تاكى ئاتۇشقىچە بولغان پۈتكۈل قەشقەرنى باشقۇرىدىغان، يۈسۈپچان قوماندانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ( باسمىچى) ئەسكەرلەرنى سوۋېت تەرەپ يىغىشتۇرىدىغان بولىدۇ . كېلىشىم بويىچە ، يەركەننى ئىشغال قىلىپ ، قاغىلىقتا خوتەنگە قارشى ئۇرۇشقا تەييار تۇرغان تۇڭگانلار 22 - مايدىن 24 - مايغىچە گۇمىدا خوتەن قوشۇنى بىلەن 48 سائەت ئۇرۇش قىلىپ ، 12 - ئىيۇندىن 14 - ئىيۇنغىچە زاۋىدا يەنە 48 سائەتلىك قاتتىق قارشىلىقنى يېڭىپ ، 22 - ئىيۇنغىچە خوتەن تەۋەسىنى قولىغا ئېلىپ، قاراڭغۇ تاغنى بازا قىلغان م . بۇغراغا قوغلاپ زەربە بېرىپ ، 5 - 18 - 28 - ئىيۇل ئۇدا ئۈچ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ ، خوتەن قالدۇق كۈچلىرىنى ئافغانىستانغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان . شۇنىڭ بىلەن بىر يېرىم يىل ھۆكۈم سۈرگەن خوتەن ئىسلام خانلىقى يىقىلغان .


## 7 - تۇڭگان 36 - دىۋىزىيەسى ۋە ماخۇسەننىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقى

ما جۇڭيىڭنىڭ قارا نىيىتى ۋە قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىنى يەتكىچە ھېس قىلغان ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ. 1934 - يىلى يانۋاردا ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە قىلغان شىددەتلىك ھۇجۇمى چېگرىدىن يوشۇرۇن كىرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ كۈچى بىلەن تارمار قىلىنىدۇ. مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرگە يۈز تۇتقان ماجۇڭيىڭ قالدۇق قوشۇننى باشلاپ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىغا چېكىنىدۇ ھەمدە بارغانلا يېرىدە ئۇيغۇر قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىغا ئوت ئېچىپ، بىگۇناھ خەلقنى قىرغىن قىلىدۇ. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى بىلەن شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنىڭ تاپ بېسىپ قىلغان ھۇجۇملىرىدا جەنۇبتىمۇ پۇت دەسسەپ تۇرالمىغان ماجۇڭيىڭ ئامالسىز 1934 - يىلىنىڭ ئىيۇن ئايلىرىدا بىرقانچە يېقىن ئادەملىرى بىلەن قەشقەردىن يوشۇرۇنچە ئايرىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ما خۇسەننىڭ قوماندانلىقىدا خوتەنگە يۆتكىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاغىلىقنى پاسىل قىلغان ھالدا شەرقتە تاكى چارقىلىققىچە سوزۇلغان خوتەن رايونى ما خۇسەن قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ كونتروللۇقىغا، جەنۇبتا يەركەن، قەشقەردىن تارتىپ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي رايونلىرى شېڭ شىسەينىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ستالىن ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ما خۇسەن قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان قوشۇنلىرىنى خوتەندە ساقلاپ قېلىشىدا مۇنداق ئۈچ خىل سەۋەبنىڭ بولۇشى پەرەز قىلىنماقتا. بىرىنچىدىن، ستالىن گەرچە شېڭ شىسەينى يۆلەپ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تەختىگە چىقارغان ۋە سوۋېتكە مايىل ۋەزىيەتنى ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز دەۋرىدە ياپونىيەدە ھەربىي ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەن شېڭ شىسەيدىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمىغان. ناۋادا شېڭ شىسەي ستالىندىن يۈز ئۆرۈپ گومىنداڭ تەرەپكە مايىل بولۇش ئېھتىمالى كۆرۈلسە ما خۇسەننىڭ خوتەندىكى تۇڭگان ئارمىيەسىنى ئىشقا سېلىپ تاقابىل تۇرۇش پىلانى بولغان. ئىككىنچىدىن، خوجانىياز ھاجىنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوماندانلىقىدا «ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - دىۋىزىيەسى»نامى بىلەن قايتا رەتلىنىپ قەشقەردە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا بۇنىڭدىن شېڭ شىسەيمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئەگەر مەھمۇت مۇھىتى قايتا قوزغىلاڭ قىلىپ قالسا خوتەندىكى ما خۇسەن قىسىملىرى ئارقىلىق تاقابىل تۇرماقچى بولغان. ئۈچىنچىدىن، ئەگەر ياپونىيە ئارمىيىسى لەنجودىن

ئۆتۈپ ئۇيغۇر ئېلىگە كىرىش ئېھتىمالى كۆرۈلسە ما خۇسەن قوشۇنلىرىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا سالماقچى بولغان. ئۇيغۇر تارىخ تەتقىقاتچىسى ھىدېيۇكى ماقالىسىدە ماجۇڭيىڭنىڭ بۇ خىل چۈش خاراكتېرىنى ياپونىيىلىك ھەربىي گېنېرال ئودا نوبۇناگاغا ئوخشايدۇ دەپ تەسۋىرلىگەن.

تارىخچى ھىدېيۇكى ماقالىسىدە خوتەن ئەمىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەققىدە توختىلىپ بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلغان: « تارىخىي مەلۇماتلاردا دېيىلىشىچە، يىپەك يولىدىكى بوستانلىق ئىچىدىكى خوتەندە مۇدەررىس ئۆلىما مۇھەممەتئىمىن بۇغرا باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، قوزغىلاڭ غەلبىگە ئېرىشىپ ،مۇھەممەتئىمىن بۇغرا خوتەندە خوتەن ئىسلام خانلىقى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان.ۋە ئۆزى شۇ خانلىقنىڭ ئەمىرى دەپ تونۇلغان. خوتەن ئىسلام خانلىقى ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن بايراقنى دۆلەت بايرىقى قىلغان. مۇسۇلمانلار كالپىندارىنى قوللانغان.ئۇلار خوتەن چەرچەن،چاقىلىق قاتارلىق جايلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ياپونىيىدە ئانچە تونۇش بولمىغان.لېكىن خوتەن ئەمىرى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بولسا ياپونلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلۇق ئورنىتىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپ ياپونلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان كىشى.شۇڭا ئۇنى ياپون - ئۇيغۇر دوستلۇق تارىخىدا ھەرگىز ئۇنتۇشقا بولمايدۇ.ئۇنى چوقۇم ئەسلەشكە تېگىشلىك شەخس. »




**1** - مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم : مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ، « مەلىك ھەزرەت » دەپ ئاتالغان . بۇ كىشى خوتەن خەلقىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى بولۇپ ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا خوتەندە ئىنقىلاپ قىلغاندا، سابىت داموللامالار بىرلىشىپ بۇ كىشىنى خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلىغان، ھەمدە بۇ كىشى"مەلىك ھەزرەت" دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئىكەن. كېيىنچە ئىنقىلاب مەغلۇب بولۇپ، خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى تۈنگانلارنىڭ قولىدا يىقىلغاندىن كېيىن، **1934**-يىلى خوتەن ئىنقىلابچىلىرى ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. لېكىن مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ئانا ۋەتەندە قېلىپ بېشىغا كېلىدىغانلارنى كۈتۈش قارارىغا كېلىدۇ ۋە ھىجرەت قىلىش پىكرىگە كۆنمەيدۇ." **1949** - يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە ۋاپات بولۇپ، شۇ جايدىكى " بەقى" قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

**2** - مۇھەممەتئىمىن بۇغرا .


ھەممىگە تونۇش بولغان « ئەمىر ھەزرەت »، **1901** - يىلى تۇغۇلۇپ ،خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ،



1934 - يىلى 28 - ئىيۇل ماخۇسەن تەرىپىدىن ئاخىرقى قېتىم مەغلۇپ بولۇپ ، ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن . 1945 - يىلى ئۆكتەبىردە قايتا ۋەتەنگە كېلىپ ، 1949 - يىلى ئۆكتەبىردە قايتا ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن . ئاندىن 1954 - يىلى تۈركىيەگە كېلىپ ، 1965 - يىلى 14 - ئىيۇن ئەنقەرەدە قازا قىلغان .

3 - سابىت داموللام :

خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى « شەيخۇل ئىسلام» ئى ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى باش ۋەكىلى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت ئەربابى. 1933 - يىلى 15 - ئىيۇل يەركەن ۋە خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۇتۇقلۇق ياراشتۇرۇپ، 22 - ئىيۇل قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ ، 12 - نويابىر تۈنجى مىللىي جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇپ چىققان . 1934- يىلى 13 - ئاپرىل تۇتقۇن قىلىنىپ ، 8 - 


سابىت داموللا

ئاۋغۇست شىڭ شىسەيگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن . 1941 - يىلى كۈزدە تۈرمىدە كېسىلى ئېغىرلىشىپ ۋاپات بولغان. ھازىرقى خانتەڭرى جامەسىدە نامىزى ئوقۇلۇپ، ئۈرۈمچى شامالباغ مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. 2008 - يىلى بىر كېچىدىلا بۇ يەردىكى ، تۆمۈر خەلىپە، خوجانىياز ھاجى، ۋە سابىت داموللا قاتارلىق ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىلىرىنى بىر كېچىدىلا باشقا جايغا يۆتكىۋەتكەن .

3 - سۇبىتۇللا مەۋلىۋى : خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قوراللىق قىسىملىرى باش قوماندانى. ئۇ ھىندىستاندا ئوقۇغان، ھەم قەلەمدە ھەم ئەلەمدە يېتىشكەن قابىل زات بولۇپ ، 1933 - يىلى 5 - ئاپرىل ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا قوراللىق قىسىم باش قوماندانى بولغان . شۇ يىلى 7 - ئىيۇن يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ جايدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنى 16 - ئىيۇن تارمار قىلىپ ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان يەركەننى قولغا ئالغان . يەركەن ئۇرۇشى تولىمۇ شىددەتلىك بولغان بولۇپ ، سۇبىتۇللاھ مەۋلىۋىنىڭ دىپلوماتىك تالانتى ئارقىلىق يەركەندىكى ئافغانىستان سودا ئاقساقىلى مۇھەممەد شاھ ئاقساقال قول ئاستىدىكى 150 ئافغان پىدائىينى باشلاپ ئەنگلىيەچە ئاپتومات بىلەن قوراللىنىپ جەڭگە قاتنىشىپ، يەركەننى تېز سۈرئەتتە ئېلىشقا زور تۆھپە كۆرسەتكەن . بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇ شېھىت بولۇپ كەتكەن . سۇبىتۇللاھ مەۋلىۋىنىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى ئېنىق ئەمەس .

ئەينى چاغدا خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى ئىككى مىڭ « دىنىي تالىپ » نى ئاساس قىلغان مىللىي قوشۇن تەشكىللەپ يەركەنگە ئۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بولغان . ئەمما سۇبىتۇللاھ مەۋلىۋى بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ ، پۈتۈن خوتەندىكى « ئوغرى - يانچۇقچى » ، « بەڭگى - هاراقكەش » « لۈكچەك» ، « قاسساپ » ۋە ئۇرۇشقاق جېدەلخورلاردىن تەركىپ تاپقان ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ، خوتەننىڭ سىرتىدىكى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى تۇنجى ئۇرۇشنى ئۇتۇقلۇق قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالغان . دەرۋەقە بۇ قوشۇن يەكەندىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنى سۈر توقاي قىلىپ ، ھەيۋىسى قەشقەرگە يۆر كەتكەن .


4 - « شامەنسۇر- ئابدۇللا » ۋە ئىنىسى « ئەمىر ساھىپ - نۇر ئەھمەد » :

بۇلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىلىرى بولۇپ ، خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى ئۇرۇشلىرىدا زور تۆھپە كۆرسەتكەن. ئۇندىن باشقا بۇگۇر ، ئاقسۇ ۋە قەشقەر تەۋەلىرىدە خوجىنىياز ھاجىنى قوغلاپ كەلگەن تۇڭگان قىسىملىرىغا پارتىزانلىق ھۇجۇمى قىلىپ، يۈرۈش سۈرئىتىنى

ئاستىلاتقان . ئەمما ئۇلار 1934 - يىلى 26 - مارت 40 نەچچە كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن ماجۇڭيىڭ قىسمىلىرى تەرىپىدىن ئاخىرقى بەش يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن يېڭىسار سېپىلى ئىچىدە شېھىت بولغان . ئۇلارنىڭ 4500 ئەسكىرى بار ئىدى . تۇڭگانلار بۇلاردىن ئەڭ قاتتىق زەربە يەپ ئىغىر چىقىم تارتقاچقا ، 1934 - يىلى 14 - ئىيۇندىن 1937 - يىلى سېنتەبىرگىچە خوتەن خەلقىدىن قاتتىق ئۆچ ئېلىپ ، ئۇدا ئۈچ يىل دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقلارنى سادىر قىلغان .



ئەمىر نۇرئەھمەد



ئەمىر ئابدۇللا(شامەنسۇر)


## مەنبەلەر :


مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا - «خوتەن قوزغىلىڭىدىن ئەسلىمە»
مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا - «شەرقىي تۈركىستان تارىخى »

دوكتۇر نەبىجان تۇرسۇن- «ئىككى جۇمھۇرىيەت ۋە ستالىن قىسمىلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرى توغرىلىق ئاكادېمىك ئەسەرلەردىن ئۆزۈندىلەر »

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 17 - سان .
شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 38 - سان .
سېۋىن ھېدىن - «قاچقۇن ماجۇڭيىڭ» ( زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى )
ھاجى ئەكبەر يولۋاس - «تارىخىمىزدىكى سىرلار ۋە ئۇنتۇلغان ئۇلۇغلىرىمىز»





# كىشىلەرنى زورلاپ ئاسسىمىلاتسىيە قىلغىلى بولمايدىغان تۇرۇقلۇق، خىتاي نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا بۇ ئىشقا كىرىشىپ قالدۇ؟

## ئادرىيان زېنز

ئادرىيان زېنزنىڭ 2019 - يىلى 7 – ئاينىڭ 17 – كۈنى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تورىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسى (1) ۋە باشقا ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن تەييارلاندى.

**ئادرىيان زېنز (Adrian Zenz) —— «كوممۇنىزىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار فوندى جەمئىيىتى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى ۋە گېرمانىيەنىڭ كورنتال شەھىرىدىكى «ياۋروپا مەدەنىيەت ۋە ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتى»نىڭ دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى.**

**ئۇنىڭ تەتقىقاتى خىتاينىڭ مىللىي سىياسىتى، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاشكارا خىزمەتچى قوبۇل قىلىشقا مەركەزلەشكەن. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى «يىغىۋېلىش لاگېرلىرى» ھەققىدە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ «تەھدىت ئاستىدىكى تىبەتلەر» (Tibetanness under Threat) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، «ئامدو (تىبەتتىكى بىر ناھىيە)نىڭ خەرىتىسىنى سىزىش: ئۆزگىرىش دىنامىكىسى» (Mapping Amdo: Dynamics of Change) نىڭ تۈزگۈچىلىرىدىن بىرى.**

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈنتۈش – قاماش ھەرىكەتلىرى ھەم كۆلىمى جەھەتتىن، ھەم ئۇنىڭ زىددىيەتلىكلىكى سەۋەبىدىن ئادەتتىكى ھەرىكەت ئەمەس.

شەرقىي تۈركىستاندا، ئەڭ ئاز دېگەندە بىر يېرىم مىليون ئادەم سىياسىي جەھەتتىن «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»غا خالىغانچە قاماپ قويۇلدى. تۇتقۇنلار ئاساسلىقى ئۇيغۇر (بۇلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ)، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر بولۇپ، مەزكۇر «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ كىشىلەرنى دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كەچكۈزۈش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان.

مەن بارغانسېرى ئەڭ دەسلەپكى «شەرقىي تۈركىستاندىكى بازار ۋە ناھىيە ئارىسىدىكى سەۋىيەگە توغرا كېلىدىغان مەمۇرىي بىرلىكلەر ـــ بۇلارنىڭ سانى 1200 گە يېتىدۇ ـــ نىڭ ھەربىرىدە ئاز دېگەندە بىردىن لاگېر بار» دېگەن مۆلچەرىمنى قۇۋۋەتلەيدىغان نۇرغۇن دەلىللەرنى كۆرۈۋاتىمەن ھەم شۇ سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستاندا مىڭدىن ئارتۇق يىغىۋېلىش لاگېرلىرى بارلىقىغا بارغانسېرى جەزم قىلىۋاتىمەن (2).

خىتاي دائىرىلىرى بەزىدە بۇ خىل چوڭ كۆلەملىك تۇتۇش – قاماش ھەرىكەتلىرىنى زوراۋان ئاشقۇنلۇق ئىدىئولوگىيەسىگە قارىتىلغان «قاتتىق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى» دېسە، بەزىدە بۇنى ياخشى نىيەت بىلەن تۈزۈلگەن «كەسپىي تەربىيەلەش پىلانى» دەپ، لاگېرغا قامالغانلارنى «مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار»غا ئوخشىتىۋاتىدۇ.

لېكىن، شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، مەزكۇر مۇئەسسەسەلەر تۈرمىسىمان قاماق لاگېرلىرى بولۇپ، بۇ يەردە سىجىل مېڭە يۇيۇش ۋە خىلمۇخىل پىسخىكىلىق قىيناش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان (بۇ يەردە يەنە جىسمانىي قىيىن – قىستاق ۋە باسقۇنچىلىق قىلمىشلىرى بارلىقىغا ئالاقىدار خەۋەرلەرمۇ مەۋجۇت). بۇ خىل تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىن باشقا، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش خىزمىتى يەنە سىستېمىلىق ھالدا بالىلارنى ئاتا – ئانىسىدىن ئايرىۋېتىشنى (3) ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق بارغانسېرى كۆپلىگەن ياشلارنى يىغىۋېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ خىل مەجبۇرىي ئەمگەكلەردە، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى (يىپىق مۇھىتتا، مەجبۇرىي ھالدا) توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك ۋە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا سېلىنىۋاتىدۇ. خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پاختا ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەت. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ پاختىسىنىڭ 84 پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدۇ. (دېمەك، خىتايدىن چەتئەللەرگە ئېكسپورت قىلىنىۋاتقان توقۇمچىلىق، كىيىم – كېچەك تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ نۇرغۇنى مۇشۇ خىل خورلىغۇچى «ئەمگەك»لەر بىلەن پۈتۈپ چىققان بولۇش ئېھتىماللىقى چوڭ، ت). ئامېرىكا تاموژنىسىنىڭ خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ياكى – ئەمەسلىكىگە جەزم قىلىشى بەسىي مۈشكۈل. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋال پەۋقۇلئاددە ئېغىر. شۇڭا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى، ھېچبولمىسا بىر قىسمىنى بايقۇت قىلىش زۆرۈر ھەم ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتتۇر (4).

گەرچە خىتاي ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ 2013 – يىلى بېيجىڭدا ۋە 2014 – يىلى كۇنمىڭدا قىلغىنىدەك قوراللىق قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى قايتا تەربىيەلەش ھەرىكىتى ئاشقۇنلۇققا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەمەس. چۈنكى، قامالغانلار يالغۇز ياشلارلا بولماستىن ـــ كىشىلەر ياشلارنى ئەڭ ئاسان ئاشقۇنلىشىپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ ـــ ياشانغانلار، ھامىلدار ئاياللار، ئاتېيزىمچىلار ۋە خىرىستىئان مۇرىتلىرىمۇ بار. بۇ يەردە كىشىلەر خىلمۇخىل سەۋەبلەر بىلەن قامىلىدۇ: مەسىلەن، ماشىنىغا مايىنى بەك كۆپ قاچىلاتقان، ئاممىۋى سورۇنلاردا تاماكا چەككىلى ئۇنىمىغان (خىتايلار تاماكا چەكمەسلىكنى دىندارلىق، تەقۋالىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ)، ياكى چەتئەلدىكى تۇغقانلىرىدىن كەلگەن تېلېفوننى ئالغان دېگەندەك. ئىلگىرى بار

كۆچى بىلەن «نەمۇنىلىك خىتاي پۇقراسى» بولۇشقا كۆچىگەن ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئاشۇ تىرىشچانلىقلىرى ئۇلارنى قولغا ئېلىنىشتىن ساقلاپ قالالمىغانىدى.

نېمە ئۈچۈن ساقلاپ قالالمىدى؟ بۇ خىل قاتتىق بېسىملىق ۋاستىلەر قارشىلىق ۋە ئاشقۇنلۇقنى ئەدىۋېتىدىغان تۇرسا، خىتاي ھۆكۈمىتى نېمىشقا يەنە پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى باستۇرماقچى بولىدۇ؟ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ «بىر بەلباغ بىر يول»نى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم خەلقئارالىق پىلانى دەپ قاراۋاتقان شارائىتتا، خىتاي نېمە ئۈچۈن (ئۇيغۇرلارنى بۇ قەدەر قاتتىق باستۇرۇپ) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا رايونلاردىكى مۇسۇلمان ئەللەردىن يىراقلىشىش خەتىرىگە تەۋەككۈل قىلىدۇ؟

چۈنكى، خىتاي كومپارتىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئاسمىلاتسىيە قىلماي تۇرالمايدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ـــ خىتايدىكى باشقا رايونلاردىمۇ ئوخشاش ـــ ئاداققى نىشانى تەلتۆكۈس ئىدىئولوگىيەلىك ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشتۇر. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلۈك تونۇشىنى ئۆزگەرتىشكە چېتىلىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزۈندىن بېرى خىتاي جەمئىيىتىنى تولۇق كونترول قىلالمىسا، ئۇزاق مەزگىللىك مەۋجۇتلۇقىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، قورقۇنچ ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، خىتاي كومپارتىيەسى ھازىر جان – جەھلى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا بىر مەيدان ئاسمىلاتسىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت ئىلگىرى باشقا جايلاردا مەغلۇپ بولغانىدى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نۆۋەتتىكى «قايتا تەربىيەلەش» ھەرىكىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ كۆچەيتىلگەن نۇسخىسىدۇر. مەزكۇر ھەرىكەتمۇ («مەدەنىيەت ئىنقىلابىدەك) باشقا ئىدىئولوگىيە ۋە ئەقىدە سىستېمىلىرىنى يوقىتىش ئارقىلىق ئىدىئولوگىيەنى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئەمما بۇ قېتىمقىسى تېخىمۇ ئىلغار، تېخىمۇ يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ (5). شەرقىي تۈركىستاندا، تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدا، نازارەت قىلىش سىستېمىلىرى ئارقىلىق ياكى ئۆيلەرگىچە بېرىپ توپلانغان، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاقىدار زور مىقداردىكى خۇسۇسىي ئۇچۇرلار ساقچى تەرەپىنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزۈلگەن.

لېكىن، مەزكۇر ھەرىكەتتە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ بىر تەسىرى، يەنى «ئېتىقاد بوشلۇقى» شەكىللەندۈرگەنلىكى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. ھالبۇكى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، خىتاي خىلمۇخىل دىنىي ئويغىنىشلارنى باشتىن كەچۈردى. نۇرغۇن ئۇيغۇر، تىبەت ۋە خىتايلار ئەنئەنىۋى ياكى يېڭى ئېتىقادلارنى بەس – بەستە قوبۇل قىلىشتى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۈگۈنكى ئاسمىلاتسىيە ھەرىكىتى يەنىلا دىننى ھۇجۇم نىشانى قىلغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، دىن بىراۋنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ساداقىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ خىل ساداقەت شۇ كىشىنىڭ دۆلەتكە بولغان ساداقىتى بىلەن توقۇنۇشىدۇ. شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدىئولوگىيە ئاساسى بولغان «ماتېرىيالىزم»نى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

خىتايدىكى دىنىي ئويغىنىش ماركسىزىمنىڭ «ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەبىئىي ھالدا دىنىي ئېتىقادنى يوقىتىدۇ» دېگەن يادرولۇق مۆلچەرىنى تەلتۆكۈس يالغانغا چىقاردى. ئەمەلىيەتتە، بۇ دۆلەتتە (خىتايدا) دىن ئۇلار نامراتلىقتىن قۇتۇلغان چاغلاردا جانلاندى. بايلىقنىڭ كۆپىيىشى چىرىكلىكنىڭ ـــ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چىرىكلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ـــ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قانۇنىيلىقى ۋە ئەخلاقىي مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. خىتاي كومپارتىيەسى ھازىر ئىدىئولوگىيە جەھەتتە قاتمۇقات مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتى دىننى ھۇجۇم نىشانى قىلغاندىن سىرت، مىللەتلەر ۋە تىللارنى ئاسمىلاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. بۇمۇ ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش

ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇۋاتىدۇ. بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە كىرىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي خىتايچە مائارىپنى قوغلاشماقتا. لېكىن، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە مىللىي ۋە دىنىي تونۇشى (بۇ جەرياندا) تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

بۇ يىلنىڭ باشلىرىدا، تىبەتتىكى چارۋىچىلارغا دۆلەتنىڭ تولۇقلىما ياردەم پۇلىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇتخانىلىرىدىكى بۇتلارنىڭ ئورنىغا خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ رەسىمىنى ئېسىشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغان. شۇنىڭغا ئوخشاش، خىتاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى خىرىستىيان كەنت ئاھالىلىرىغىمۇ نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، چوقۇم ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىمىنىڭ ئورنىغا شى جىنپىڭنىڭ رەسىمىنى ئېسىشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغان. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردە دېيىلىشىچە، يەرلىك ئەمەلدارلار شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ خىل ئۇسۇل «(خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ) قەلبىدىكى مۇزنى ئېرىتىۋەتتى ۋە ئۇلارنى دىنغا ئىشىنىشتىن پارتىيەگە ئىشىنىدىغان قىلدى» دېگەن **(6)**.

ئەمما، بۇ راستمۇ؟ مېنىڭ **2006** – يىلدىن **2008** – يىلغىچە چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى خىتايلاشقان تىبەتلەر ئارىسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمغا ئاساسلانغاندا، تېخىمۇ بەك خىتايلىشىپ كەتكەن تىبەتلەرمۇ ئۇلار ئاللىقاچان تاشلىۋەتتى دەپ قارىلىدىغان مىللىي كىملىكىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلىنىشى مۇمكىن ئىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ كۆرۈلۈۋاتقاندەك قىلىدۇ.

مىسالغا ئالساق، بۇلتۇر ئۇيغۇر قىزى مېھرىگۈل تۇرسۇن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئۆزىنىڭ قاماپ قويۇلغان ۋە خىتايچە ئۆگىنىشكە مەجبۇرلانغان كەچمىشىنى سۆزلىگەندە: «مېنىڭ ئۇ يەردىكى كەچمىشلىرىم ماڭا مىللىي كىملىكىمنى تېخىمۇ ياخشى تونۇتتى» دېگەنىدى.

بىر تونۇشۇمنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى بەزى خىتايلار ئۇنىڭغا «ھۆكۈمەت ھازىر يامان غەرىزى يوق ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىمۇ (خىتايلارغا قارشى) ئۆچ - ئاداۋىتى تولۇپ تاشقان قارشى تۇرغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار قويۇپ بېرىلسە، چوقۇم (بىزلەردىن) ئۆچ ئالماي قالمايدۇ» دېگەن.

كارل ماركس ئىلگىرى «كاپىتالىزم ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا ھالاك بولىدۇ» دېگەنىدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭمۇ ئەنە ئاشۇنداق ئىچكى زىددىيەتلىرى بارەدك قىلىدۇ. يەنى، (خىتاي كومپارتىيەسى ئىدىئولوگىيە جەھەتتە تايىنىپ كەلگەن) دىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشنى مەقسەت قىلغان مۇتلەق مەنىدىكى ماتېرىيالىزم كىشىلەرنىڭ دىن ۋە مەدەنىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، خالاس. ھالبۇكى، نۆۋەتتىن ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىش تېپىدىكى ئىدىئولوگىيەنى جان – جەھلى بىلەن تەرغىب قىلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ۋەيران قىلغۇچ تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.


Reference:

(1)
https://www.nytimes.com/2019/07/16/opinion/china-xinjiang-repression-uighurs-minorities-backfire.html

(2)
https://www.rfa.org/english/news/uyghur/zenz-11122019161147.html

(3) http://www.jpolrisk.com/break-their-roots-evidence-for-chinas-parent-child-separation-campaign-in-xinjiang/

(4)
https://www.rfa.org/english/news/uyghur/zenz-11122019161147.html

(5) https://www.hrw.org/video-photos/interactive/2019/05/02/china-how-mass-surveillance-works-xinjiang

(6)
https://www.scmp.com/news/china/policies-politics/article/2119699/praise-xi-jinping-not-jesus-escape-poverty-christian


**ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى**



# ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئىدىئولوگىيە جەھەتتە رىقابەتلىشىۋاتامدۇ؟

ئامېرىكا «ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات مەركىزى» 2019 – يىلى 10 – ئاينىڭ 21 – كۈنى ئۈيۈشتۇرغان «ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئىدىئولوگىيە جەھەتتە رىقابەتلىشىۋاتامدۇ؟» دېگەن تېمىدىكى مۇھاكىمىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى. (CSIS)



**كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى جېسسىكا چېن ۋېيس (Jessica Chen Weiss):**

ئالدى بىلەن، بۇ يەرگە كەلگەن ھەممەيلەنگە تەشەككۈر ئېيتىمەن. بىز بۈگۈن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئامېرىكا – خىتاي ئارىسىدىكى رىقابەتتە، ئىدىئولوگىيەنىڭ سالمىقى زادى قانچىلىك؟ شۇنداقلا ئىدىئولوگىيە ئامېرىكا ـ خىتاي رىقابىتىدىكى قوزغاتقۇچ ئامىلمۇ؟

بۇ يىل يازدا، مەن دۇنيا سىياسىتىنىڭ كېلەچىكى ۋە خىتاينىڭ زورىيىۋاتقان تەسىر كۈچى ھەققىدە «دىكتاتورلۇق ئۈچۈن بىخەتەر دۇنيامۇ؟» دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە يازدىم. نۇرغۇن كىشىلەر خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى دىكتاتورلۇقى ۋە چەت ئەلدىكى زورىيىۋاتقان تەسىر كۈچىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا «خىتاي (ئامېرىكا ئۈچۈن) ھايات – ماماتلىق تەھدىتكە ئايلاندى» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن بولسىمۇ، مەن مەزكۇر ماقالەمدە بۇ خىل يەكۈننى بېيجىڭدىن كېلىۋاتقان خىرىسنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىق

دەپ قارايدىغانلىقىمنى يازغانىدىم. چۈنكى، ھازىر خىتاي ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىكىدەك ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب نەزەرىيەسىنى ياكى بۇرمىلانغان دېموكراتىيە ئەندىزىسىنى ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئورنىغا، دىكتاتۇرلۇق بىلەن دېموكراتىيەنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا، ھەممىدىن ئاۋۋال خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتاينىڭ ھاكىمىيەت تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان دۇنياۋى تەرتىپ بەرپا قىلىشقا كۈچەۋاتىدۇ.

ئەلۋەتتە، خىتاينىڭ ئامېرىكا يېتەكچىلىكىدىكى خەلقئارا تۈزۈلمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدىغان لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى شەكسىز. خىتاي يەنە ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان قىممەت قاراشلىرىغا قارشى چىقتى ۋە باشقا ئىستىبدات ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى، گۈللىنىشىنى تېخىمۇ زور ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. يېقىنقى مەلۇماتلاردىن، خىتاينىڭ قارشى پىكىردىكىلەرنى باستۇرۇش دائىرىسىنىڭ چەت ئەللەرگىچە كېڭەيگەنلىكى، شۇنداقلا بۇنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى ۋە لىبېرال قىممەت قاراشقا تولىمۇ پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى مەلۇم. لېكىن، بۇ رېئاللىقلار خىتاينىڭ دېموكراتىيەگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىستراتېگىيەسى بارلىقىنى كۆرسىتىشتىن بەكرەك، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ۋە خەلقئارادىكى ماددىي مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىستىكىدىن مەنبەلەنگەن. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى (بىز دۇچ كېلىۋاتقان) رېئال خىرسلاردىن بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ نەزىرىمدە، بۇ يېڭى «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» ئەمەس. بۇنىڭدىن سىرت، مېنىڭچە خىتاي بىلەن بولغان رىقابىتىمىزنى ئىدىئولوگىيە رامكىسى ئىچىدە چەكلەپ قويۇش خىتاينىڭ (نۆۋەتتىكى) خەلقئارا تەسىر كۈچىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىنى، يەنى خىتاينىڭ ئىقتىسادى كۈچى ۋە زورىيىۋاتقان پەن – تېخنىكا كۈچىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ.

خىتاينىڭ كۆزىتىش، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش تېخنىكىلىرىنى ئېكسپورت قىلىشى باشقا دىكتاتور دۆلەتلەرنىڭ ۋە دىكتاتورلىشىشى مۇمكىن بولغان دۆلەتلەرنىڭ خىتاينى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز خەلقىنى نازارەت قىلىشىنى ئاسانلاشتۇردى. لېكىن، بۇ يەنىلا خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەرنى ئۆزىگە ئوخشاش قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۇرۇنۇشى ئەمەس.

ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى رىقابەتتە «ئىدىئولوگىيە» تەركىبى بارلىقى ئېنىق، لېكىن مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ خىل «ئىدىئولوگىيە» كۈرىشىنىڭ سالمىقى «يېڭى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» دېيىشكە يەتمەيدۇ. خىتاي ۋە ئۇنىڭ دۇنيانى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ماسلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشىنىڭ ئەركىن، دېموكراتىك قىممەت قاراشلارغا تەھدىت شەكىللەندۈرۈشى قەستەنلىك بولمىسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ ئۆزىنى قوغداش (مۇداپىئە) خاراكتېرىدىكى تىرىشچانلىقلىرى يەنىلا مۇشۇ خىل نەتىجىگە سەۋەب بولدى. شۇ ۋەجىدىن، بىز بىرلىكتە كېڭىشىپ، قايسى خىل ئىشلارنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىلىنغان، بىز (ئامېرىكا) يول قويالايدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى، قايسى خىل ئىشلارنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق ھېسابلىنىدىغان، قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى بەلگىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

يەر شارىدىكى دېموكراتىيەنىڭ چېكىنىش يۈزلىنىشىنى مەنمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، لېكىن مېنىڭچە تەنقىدچىلەر بېيجىڭنىڭ بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولىنى كۆپتۈرۈۋېتىۋاتىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى ئەلۋەتتە دېموكراتىك تۈزۈمدىكى فۇنكسىيە قالايمىقانچىلىقلىرىغا دائىر دەلىل – ئىسپاتلارنى كۆرۈشكە بەك خۇشتار، ئەمما بۇ دېموكراتىيەگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتىن ياكى دىكتاتورلۇقنى ئېكسپورت قىلغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

خۇلاسە، مېنىڭ نەزىرىمدە، خىتاي كومپارتىيەسى ئەركىنلىك ئۆلچەملىرىگە ۋە دېموكراتىيەگە قارشى ئۆزىنى قوغداش تىپىدىكى ئىدىئولوگىيەلىك كۈرەشلەرنى قىلىۋاتىدۇ، بۇنى دۇنيا مىقياسىدىكى دىكتاتورلۇقنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان،

هۆجۇم خاراكتېرلىك ئىدىئولوگىيە كۆرىشى دېيىشكە بولمايدۇ.



دۆلەتلىك ئىستىخبارات ئۇنىۋېرسىتېتى (National Intelligence University) خىتاي تەتقىقاتى فاكۇلتېتىدىن دان توبىن (Dan Tobin):

مېنىڭچە، بىز هازىر خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن خەلقئارا سىستېمىلىق رىقابەت ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. بۇ كۆپ قىرلىق رىقابەت بولسىمۇ، لېكىن مەنچە باشلىنىشىدىلا بۇ رىقابەتنى ئىدىئولوگىيەلىك تىركىشىش دەپ چۈشىنىش ۋە دوكتور ۋايسنىڭ «ئىدىئولوگىيە ئامېرىكا – خىتاي ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ قوزغاتقۇچ ئامىلىمۇ؟» دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابىدىكى بىر ئاجىز نۇقتىنى ئاددىيلا قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، خىتاينىڭ يۈكسىلىۋاتقان بىر كۈچ ئىكەنلىكى بۇ خىل رىقابەتنىڭ سەۋەبچىسى دەپ قارىمايمەن. مەنچە بۇ ئىككى سىستېما (دېموكراتىيە بىلەن دىكتاتۇرلۇق) ئارىسىدىكى ئىدىئولوگىيەلىك تىركىشىش ئامېرىكا - خىتاي رىقابىتىدىكى قوزغاتقۇچ ئامىل، شۇنداقلا ئارىمىزدىكى ئۆزئارا ئىشىنىشمەسلىكنىڭ مەنبەسىدۇر. هىندىستانمۇ ئىلگىرى يۈكسىلىۋاتقان كۈچ ئىدى (ئەمما، ئامېرىكا بىلەن هىندىستان ئارىسىدا بۇنچە زور ئىدىئولوگىيەلىك پەرق بولمىغاچقا، بۇ خىل تىركىشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلمىگەنىدى، ت).

ئۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئىدىئولوگىيەگە، بولۇپمۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ لېنىنىزم ئىدىئولوگىيەسىگە قانداق دىققەت قىلىش توغرىسىدا ئۈچ نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. بۇنداق قىلىش ئامېرىكا – خىتاي رىقابىتىنىڭ ماهىيىتىنى چۈشىنىشتە هەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

ئالدى بىلەن، مەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ لېنىنىزم بىلەن مىللەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنياۋى غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى هەققىدە توختىلىمەن.

ئىككىنچىدىن، مەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ لېنىنىزمچە سىياسەت قارىشىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە خىتاينىڭ ئۆز قەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيادىكى هۆكۈمران كۈچكە ئايلىنالايدىغان - ئايلىنالمايدىغانلىقى هەققىدە توختىلىمەن.

ئۈچىنچىدىن، مەن سوئال – جاۋاب باسقۇچىدا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئوي – خىياللىرىنى توغرا بىلىش ئۈچۈن، خىتاي تەتقىقاتىغا ئالاقىدار كۆنەرتىپلىرىمىزنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكى هەققىدە توختىلىمەن.

هەممىدىن ئاۋۋال، بىز شۇ نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، بىز (خىتاي بىلەن) نوقۇل هالدا، دىكتاتورلۇق بىلەن دېموكراتىيە ئارىسىدىكى كەڭ مەنىدىكى رىقابەتنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدىئولوگىيەسى بىلەن بولغان كونكرېت رىقابەتنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزى ئىدىئولوگىيەسى **1980** – يىللاردىن باشلاپ «خىتايچە ئالاهىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزىم» دەپ ئاتالدى. بۇ يەردە، شۇ نەرسىنى چۈشىنىۋېلىش پەۋقۇلئاددە زۆرۈركى، بۇ (يەنى ئاتالمىش «خىتايچە ئالاهىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزىم») لېنىنىزمنىڭ بىر تۈرىدۇر.

خىتاي كومپارتىيەسى ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىن باشلاپلا «دېموكراتىيە ۋە كاپىتالىزىم خىتاينى قۇتقۇزۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ، لېنىنىزمنى قىبلىنامە قىلغان كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىشلا خىتاينىڭ

چىقىش يولىدۇر» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. خىتايلار يەنە پەقەت كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىلا 1949 – يىلى خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت ئاتا قىلالىغان، سوتسىيالىزىملا خىتاينى قۇتقۇزالايدۇ، سوتسىيالىزىملا خىتاينى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، دېگەن قاراشنى بازارغا سېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا، ماۋ زېدۇڭنىڭ سوتسىيالىزىمنىڭ «ئەۋزەللىك»ىنى (جاھان ئەھلىگە) كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن يۈرگۈزگەن ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى مەغلۇپ بولغان ئاشۇ زۇلمەتلىك مەزگىللەردىمۇ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ مەيداندا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغان. خىتاي كومپارتىيەسىدىكى ئىسلاھاتچىلار (سوتسىيالىزىمدىن، كوممۇنىزىمدىن) باشقا بىر سىستېمىغا ئۆتۈش توغرىسىدا ھەرگىز ئېغىز ئېچىپ قالمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ لېنىنىزمچە سوتسىيالىستىك تۈزۈلمىسىنى «مۇكەممەللەشتۈرۈش»نىڭلا گېپىنى قىلىدۇ. ئەمدىلىكتە، شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي كومپارتىيەسى «خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق دۆلەتلىك ئورنىغا يۈكسەلگەنلىكى سوتسىيالىزىمنىڭ توغرىلىقىنى خەلقئاراغا ئىسپاتلىدى، شۇنداقلا خىتاي (سوتسىيالىزىم ئارقىلىق) غەربنىڭ زامانىۋىلىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئەندىزىسىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان يېڭى ئەندىزىنى بايقىغانلىقى ئۈچۈن (دۇنيا سەھنىسىدە) ئۆزىگە چۇشلۇق رەھبەرلىك ئورنىغا ئېرىشىشى لازىم» دېمەكتە. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قەستى دۇنيانى دىكتاتورلۇققا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان قىلىشلا ئەمەس، ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى تەھدىتكە ۋە تەنقىدكە ئۇچرىمايدىغان دۇنيا بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى قوغداشلا ئەمەس. ئەكسىچە، بېيجىڭنىڭ نىشانى ئۆز تۈزۈلمىسى (سوتسىيالىزىم) نىڭ ئۈتۈقلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ دۇنياۋى رەھبەرگە ئايلىنىشتۇر. (خىتايلار دەپ كېلىۋاتقان) «مىللەتنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشى» كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيادا ئۆزىنىڭ بىر قۇتۇپلۇق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇ بېيجىڭنى مەركەز قىلغان يېڭى دۇنيا تەرتىپى ئورنىتىش دېگەنلىكتۇر. بۇ شى جىنپىڭنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە لېنىنىزمىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تارىخىدا ئوينىغان رولىدىن ئوچۇق بىلىنىشىپ تۇرىدۇ.

نۆۋەتتە، شى جىنپىڭنىڭ نۇتۇقىدىكى ئالاقىدار بۆلەكلەر ۋە شۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن خىتاي تەشۋىقاتلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭنىڭ ئاشكارا سورۇندا خىتاينىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىش غەرىزى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈشى دوكتۇر ۋېيسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى تەتقىقاتچىلارنى ئىشەندۈردى. ئەمما، بېيجىڭنىڭ بۇ خىل ئىنكارى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەرەپتىن ئىشەنچىسىز. بىرى، شى جىنپىڭ بۇ سۆزنى دۇنيادىكى سىياسىي پارتىيەلەر يىغىلغان، خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەندىزىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئېچىلغان يىغىندا قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاينىڭ سوتسىيالىزىمنى ئاساس قىلغان ھالدا «ئىنسانىيەتكە ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇش»تىن ئىبارەت «غايىسى»نى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەنلىكى خىتاينىڭ ئۆز ئەندىزىسىنى ئېكسپورت قىلىش غەرىزى بارلىقىنىڭ مەنتىقىلىق دەلىلىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، شى جىنپىڭنىڭ «بۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، خىتاينى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقئارالىق تەسىر كۈچى نۇقتىسىدىن دۇنيا رەھبىرىگە ئايلاندۇرۇش» ھەققىدە توختىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ لېنىنىزمچە ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ ئابرويى ۋە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۇرۇنۇشىدۇر. ئەلۋەتتە بۇ ئەتىلا ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بېكىتىلگەن نىشان ئەمەس. خىتايلار بۇ نىشاننى نەچچە ئون يىلدا ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىماقتا. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ (يەنى خىتاينىڭ مۇشۇنداق نىشانى بارلىقى) ئۇنىڭ ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىكىدەك زورلۇق كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىنقىلابنى ئېكسپورت قىلىدىغانلىقىدىن ياكى غەربتىكى ھۆكۈمەتلەرنى

ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمما، بۇ خىتاينىڭ نوقۇل ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلەشمەيۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.
بۇ يەردە مەن توختالماقچى بولغان ئىككىنچى نۇقتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەگەر بىز خىتاينىڭ خەلقئارالىق غايىسى (دۇنياغا خوجا بولۇش غايىسى) گە ئالاقىدار بېشارەتلەرنى ئاڭقىرىماقچى بولساق، (ئالدى بىلەن) لېنىنىزم ئىدىئولوگىيەسىنىڭ بىزنىڭ قىممەت قاراشلىرىمىزغا قايسى دەرىجىدە زىت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خەلقئارالىق تەرتىپنى قايتىدىن ئورنىتىش ۋە ئۇنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش غەرىزى بارلىقى شەكسىز. شى جىنپىڭ «خەلقئارالىق تەرتىپكە ئالاقىدار ئۇزاقنى سوزۇلغان كۈرەش» ۋە (يېڭى دۇنيا تەرتىپىدە) «تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كىرگۈزۈش پۇرسىتى»، شۇنداقلا «تور، ئالەم بوشلۇقى، قۇتۇپ رايونى، چوڭقۇر ئوكيان قاتارلىق گۈللىنىۋاتقان ساھەلەردە يېڭى قائىدە – تەرتىپ ئورنىتىش» دېگەنلەرنى تىلغا ئالدى. خىتاي شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئىنسانىيەت ئورتاق ھەمبەھىرلىنىدىغان كېلەچەك» لايىھەسى غەربنى مەركەز قىلغان نۆۋەتتىكى ئەندىزىگە قارىغاندا، دۇنياغا تېخىمۇ بەك تىنچلىق، تەرەققىيات، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بەختەرلىك ئېلىپ كېلىدۇ، دەۋاتىدۇ.
(يۇقىرىقىغا ئوخشاش) سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئارقىلىق ئەمەس، ئىقتىسادىي ئېشىش ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان ئىشنى 1920 – يىللىرى لېنىن ئىجاد قىلغان. (يەنى، خۇلاسىلىگەندە، خىتاي مۇشۇ خىل شەكىلدە غەرب ئىدىئولوگىيەسىنى چۆكۈرۈپ، ئۆزىنىڭكىنى بازارغا سېلىۋاتىدۇ).

توشى يوشخارا (Toshi Yoshihara) — ئىستراتېگىيە ۋە خام چوت مۆلچەرلەش مەركىزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى.

ئامېرىكا – خىتاي رىقابىتىنىڭ «ئىدىئولوگىيە»لىك تەركىبى ھەققىدىكى بەزى ئوي



– پىكىرلىرىمنى بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن خۇشالمەن. مەن ئالدى بىلەن بۇگۈن مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان سوئالغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ، ئاندىن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇراي.
دەرۋەقە، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك رىقابەتنىڭ ئىچىدە ئىدىئولوگىيەلىك تىركىشىش مەۋجۇت. خىتاي كومپارتىيەسى تار مەنىدە ئامېرىكادىن، كەڭ مەنىدە پۈتۈن غەربتىن ئۆزىگە ئىدىئولوگىيەلىك تەھدىت كېلىۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ.
مېنىڭ تۆۋەندە قىلماقچى بولغان سۆزلىرىم ئاساسەن ئىككى يىل ئاۋۋال باشلىغان خىتاينىڭ سىياسىي ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتىمنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئېلىنغان. مەن بۇ تەتقىقاتنى قىلىش جەريانىدا، خىتايلارنىڭ ئاشكارا ئۈچۈر مەنبەلىرى ئارقىلىق بەزى سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپماقچى بولدۇم. شۇنداقلا، تاسادىپىي پۇرسەتتە «خىتاي مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى» تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئاز ساندىكى ئاشكارا ماتېرىياللاردىن بىر قانچىسىگە ئېرىشتىم. بۇ ھەقتە بىر ئازدىن كېيىن توختىلىمەن. مېنىڭچە (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) بۇ ماتېرىياللار بىزنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە (غەربتىن كېلىۋاتقان ئىدىئولوگىيەلىك) تەھدىت

چۈشەنچىسى ھەققىدە بەلگىلىك تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەزكۇر ئورگان (يەنى «خىتاي مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى») نىڭ ماتېرىياللىرىنى نەقىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ھەققىدە سۆزلىتىشنى لايىق تاپتىم. بۇ مەزمۇنلارنى نەقىل قىلىشتىن ئىلگىرى، بىز «مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى»نىڭ قانداق ئورگان ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز زۆرۈر. بۇ ئورگان خىتاي كومپارتىيەسىنى داۋاملىق ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر ئورگاننىڭ ۋەزىپىسى دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكى پارتىيەسىز كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنى پارتىيە بىلەن بىر سەپكە ئەكىلىشتۇر (ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات» تاكتىكىسى دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىن، ت). بۈگۈنكى كۈندە، يەنى شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن بۇيان، مەزكۇر ئورگاننىڭ ئورنى تۇزۇلمە جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خىزمەت دائىرىسى كېڭەيتىلدى، شۇنداقلا مەزكۇر ئورگان بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ كومپارتىيە كادىرلىرىغا بولغان مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدىغان بىر قاتار ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلدى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتايدىكى سىنىپىي تۈزۈم ئەھۋالىغا بولغان مۆلچەرى، ئۇنىڭ مەزكۇر «بىرلىكسەپ بۆلۈمى» نى قايتىدىن جانلاندۇرۇشىدىكى ھالقىلىق سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. گەرچە بۇ (سىنىپىي تۈزۈم) ئاڭلىماققا مودىدىن قالغان كونا ئۇقۇمدەك قىلىسمۇ، لېكىن بۇ خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلىشىدىكى قوراللىرىنىڭ بىرىدۇر. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ۋە دۇنياغا ئېچىۋېتىلىشى يېڭى ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى ۋە يېڭى ئىجتىمائىي كۈچلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۆلەتنى ۋە جەمئىيەتنى چوڭقۇر ئەنسىزلىككە سالدى. جەمئىيەتنىڭ بۇ خىل قاتلاملىشىشى (سىنىپلارغا ئايرىلىشى) ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا بولغان تەلەپنى تېخىمۇ ئاشۇردى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نۇقتىسىدىن، بۇ بارغانسېرى كۆپ خىللىشىۋاتقان، تىزگىنلەش قىيىن بولغان

ئىجتىمائىي تەرتىپكە قارىتا سىياسىي كونتروللۇقنى كۈچەيتىش ئېھتىياجىدىن دېرەك بېرەتتى. مەسىلەن، تەسىر كۈچى بار تور ئەربابلىرى زىيالىيلار سىنىپىغا تەۋە يېڭى ئىجتىمائىي گۇرۇپپا دەپ قارالدى. ئۇلارنىڭ بىلىمى، ھەرىكەتچانلىقى، تەسىر كۈچى ئۇلارنى كۈچلۈك بىر توپقا ئايلاندۇرغانىدى. «خىتاي مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى» نىڭ ماتېرىيالىغا كۆرە، خىتايدا تۆت مىليون تور ئەربابى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن ئەللىك مىڭ نەپەر تور پىكرىي رەھبىرى بار. بۇ (بەش مىڭ ئادەم) نىڭ ئىچىدە يەنە بىر مىليوندىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسى بار تور داڭدارلىرىدىن ئۈچ مىڭى بار. روشەنكى (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نەزىرىدە) بۇ چوقۇم نازارەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر گۇرۇپپىدۇر. لېكىن، بۇ (نازارەت قىلىنىدىغانلارنىڭ) ھەممىسى ئەمەس. خىتايدا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ «سىنىپ» لار بار. بۇ يەردىكى دىققەتنى تارتىدىغان بىر نۇقتا، («بىرلىكسەپ بۆلۈمى» ئېلان قىلغان) بۇ ھۆججەتلەردە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدىئولوگىيە ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سېلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشلار بار. مەزكۇر ھۆججەتلەردە خىتاي كادىرلىرى «بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ئىككىلەمچى خىزمەت دەپ قارىماسلىق» ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلۇپ، بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمەت ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىبرەت سۈپىتىدە مىسالغا ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ ماھىيەتتە ئىدىئولوگىيەلىك سەۋەبلەر ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى، كىشىلەرنىڭ (پارتىيە، سوتسىيالىزىمغا بولغان) ئىشەنچىنىڭ يوقالغانلىقى تۈپ سەۋەب بولغانلىقىنى؛ شۇ ۋەجىدىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇنىڭدىن چوقۇم ئىبرەت ئېلىشى كېرەكلىكىنى قەيت قىلغان. [نەقىل ئاخىرلاشتى].

بۇنى باشقىچىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر پارتىيە ئۆز ئىدىئولوگىيەسىنى كىشىلەرگە قەدەممۇ قەدەم سىڭدۈرۈشتىن ئاجىز كەلسە، كىشىلەر (ئۇنىڭغا بولغان) ئىشەنچىنى يوقىتىدۇ – دە، پارتىيەمۇ ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان ساۋاق

ناھايىتى ئېنىق، يەنى ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى بوشاڭلىق، ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ قېلىش پارتىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئەجەللىك نۇقساندۇر. نۆۋەتتە، (خىتاينىڭ نەزىرىدە) دۆلەت ئىچى ئىدىئولوگىيەسىدىن بەكرەك، سىرتتىن، بولۇپمۇ غەربتىن كېلىۋاتقان ئىدىئولوگىيەلىك تەھدىت ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق خىرىستۇر. بۇ ھەقتە («خىتاي مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى» ئېلان قىلغان) مەلۇم بىر ھۆججەتتە «بۈگۈنكى دۇنيادا ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىس – تۈتەكسىز ئۇرۇش ھەممە يەرنى قاپلىدى» دېيىلگەن [نەقىل ئاخىرلاشتى].

ئۇنداقتا بۇ ئۇرۇش قانداق قىلىنىۋاتىدۇ؟ مەن بۇ ھەقتە («خىتاي مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى» ئېلان قىلغان) يەنە بىر ھۆججەتتىن نەقىل كەلتۈرەي. گەرچە بۇ نەقىل بىرئاز ئۇزۇن بولسىمۇ، ئەمما بۇ (خىتاينىڭ) «سىرتتىن كېلىدىغان ئىدىئولوگىيە تەھدىتى» چۈشەنچىسىنى ناھايىتى ئىخچام ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ ھۆججەتتە شۇنداق دېيىلگەن:

«ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرى دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق بايرىقى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتىنى قاندۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار بەزى دۆلەتلەرگە سىياسىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، شۇ دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنماقتا ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا (شۇ دۆلەتلەردىكى) غەربنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن يول تۇتىدىغان پىرقىلەرنى يۆلىمەكتە. خەلقئارالىق دۈشمەن كۈچلەر ھېچقاچان بىزنى غەربلەشتۈرۈش ۋە پارچىلاش غەرىزىدىن ۋاز كېچىپ باقمىدى. ئۇلار دۆلىتىمىزگە سىڭىپ كىرىشكە ۋە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇلارنىڭ سىڭىپ كىرىش مېتودى كۈنسېرى كۆپ خىللىشىپ، سىڭىپ كىرىش شەكلى بارغانسېرى خۇپىيانىلەشتى. ئۇلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك سىستېمىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن بىھۇدە پالاقلاپ، مىللىتىمىزنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىگە، ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىگە، كۇلتۇر بىخەتەرلىكىگە ۋە ئۇچۇر بىخەتەرلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ» [نەقىل ئاخىرلاشتى].

خىتاينىڭ نەزىرىدىكى «ئامېرىكانىڭ خىتايغا تۇتقان» بۇ خىل مەيدانى، ئامېرىكا - خىتاي ئارىسىدىكى بۇ خىل «مۇناسىۋەت» ئاڭلىماققا ئامېرىكا پۇقرالىرىغا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما، رېئاللىق شۇنداق (يەنى خىتاي بۇ مەسىلىگە مۇشۇنداق قارايدۇ). «مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى» ياۋروپادىكى «رەڭ ئىنقىلابى» (2000 – يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغان بەزى دۆلەتلەردىكى ۋە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قارىتا دۇنيا مىقياسىدىكى تاراتقۇلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇ، ۋىكىپېدىيادىن، ت) نى ۋە «ئەرەب باھارى»نى غەربنىڭ دېموكراتىيە سىستېمىسىنى باشقىلارغا ئېكسپورت قىلىش، زورلاپ تېڭىشنىڭ بالايىئاپىتى دەپ قارايدۇ. «مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى»نىڭ مەلۇم بىر تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلار يەنە «دېموكراتىيە چېكىنىش يولىدا كېتىۋاتىدۇ، تەسىرى تۆۋەنلەۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە تەتبىقلىنىشتا مەغلۇپ بولۇۋاتىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ھۆججىتىدە «(غەربتە ئومۇملاشقان) ئەپلەپ – سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش غەرب سىياسىي سىستېمىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ۋە چەكلىمىلىكلىكىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى» دېيىلگەن. يەنە بىر ماتېرىيالدا «(خىتايدىكى) بىرلىكسەپ مېخانىزمى تېگى – تەكتىدىن ئېيتقاندا غەرب ئەندىزىسىدىن ئەۋزەل، شۇنداقلا خىتاينىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ۋە ئەمەلىي شارائىتىغا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ» دېيىلگەن. «مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى» يەنە غەربتە ئومۇملاشقان قىممەت قاراشلار ۋە ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان دېموكراتىيە دېگەندەك غەربنىڭ ئىدىيەلىرىنى «ئىدىئولوگىيەلىك بۇلغىما» دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىل ئىدىئولوگىيەنى قوبۇل قىلغان ۋە تارقىتىۋاتقان كىشىلەر ياكى سىنىپنى دۆلەت ۋۇجۇدىغا كىرىۋالغان «ۋىرۇس» دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بىر تەتقىقاتىدا، كەڭ

مەنىدىكى خىتاي، يەنى خوڭكوڭ، ماكاۋ (ئاۋمېن) ۋە تەيۋەن خەلقلىرى ئاشۇ خىل «ئىدىئولوگىيەلىك بۇلغىما»نىڭ بۇلغىشىغا ئۇچرىغانلار دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، مەزكۇر ماتېرىيالدا «خوڭكوڭ، ماكاۋ، تەيۋەن ۋە چەتئەلدىكى باشقا ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كاپىتالىستىك مۇھىتتا ئۇزۇن مەزگىل ياشىشى ئۇلارنى غەرب قىممەت قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتتى» دېيىلگەن.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرىغا مۇشۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا قاراش كېرەك. ئۇلار (يەنى چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلار) ئانا ۋەتىنىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ بىلىم كاپىتالىغا ۋەكىللىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربنىڭ خەتەرلىك ئىدىيەلىرىنى خىتايغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن بولغانلىقى ئۈچۈن، (خىتاينىڭ نەزىرىدە) جەمئىيەتنى بۇ خىل ئوي – پىكىرلەرنىڭ خەتىرىدىن ساقلاش زۆرۈرىيىتى بار. بۇنى روياپقا چىقىرىشنىڭ بىر ئۇسۇلى، بۇ خىل ئوي – پىكىردىكى كىشىلەر چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان (تېخى خىتايغا قايتمىغان) ۋاقىتتىلا مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ھەرىكەت قىلىشتۇر. مەنچە بۇ «ياخشى ھۇجۇم ئەڭ ياخشى مۇداپىئەدۇر» دېگەن مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، مەنچە خىتاي كومپارتىيەسى دۇنياغا ئىدىئولوگىيەلىك نۇقتىئىينەزەردىن قارايدۇ. ئۇ غەرب بىلەن ئىدىئولوگىيە جەھەتتە تىركىشىۋاتىمەن دەپ ئويلايدۇ.

ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى

مەنبە:

**https://www.youtube.com/watch?v=AHWWvF5nErw&feature=youtu.be&fbclid=IwAR1KGePFyFYSbN__ifLf6L5W4SdMKMVW0q3-H6xLuCL2fi2hIQuovev2s4k**



# ئادەت ھەققىدە ھېكمەتلەر

ئادەتلەر قائىدە-تۈزۈملەردىنمۇ بىخەتەررەكتۇر. ئادەتلەرنى كۆزىتىپ تۇرۇشىڭىزنىڭ، ياكى ئۇلارنى چىڭ ساقلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. بەلكى، ئادەتلەر سىزنى ساقلايدۇ. (فرانك كرېين)

**1.Habits are safer than rules; you don’t have to watch them. And you don’t have to keep them, either. They keep you. ~ Frank Crane**

ياشلىقتا شەكىللەنگەن ياخشى ئادەت ھەممە نەرسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. (ئارىستوتېل)

**2.Good habits formed at youth make all the difference. ~ Aristotle**

بىر مىخ يەنە بىر مىخقا ئورۇن بوشىتىدۇ. ئادەت ئادەت تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىدۇ. (دېسىدېرۇس ئېراسمۇس)

**3.A nail is driven out by another nail. Habit is overcome by habit. ~ Desiderius Erasmus**

ئادەتلەر ئومۇمەن تاكى كىشىنى ئىنتايىن قاتتىق چىرمىۋېلىپ، كىشى ئۇنى يېڭىشكە ئامالسىز قالمىغۇچە، ھېس قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كىچىك بىلىنىشىدۇ. (سېيمۇئېل جونسون)

**4.The chains of habit are generally too small to be felt until they are too strong to be broken. ~ Samuel Johnson**

ئىنسان ھاياتىنىڭ كېيىنكى يېرىمى پەقەت ۋە پەقەت ئىنسان ھاياتىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئادەتلەر ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. (فېئودور دوستويېۋىسكى)

**5.The second half of a man’s life is made up of nothing but the habits he has acquired during the first half. ~ Feodor Dostoevski**

ساپا ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى ئادەتتۇر. (ئارىستوتېل)

**Quality is not an act, it is a habit. ~ Aristotle**

قوزغىتىش دېگەن سىېنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن نەرسىدۇر. ئادەت بولسا ساڭا (مۇئەييەن ئىشنى) داۋاملاشتۇرغۇزغان نەرسىدۇر. (جىم ريۇن)

**7.Motivation is what gets you started. Habit is what keeps you going. ~ Jim Ryun**

ياخشى ئادەتلەر ئۈچۈن زىيادە ھېرىسمەن بولۇشقا ئەرزىيدۇ. (جون ئىرۋىڭ)

**8.Good habits are worth being fanatical about. ~ John Irving**

ئادەت ئېمپېرىيىسى ھەقىقەتەن تولىمۇ قۇدرەتلىكتۇر. (پيۇبلىليۇس سايرۇس)

**9.Powerful indeed is the empire of habit. ~ Publilius Syrus**

ئادەتنى دېرىزىدىن سىرتقا تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ. (ناچار ئادەتلەرنى) پەلەمپەيدىن باسقۇچمۇ باسقۇچ ھالدا پەسكە چۈشۈرىۋېتىش كېرەك. (مارك تۋېين)

**10.A habit cannot be tossed out the window; it must be coaxed down the stairs a step at a time. ~ Mark Twain**

ناچار ئادەتتىن بۈگۈنلا قول ئۈزۈش، ئەتە قول ئۈزۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ ئاسانراقتۇر. (يىددىش ماقالى)

**11.Bad habits are easier to abandon today than tomorrow. ~ Yiddish Proverb**

يامان ئادەتلەرگە قارىغاندا ياخشى ئادەتلەردىن قول ئۈزۈشنىڭ بەكمۇ ئاسان بولۇشى دۇنيادىكى بەختسىز ئىشلاردىن بىرىدۇر. (سومېرسېت ماۋھام)

**12.The unfortunate thing about this world is that good habits are so much easier to give up than bad ones. ~ Somerset Maugham**

ئادەتلەر زەنجىرى تاكى ئۈزۈلمىگۈدەك دەرىجىدە ئېغىرلاشقانغا قەدەر، ھېس قىلغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە يېنىك بولىدۇ. (ۋارېن بافىت)

**13.Chains of habit are too light to be felt until they are too heavy to be broken. ~ Warren Buffett**

ئۇتۇش ئادەتتۇر. ئەپسۇسكى، ئۇتتۇرۇشمۇ ھەم شۇنداق. (ۋىنس لومباردى)

**14.Winning is a habit. Unfortunately, so is losing. ~ Vince Lombardi**

ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى ئوخشاشتۇر. ئىنسانلارنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرغىنى ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىدۇر. (ئەپلاتون)

**15.Men's natures are alike; it is their habits that separate them. ~ Plato**

ئادەتلەر تانىغا ئوخشايدۇ. بىز ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر تال يىپ ئۆرۈيمىز. ئاقىۋەتتە، ئۇنى ئۈزەلمەس ھالغا كېلىمىز. (ھورېيس مان)

**16.Habit is a cable; we weave a thread each day, and at last we cannot break it. ~ Horace Mann**

كۆپىنچە كىشىلەر ناچار ئادەتلەردىن قۇتۇلۇشقا خۇشتار ئەمەس. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان باھانىلىرى بولۇپ، (ناچار ئادەتلىرى توغرۇلۇق) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا ئوخشاش سۆزلەيدۇ. (كارلوس سانتانا)

**17.Most people don't have that willingness to break bad habits. They have a lot of excuses and they talk like victims. ~ Carlos Santana**

ئۇششاق ئادەتلەرنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسە بارا بارا جىنايەت دەرىجىسىگە يېتىشى مۇمكىن.

**18.Small habits well pursued betimes May reach the dignity of crimes. ~ Hannah More**

ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر سىزنىڭ ئادەتلىرىڭىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ساغلام ئادەت يېتىلدۈرگەن كىشىلەر بىلەن دوستلىشىڭ. (دان بۇتنىر)

**19.The people you surround yourself with influence your behaviors, so choose friends who have healthy habits. ~ Dan Buettner**

يامان ئادەتلەردىن قول ئۈزۈشكە قارىغاندا، ئۇلاردىن ساقلىنىش ئاسانراقتۇر. (بېنجامىن فرانكلىن)

**20.It is easier to prevent bad habits than to break them. ~ Benjamin Franklin**

ئادەتلەر كىشىنىڭ بىردىنبىر تەسەللىي مەنبەسىدۇر. بىز ئۇنىڭسىز ھەتتا ئۆزىمىز كۆنۈپ كەتكەن كۆڭۈلسىز ئىشلارنى قىلىشنىمۇ خالىمايمىز. (گىئوتى)

**21.Habit is a man's sole comfort. We dislike doing without even unpleasant things to which we have become accustomed. ~ Goethe**

ناچار ئادەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، ئۇ ناچار ئادەتنى تاشلىۋېتىشتۇر. (لىۋ ئېيكمەن)

**22.The best way to break a bad habit is to drop it. ~ Leo Aikman**

قورامىغا يەتكەن كىشىلەر ساناقسىز ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئۆزىدىكى ئادەتلەردىن بىخەۋەر بولغان، ھەتتا ھەر قانداق ئادىتى بارلىقىنى ئىنكار قىلغان تەقدىردىمۇ شۇنداق. (جورجېس گاردجىف)

**23.Every grown-up man consists wholly of habits, although he is often unaware of it and even denies having any habits at all. ~ Georges Gurdjieff**

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانى ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نوقۇل ھالدىكى بىلىم، تەپەككۇر كۈچى، شۇنداقلا ئىرادىدىكى ئۈستۈن ئېلېمېنتلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن غىدىقلاشلارغا بولغان ئىنكاسنىڭ مۇقىم ئۇسۇلىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا باغلىق.

**24.In one sense the whole process of development consists of the formation of habits; for knowledge itself, and the powers of thought, as well as the higher elements in the will, all depend upon the establishment of fixed ways of reacting to given stimuli. ~ Edward O. Sisson**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىغان


كرىستوفېر سىمىس ئەپەندى
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ
كېلىۋاتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى ئاۋازى،
ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇق سىياسىتى لايىهەسىنى
(H.R.649 - Uyghur Human Rights Policy Act )
ئوتتۇرىغا قويغۇچى جۇمھۇرىيەتچى پارلامېنت ئەزاسى
كرىستوفېر سىمىس ئەپەندى



# ئۇيغۇرلار

***The Uyghurs***

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن پاجىئە ۋە بالا-قازا شۇ قەدەر چوڭ ئىكەنكى، ئۇنى ھەقىقى بىلگىنىمىزدە ھەممىنى تاشلاپ خىتايغا قارشى بىرلىشەتتۇق.

دۇنيادا بىزگە ئوخشاش بۈيۈك ئەجدادلىرى ۋە شانلىق تارىخى بولغان مىللەتلەر كۆپ ئەمەس.ئۆزىمىزنىڭ شۇ شانلىق تارىخىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىمىزنى، بۇ بۈيۈك مىللەتنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىمىزنى ، بۈگۈنكى بۇ ئۇلۇغ تارىخى كۈرەشنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەنگەن چېغىمىزدا دۇنيادا بىزگە قارشى تۇرالايدىغان ھېچبىر كۈچ بولمايدۇ.